2014-يىل 1-

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

ISSN 1005-0876
02>
9 771005 087006
定价：8.50元

源泉（布拉克）⊙ BULAK



ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

36 - يىل نەشرى    ئومۇمىي 154 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئاتىلار سۆزى ئەقىلنىڭ كۆزى.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

# بۇلاق

2014 ـ يىللىق 1 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

بەڭ ۋە چاغىر ........................................ يۇسۇف ئەمرىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ، تۇرسۇنجان مەخمۇت

ئەبۇ شەھمە قىسسەسى ........................................ ئۆمەر باقى ياركەندىي (25)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

شەيبانىينامە ........................................ مۇھەممەد سالىھ (37)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

قۇش تىلى ۋە «لىسانۇت ـ تەير» ........................................ تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (57)

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى كۆپ بەندلىك شېئىرلار ........................ قۇربانجان ئابدۇقادىر (70)
«قۇتادغۇبىلىك»تا تىلغا ئېلىنغان بۇغراخان كىم؟ ............................ ۋ. بارتولد (77)
ئەزەربەيجانچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئەھمەدجان ئابدۇرەھىم

## بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

ئېلىم ـ بېرىمغا ئائىت بەش پارچە ۋەسىقە ........................................ (84)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئادىلە ئابلىمىت

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئەبۇ سېيت پالۋان (رىۋايەت) ........................................ بوغدا ئابدۇللا (90)
ئىككى چۆچەك ........................................................ (94)
توپلاپ رەتلىگۈچى: توختى ئۇبۇلقاسىم
نۇئمان ۋە گۇلئەنبەر پەرى (چۆچەك) ........................................ (98)
توپلاپ رەتلىگۈچى: راجىم ئابدۇرېشىت
جام ۋە لالەرەخ (چۆچەك) ................................................ (108)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: چىن تۆمۈر باتۇر (رەسسام: مەمەت نەۋبەت)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل
ياردەمچى مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن
كوررېكتورى: ئارزۇگۈل كېرىم
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991



يۈسۈف ئەمىرى

# بەڭ ۋە چاغىر

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف، تۇرسۇنجان مەخمۇت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن مەۋلانا ھەيدەر سەككاكىي، مەۋلانا لۇتفىي، مەۋلانا شەيخزادە ئاتايى، ئابدۇرەھىم ھافىز خارەزمىي، مەۋلانا گەدايى، دۇربېك بەلخىي، ھەيدەر خارەزمىي، خوجەندىي، ئەھمەدىي ۋە سەيدى ئەھمەد مىرزا قاتارلىق مەشھۇر شائىرلار قاتارىدا يۇسۇف ئەمىرىينىڭ نامىنىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز. يۇسۇف ئەمىرى (1433 ـ يىلىغىچە ياشىغان) شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئوغلى بايسۇنغۇرنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ شاھرۇخ بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىغا ئاتاپ يازغان غەزەل ۋە قەسىدىلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. لېكىن، شائىرنىڭ ھاياتىغا ئائىت كۆپ مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، پەقەت ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» بىلەن «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرى، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ «تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا» ناملىق تەزكىرەسى ۋە يەقىنىينىڭ «ئوق ۋە يا» ناملىق مۇنازىرىسىدىن بەزى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز. نەۋايى ئەمىرىينىڭ تۈركىي ئىكەنلىكىنى، تۈركىي شېئىرلىرىنىڭ كۆپ بولسىمۇ، ئەمما شۆھرەت قازىنالمىغانلىقىنى ھەم پارسچە شېئىرلىرىدا شەيخ كەمال خوجەندىيگە ئىزداشلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. لېكىن، مەيلى نەۋايى ياكى دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي بولسۇن، شائىرىمىزنىڭ مۇنازىرە تېمىسىغا بېغىشلانغان «بەڭ① ۋە چاغىر②» ناملىق ئەسىرىنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئېلىشمايدۇ. نەۋايىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى تىلغا ئالمىغانلىقىغا ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن، ئەمما دەۋلەتشاھ ئەمىرىيگە ئائىت مەلۇماتلارنى نەۋايىدىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ مۇنازىرە ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ «بەڭ ۋە چاغىر»دىن خەۋەرسىز قالغان بولسا كېرەك.

نەۋايىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەمىرى تۈركىي بىلەن پارسىيدا شېئىر يازغان شائىردۇر. تۈركىيە ئالىملىرىدىن مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە بىلەن كەمال ئارسلان شائىرىمىزنىڭ ھەتتا پارسچىنى تۈركىيگە قارىغاندا خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغانلىقىنىمۇ تىلغا ئېلىشىدۇ. مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە يۇسۇف ئەمىرى ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئۆگىنىپ مۇنداق خۇلاسىگىمۇ كېلىدۇ: «نەۋايىنىڭ ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇلارنىڭ (تۈركىي شېئىرلىرى ــ نەقىلچىدىن) ئاخىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەنلىكى، ھالبۇكى پارسچە نەزمىلىرىنىڭ يەنىلا لەززەت بىلەن ئوقۇلغانلىقىنى... پارس ئۇسلۇبى بىلەن تۈركىي تىلدا مۇشۇنداق ئەسەر («بەڭ ۋە چاغىر» ــ نەقىلچىدىن) يېزىشتا ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىم مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بۇ شائىرنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشقانلىقى مەلۇم. پارسچە ئەسەرلىرىدە بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ شەيخ كەمال خوجەندىينى تەقلىد قىلغان بۇ شائىرنىڭ تۈركىي تىلدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىمۇ مۇشۇ تەسىردىن باشقا نەرسە كۆزگە چېلىقمايدۇ.» بىزنىڭچە، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شائىرىمىز ئەدەبىياتىمىزدىكى نەۋايىغىچە بولغان مەشھۇر نامايەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر.

① بەڭ ــ تاماكا، نەشە؛ ② چاغىر ــ مەي، ھاراق.

يۈسۈپ ئەمىرىينىڭ تۈركىي ۋە پارسىي شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر دىۋانى، «دەھنامە» ناملىق مەسنەۋىيسى ۋە «بەڭ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇلاردىن «دىۋان»نىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىككى نۇسخىسىنىڭ بىرى (A نۇسخا) ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا T.Y.nr.2850 نومۇرلۇق قول يازمىنىڭ 163b – 283b بەتلىرىدە بولۇپ، دىۋان مۇھەممەد فۇزۇلىينىڭ شېئىرلىرى بىلەن بىرگە تۈپلەنگەن. ئىككىنچى نۇسخىسى (B نۇسخا) يەنە شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۈركچە يازمىلار بۆلۈمىدە 5452 نومۇرلۇق مەجمۇئەنىڭ 353b – 405b بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ ئىككى نۇسخا ئاساسىدا كازىم كۆكتېكىن دىۋاننىڭ ئىلمىي نەشرىنى B نۇسخىنىڭ فاكسىمىلى بىلەن 2007 – يىلى تۈركىيە ئەرزۇرۇمدا نەشر قىلدۇردى. «دەھنامە» بىلەن «بەڭ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسىنىڭ 16 – ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن يېگانە قول يازمىلىرى بىرىتانىيە مۇزېيىدا Add.nr.7914 نومۇرلۇق مەجمۇئەدە ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، 228b – 272a بەتلىرىگە «دەھنامە»، 329b – 337b بەتلىرىگە «بەڭ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسى كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ شۇ نۇسخىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتنى چارلېز رىيۇ ئۆزىنىڭ 1888 – يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان «بىرىتانىيە مۇزېيىدىكى تۈركچە قول يازمىلارنىڭ كاتالوگى» (Catalogue of the Turkish Manuscripts in the British Museum) ناملىق ئەسىرىدە بېرىدۇ. بۇ نۇسخىلار ئاساسىدا ئۆمران سۆمەر 1969 – يىلى ئىستانبۇلدا «دەھنامە»نىڭ لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئوقۇلغۇسىنى مەكتەپ پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسى قىلىپ ئىشلىگەن بولسا، گۆنۈل ئالپاي «بەڭ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسىنىڭ تېكىستىنى ئىزاھلار بىلەن قوشۇپ 1973 – يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇرغان.

يۈسۈپ ئەمىرىي ئىجادىيىتى ۋە ئەسەرلىرى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە چارلېز رىيۇ، ئا. ن. سامايلوۋىچ، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، ئېرگەش رۇستەموف، يانوش ئېكمان، ئۆمران سۆمەر، گۆنۈل ئالپاي، كەمال ئارسلان، كازىم كۆكتېكىن قاتارلىق چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن ياخشى ئۆگىنىلدى ۋە تەتقىق قىلىندى. لېكىن، يۈسۈپ ئەمىرىينىڭ ھەقدار ۋارىسلىرى بولغان بىزلەردە بۇ ئىشلار تېخى قولغا ئېلىنغىنى يوق. بىز بۇ قېتىم، يۈسۈپ ئەمىرىينىڭ مۇنازىرە تېمىسىغا بېغىشلانغان، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «بەڭ ۋە چاغىر» ناملىق ئەسىرىنى بىرىتانىيە مۇزېيىدا 7914 رەقەملىك قول يازمىدا ساقلىنىۋاتقان، جاھان ئىلىم ئەھلىگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بىردىنبىر نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلىغا ئاساسەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئوقۇلغۇلاپ، فاكسىمىلى بىلەن نەشرگە تەييارلىدۇق.

«بەڭ ۋە چاغىر» ناملىق بۇ ئەسەردە ئاپتور بەڭ ۋە چاغىردىن ئىبارەت ئىككى پېرسوناژنىڭ دىيالوگلىرى، بەس – مۇنازىرىسى ئارقىلىق نەشە بىلەن هاراقنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن بايان قىلىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق نەشە چېكىش، هاراق ئىچىشتەك يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەسەر بەلگىلىك تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق. مۇشۇ نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئەسەرنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

ئوقۇلغۇسى: سىپاسۇ ستايىش تەڭرى تەبارەكە ۋە تەئالاغا جەللە جەلالەھۇ ۋە ئەممە نەۋالەھۇكىم، مەرھەمەتى ئادەمغە ئەقىل چىراغىن بەردى. تا زەلالەت قاراڭغۇلۇغىندىن ئەمىن بولغاي. نەئتى نەبىي دۇرۇدۇ سەنا سەييىدى كائىنات ۋە مەفخەرى مەۋجۇدات خاتىمى ئەنبىيا مۇھەممەد مۇستەفاغاكىم، مەھشەر كۈنى ئاياق تۇتقۇچى خەرابىتىيلارغا ئېلىك تۇتقۇچىدۇر. سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە ئەلا ئالىھى ۋە ئەسھابىھى ئەجمەئىن. ئاغازى سۆخەن بىر كۈن ماڭا ئەزىزىيكىم، بەلاغەت مىسرىدا يۈسۈپ مەسەللىك ئەردى ۋە زىھنى ئىئجازى ئىزھارىندا مۇسا سىفەتلىك، مۇتايەبە بابىندا تەكلىف بىلەن تەرغىب قىلدىكىم، فۇرس ئۇسلۇبى بىلەن تۈرك ئەلفازىنى تەركىب ئېتىپ، بەنگ ۋە چاغىر ئاراسىندا مۇنازىرە تەرتىب قىلغىلىكىم، بۇ چاققىچە تەگرۇ ھېچ ئەرسە بۇ تەۋرنىڭ ئۆھدەسىدىن چىقمايتۇرۇر. راستى بۇ خىيال ئەجەب كۆرۈندى ماڭا، ئەمما ناچار بولدى، ياخشى بولغاي


سپاس و ستایش تنکری تبارک وتعالی غه جل جلاله وعم نواله کیم
رحمتی آدم غه عقل چراغین بردی تا ضلالت قرانکغولوغیدین ایمن
بولغای نعت نبی دود و ثنا سید کائنات ومفخر موجودات خاتم انبیا
محمد مصطفی غه کیم محشر کونی ایاق توتوقچی خراباتیلارغه ایلیک توتوقچی
دور صلی الله علیه و علی آله واصحابه اجمعین آغاز سخن بر کون منکا
عزیزی کیم بلاغت مصریدا یوسف مثل لیک ایردی و ذهنی اعجاز اظهاریندا
موسی صفت لیک مطایبه بابیدا تکلیف بیلان ترغیب قیلدی کیم
وفرس اسلوبی بیلان ترک الفاظینی ترکیب ایتیب بنک و چاغر آراسیندا

دېدىم، ئەلمەئمۇرۇ مەئزۇرۇن. بۇ تەرھىنىڭ مىئمارى، بۇ شەكلىنىڭ مۇختەرىئى، بۇ رەسمىنىڭ مۇبتەدىئى، بۇ ھەرفىنىڭ مۇرەككىبى، بۇ لەفزىنىڭ مۇرەتتىبى، بۇ سىرنىڭ ساھىب زەمىرى، يەئنى يۇسۇف ئەمىرىي ئەھسەنەللاھۇ ئەۋاقىبەھۇ، ئانىڭتەك كۆرگۈزۈركىم، بىر كۈن ئەسھاب فۇرقەتىدىن ۋە ئەھباب ھەسرەتىدىن مۇتەفەككىر ۋە مۇتەھەييىر ئولتۇرۇر ئەردىم. ئىچىم بۇشتى، ناگاھ باشىمدا باغ ھەۋاسى تۇشتى، سەير ئېتە چىقتىم. باغ ئىچرە گەشت ئېتىپ يۈرۈر ئەردىم سەبا بىكىن. دېدىمكى، ئۇچرەگەي ماڭا بىر سەرۋ قامەتىي. ناگاھ بىر نەچچە مۇۋافىقى ھەمسۇھبەتىنى كۆردۈمكى، بىر گوشەدە ئولتۇرۇپ ئەردىلەركىم، ئالارنىڭ ئاراسىدا مۇخالىف راست كەلمەس ئېدى. نەزم:


ناظره ترتیب قیلغیل کیم بو حاتق ته تیکرو هیچ ایرسه دیکور
عمدن سیدین جیتیبای تورور رسپتی بو خیال عجب کوروندی منکا
اما ناچار بولدی بخشش بولغای دیدیم المأمور معذور بو طرحنینک
معماری بو شکلنینک مخترعی بو رسمنینک مبتدعی بو حرفنینک
مرکبی بو لفظنینک مرتبی بو سرنینک صاحب ضمیری یعنی یوسف
امیری احسن الله عواقبه انینک تیک کورکوزورکیم بر کون اصحاب
فرقتیدین و احباب حسرتیدین متفکر و متحیر اولتورور ایردیم ایچیم
بوشتی ناکاه باشیمدا باغ هواسی توشتی سیر ایته چیقتیم
باغ ایچرا کشت ایتیب یورور ایردیم صبا بیکین دیدیم کیم اوچراکای منکا بر سرو قامتی
ناکاه بر نیچه موافق هم صحبتینی کوردوم کیم بر کوشه دا اولتوروب ایردیلار
کیم الارنینک اراسیده مخالف راست کیلماس ایدی نظم

ئارادا چەنگ ئېدى ئەگرىيۇ ھەردەم،
ئانى ھەم ئەگرى دەپ ئۈرۈرلار ئەردى.

بارچەلەرى. نەزم:

شىرۇ شەكەرتەك بىرى بىرلەن قەرىن،
ھەمسەبەقۇ ھەمنەفەسۇ ھەمنىشىن.
زەۋقۇ تەماشا بىلە مەجلىس قۇرۇپ،
ئىچكۈگە مەشغۇل ئېدىلەر ئولتۇرۇپ.

ئۆزۈم بىرلە دېدىم، بۇ جەمائەتەكىم، فەيز ئالاردىن خارىجدۇر، ئەگەر ئۆزۈمنى داخىل قىلسام تەرىق تۇتقايلار. ياۋۇقراق باردىم ئەرسە، بەيت:

ئۆترۈ كېلىپ بارچە ئاياق تۇتتىلار،
باش قويۇپ بارچە قۇلاق تۇتتىلار.

ئۆزر قولۇپ دەر خاست قىلدىمكىم، مېنى مەئاف تۇتۇڭ. مۇددەتتى بولدىكى، چاغىرنى قويۇپتۇرمەن. بارىپ بىر كېسەك مەئجۇن كەلتۈردىلەر. ئالدىم، تاشلادىم. بىردەم ئولتۇرۇپ بۇلارنى سىنچىلادىم ئەرسە، نەزم:

بەئزىي شۇكۇفتە خاتىرۇ خۇش ۋەقت گۇل بىكىن،
بەئزىي بىنەفشەدەك سالىبان باشلارىن قۇيى.
بەئزىي گۇلاجە بىرلە ئاۋۇنۇپ ئاچۇق يارۇق،
بەئزىي قاتىپ تاماغى قۇرۇپ ئاغزىدا سۇيى.


ارادە چنک ایدی اکری و هردم :. انی هم اکری دیب اوروزلار ایردی
بارچەلاری نظم شیرو شکر تیک بیری بیرلان قرین
هم سبق و همنفس و همنشین :. ذوق و تماشا بیلا مجلس قوروب
ایچکوکا مشغول ایدیلار اولتوروب :. اوزوم بیرلا دیدیم بو جماعتکا
کیم فیض الاردین خارج دور اکر اوزومنی داخل قیلسام طریق توتغایلار
یاووقراق باردیم ایرسه بیت اوترو کیلیب بارچه ایاق توتتیلار
باش قویوب بارچا قولاق توتتیلار :. عذر قولوب درخواست قیلدیم
کیم منکا معاف توتونک مدتی بولدی که چاغیرنی قویوبتورمین
باریب بر کیسک معجون کیلتوردیلار الدیم تاشلادیم بردم اولتوروب
بولارنی سینچیلادیم ایرسه نظم بعضی شکفته خاطر و خوش وقت کل بیکین
بعضی بنفشه دیک سالیبان باشلارین قویی :. بعضی کلاجه بیرلا اوونوب اچوق یاروق



دېدىم سۇبھانەللاھ، نې ھالدۇر، نەزم:

بۇ كەيفىيەتنى ئەمدى سورسا بولماس،
تەئەممۇل كۆزى بىرلە كۆرسە بولماس.

ناگەھ بىر ياشىل خىرقەلىق سۇفىي ۋە بىر گۈلگۈن تونلۇق يىگىت مۇنازەرە ۋە مۇباھەسەغە مەشغۇل بولدىلار. مەجلىس ئىچىندە ئىككەلەسى ياشىل قىزىل قەۋسۇ قوزەھ بىكىن بىرى بىرىگە قاتە-لىپ ئەردىلەر. ئول سۇفىي سوئال قىلدى يىگىتتىن:

— كىمسەن نە نېمەسەن ۋە ئاتىڭ نەدۇر ۋە خاسىيەتىڭ نە؟

يىگىت جەۋاب بەردىكىم:

— مەن ئۆزۈم نەسلىدۇرمەن، ئۆزۈمنىڭ فەخرى مېنىڭ بىلەندۇر ۋە ماڭا سەرمەستلەر «مەي» ئات قويۇپتۇرلار. ھەرقاچان ئاتىمنى ئايۇرسام يەم بولۇرمەن. زاھىرەن بۇ نازۇكلۇكنى كۆرۈپ ئايتىپتۇرلار، نەزم:

بادە دەرياۋۇ ئەل ئاندىن كېچە ئالماس كېمەتەك،
ئەيب قىلماسمەنكى يوقتۇر ئەلگە دەريادىن گۇزەر.

ۋە بەئزىي مۇنكىرلار مېنى مۇتتەھەم قىلۇرلاركىم، ئەقل جەۋھەرىن زايىل قىلۇر. ھال ئۇلكىم، قە-زىيەئى ئەكستۇر ۋە سەلمان پارسىيدا بۇ دىققەتنى كۆرۈپ، مەمدۇھ سىفەتىدە ئايتىپتۇر، مىسرائ:

دىلى پاكى تۇ دۇررى ئەقل رۇيانەد زى قەلبى يەم.



دۇنيا سۆز جەۋھەرىنىڭ سەررافلارى ۋە لەفز ئەقىقىنىڭ يامان ۋە ياخشىسىن تانىغۇچىلارى مېنىڭ ۋەسفىمدە ئايتىپتۇرلار، بەيت:

قەبا لەئلۇ كەمەر لەئلۇ كولەھ لەئل،
لەبەش ھەم لەئل بىينىي لەئل بەرلەئل.

ۋە رىندلەر مەزھەبىدە مەن ئول مەھبۇبىيدۇرمەنكىم، مېنىڭ ئۈچۈن چەندىن قانلار ئاقىپتۇر ۋە چەندىن جانلار چىقىپتۇر. مېنىڭ مەجلىسىمدە گاھ ئاياق باشقا قويالار ۋە گاھ باش ئاياققا، نەزم:

تۇرۇپتۇرلار ئاياقىم ئۆپمەك ئۈچۈن،
سۇراھىيەتەك بارى بويىنىن ئۆزاتىپ.

ۋە مېنى ھەر كويداكىم، تىلەسەلەر تاپارلار ۋە ئاشىقلار بۇ مە-


هر کیم نینک بیانی سی تولوب تور منینک بیلان اوجاشور اوچاشکاچ
تنک سیز جا بار مین تنکری نکا بو دور دا انجا کوچ و تنور بیریب تور
کیم اکر جاد لار بیر یرکا جیبقه لار مین یوزکا جیقار مین و جکردار ایران
لارایش کونی منینک صفتیم دا اوقوب تور لار بیت
یوزاک سیزنی یوراک بیلکیلار کا قاتغان : ساریق یوزنی قیزیل قیلغان جاغیر دور
و سلمان تاغی منینک زورومنی کوروب ایتیب تور نظم
ز آب سرخ می افتاده است زال خرد : چه جای زال که رستم ببیند از سرخ آب
و منفعت عالمیدا اول خدمتکاری دور مین تا جانیم بار ایلکا بیرور مین
و حق تعالی مینی قرآن دا ذکر قیلیب تور کیم نفع بابیندا آیتی وار دور مین
و هر نیچوک کیم ذکر قیلیب تور اول حرمت منکا ییتار بیت
ای بهات کنامم بزبان تو برآید : یا همچو تو بی را چو منی در نظر آید

ھەلدە ئايتىپتۇرلار، نەزم:

ئەي ۋەلۋەلەئى ئىشقى تۇ بەر ھەر سەرى كۇيى،
رىندانى سەرى كۇيى تۇ مەست ئەز تۇ بەبۇيى.

ۋە زىھنى يۈگۈرۈك شىرىن سۆزلۈكلەر ماڭا «گۇلگۇن» ئات قويۇپتۇرلار. ھەركىمنىڭ پەيمانەسى تولۇپتۇر، مېنىڭ بىلەن ئۇ ـ چەشۇر، ئۇچەشكەچ شەكسىز چاپارمەن. تەڭرى ماڭا بۇ دەۋردە ئانچە كۈچ ۋە تەھەۋۋۇر بېرىپتۇركىم، ئەگەر بەھادۇرلار بىر ـ بىرىگە چىقسالار، مەن يۈزگە چىقارمەن ۋە جىگەردار ئەرەنلەر ئىش كۈنى مېنىڭ سىفاتىمدا ئوقۇپتۇرلار، بەيت:

يۈرەكسىزنى يۈرەكلىكلەرگە قاتغان.
سارىق يۈزنى قىزىل قىلغان چاغىردۇر.

ۋە سەلمان تاغى مېنىڭ زورۇمنى كۆرۈپ ئايتىپتۇر، نەزم:

زى ئابى سۇرخى مەي ئۇفتادە ئەست زالى خىرەد،
چى جايى زال كى رۇستەم بىيەفتەد ئەز سۇرخ ئاب.

ۋە مەنفەئەت ئالەمىندە ئول خىدمەتكارىدۇر مەن تا جانىم بار ئەلگە كۈچ بېرۇرمەن ۋە ھەق تەئالا مېنى «قۇرئان»دا زىكر قىلىپتۇركىم، نەفئ بابىندا ئايەتىيدۇرمەن ۋە ھەر نېچۈككىم، زىكر قىلىپتۇر، ئول ھۆرمەت ماڭا يېتەر، بەيت:

ھەيھاتكى، نامەم بەزەبانى تۇ بەرئايەد،
يا ھەمچۇ تۇيىرا چۇ مەنىي دەر نەزەر ئايەد.

ۋە مېنىڭ خاسىيەتىمنى ئول كىشى بىلۇركىم، ئۆزىنى ھېكـ ـمەت قانۇنىندا بۇئەلىي تۇتار. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، مۇددەتلەر كۆپ ئىچىندە ئەفلاتۇن بىكىن رىيازەت تارتىپتۇرمەن ۋە ھەكىم مۇنى كۆرۈپ ئايتىپتۇر. نەزم:

ئەي دەۋايى نەخۋەتۇ نامۇسى ما،
ئەي تۇ ئەفلاتۇنۇ جالۇنۇسى ما.

ۋە مەن ئەۋباش ئىسلاھى بىلەن ئول ئەللامەئىيدۇرمەنكىم، خەراباتىيلار مېنىڭ قاشىمدا تەجرىد شەرھىن ئوقۇرلار.

چۈن مەبھەس بۇ يەرگە يەتتى، يىگىت ھەم سوردى سۇفىيدىنكىم:


و منینک خاصیتیم نی اول کیشی بیلور کیم اوزینی حکمت قانونین دا
بو علی تو تار انینک اوچون کیم بهت لار کوب ایچیندا افلاطون بیکین یا
ریاضت تارتیب تور مین و حکیم سوزی کوروب ایتیب تور نظم
ای دوای نخوت و ناموس ما : ای تو افلاطون و جالینوس ما
و مین اوباش اصلاحی بیلان اول علامه دور مین کیم خرابانی لار
منینک تماشیدا تجرید شرحین اوقورلار جون مبحث بو یرکا تیکتی
بیکیت هم سوردی صوفیدین کیم سین تاغی کیفیتینک دین شرح بیان
قیلغین و اسرارینکنی ارا قاکیلتور صوفی ئیتدی منینک تور دور یم
درویش لار تکیه سی دور دورولی خرقه اول بر سبزپوش کیم خیاوان
کوچه سیدا اولتورور انینک ایلکیندین کیبیب تور مین و مینی دردمندلار
دارو دیلار وزی دردلار نینک و منینک حقیدا ایتیب تورلار نظم



— سەن تاغى كەيفىيەتىڭدىن شەممەئىي بەيان قىلغىن ۋە ئەسرارىڭنى ئاراغا كەلتۈر. سوفىي تېدى:

— مېنىڭ تۇرۇر يېرىم دەرۋىشلەر تەكيەسىدۇرۇر. ۋەلىي خىرقە ئول پىرى سەبزپۇشكىم، خىياۋان كوچەسىدە ئولتۇرۇر. ئانىڭ ئېلىكىندىن كىيىپتۇرمەن ۋە مېنى دەردمەندلەر دارۇ دەرلەر ۋە بېدەردلەر بەنگ ۋە مېنىڭ ھەققىمدە ئايتىپتۇرلار، نەزم:

سەبزىي كى شىفايى مەردۇمى دىلتەنگەست،
زۇ مەئنەۋىيانرا ئەدەبۇ فەرھەنگەست.
ھەر چەند نەزەر ھەممىي كونەم دەر كارەش.
ئەيبەش بەجۇز ئىن نىستكى نامەش بەنگەست.

ئەجەب ھالەتتۇركىم بەدنامدۇرمەن. باۋۇجۇد ئۇلكى، بەنگ «نىك» تەسھىفىدۇر. يانا مېنىڭ ئەسل ئاتىم كەنەبتۇركىم، ئەل ئانى ئېۋۇرۇپتۇرلار، بەنگ بولۇپتۇرمەن. بەئزىي ئارىفلار «ئەسرار» دەرلەر، ئول سەبەبتىنكىم، ھەركىمنى تۇتسام بىرك تۇتارمەن. مەردانە كىشى كېرەككىم، مېنىڭ بىلەن تۇرۇشقاي، مىسرائ:

مەسەلدۇر ئەل ئارا گۇردىيۇ مەردى.

ۋە مۇباشەرەت بابىندا تەگمە كىشى مېنىڭ يايمىنى تارتا ئالماسكىم، قاتتىق تارتقۇچىدۇرمەن ۋە مۇھكەم ئۇرغۇچى ۋە سۇھبەت مەيدانىندا ئول قادىر ئەندازدۇرمەنكىم، بەندنەفسلەر مېنىڭ سىفەتىمدە ئايتىپتۇرلار، نەزم:



ھەر نېچە كىم بولسا ئۆزۈك ئەيش ئارا،
تۈشمەس ئانىڭ ھېچ كەز ئوقى خەتا .

ۋە مەشھۇردۇركىم، ئۇبەيدى زەكانىي ئايتىپتۇر، ھەر خاتۇن ۋە ئاتۇنىيكىم، ئەللىك ئوغۇل - قىز ئاناسى بولۇپ، يۈز ياشاپ، دۇنيادىن نەقل قىلسا، ئەگەر بەنگىي سۇھبەتىغە مۇشەررەف بولمايدۇر، تەھقىق بىلىڭكىم، دۇنيادىن بىكر بارىپتۇر. لۇتتۇدەك پالان ئۇرۇشتۇرماقلىقدا خۇد نە دەرسەن. پىستەئىي تاشلاغاندىن سوڭرا، ئەگەر قاۋۇندىن تاغ - تاغ بولسا ۋە ئۈزۈمدىن باغ - باغكىم، يۈز ئېۋۇرمەن. ئانداقكىم، بەنگىيلەر ئايتىپتۇرلار، نەزم:

ما كوھى كۇلىيچەرا پەلەنگىم،
ما بەھرى مەھىيچەرا نەھەنگىم.


اغیز تولا مننینک یوزوم کا ابتقای سین مین سینی پخته ساغینور
ایردیم ایدی بو خام خیال نی باشینکدین چیقارغیل یوق ایرسه
انچا یانچا ین سینی کیم دودونک باشینکدین چیقسون تنک
ایشتیکاچ کله خشک لوق بنیاد قیلدی تیدی نی بو لوپ تور
سکا مینی یالماپ یوتقالی تورورسین بو آقسوم لوق نی اوذکا
یرکا ایلتکیم اگر بو کوندین سونکرا اوز ءتینکنی اسرامای حددین
اشورسانک انچاتیپ تورا ین سینی کیم شرانک ایستینکدین اقسون
سینک ارتا تاماشا ارتوق لوغنینک یوقتور ور مرقامدا کیم سینینک
ذکرینک ذکرینک قیلسالار مننینک فکرینی قیلورلار و مرقچان کیم
سینینک حکایتینکنی قیلسالار مننینک رعایتیمنی قیلورلار با وجود اول
کم حافظ شیرازی سینینک مداحینک دور مننینک رعایتیمنی قیلیب تور نظم

ۋە مېنىڭ خاسىيەتىم كۆپتۇر. بەئزىي خۇد مېنى ساڭا تەرجىھ قىلىپتۇرلار، ئانداقكىم، ئايتىپتۇرلار:

ئەقلمي كى زى كەۋنەيىن فۇزۇن مىئايەد،
دەر دەستى مەيى ناب زەبۇن مىئايەد.
ھەم بەنگ كى رەنگى زىندەگانى دارەد،
كەز رەنگى شەراب بۇيى خۇن مىئايەد.

چاغىر ئىشىتكەچ ئاچچىق ئۇستىندىن تېدىكىم:
— ساڭا تېگەرمۇكىم بۇ سۆزنى ئاغىز تولا مېنىڭ يۈزۈمگە ئايتقايسەن. مەن سېنى پۇختە ساغىنۇر ئەردىم. ئەمدى بۇ خام خىيالنى باشىڭدىن چىقارغىل، يوق ئەرسە، ئانچە يانچايىن سېنىكىم، دۇدۇڭ باشىڭدىن چىقسۇن.

بەنگ ئىشىتكەچ كەللە خوشكلۇق بۇنياد قىلدى، تېدى:
— نە بولۇپتۇر ساڭا؟ مېنى يالماپ يۇتقالى تۇرۇرسەن، بۇ ئاقسۇملۇقنى ئۆزگە يەرگە ئىلتكىم، ئەگەر بۇ كۈندىن سوڭرا ئۆز ئىززەتىڭنى ئاسراماي ھەددىن ئاشۇرساڭ، ئانچە تەپتۇرەيىن سېنىكىم، شىرەڭ ئاستىڭدىن ئاقسۇن. سېنىڭ ئارتا تاشا ئارتۇقلۇغىڭ يوقتۇرۇر. ھەر قايداكىم سېنىڭ زىكرىڭ قىلسالار مېنىڭ فىكرىمنى قىلۇرلار ۋە ھەرقاچانكىم سېنىڭ ھىكايەتىڭنى قىلسالار مېنىڭ رىئايەتىمنى قىلۇرلار. باۋۇجۇد ئۇلكى، ھافىز شىرازىي سېنىڭ مەدداھىڭدۇر، مېنىڭ رىئايەتىمنى قىلىپتۇر، نەزم:

باشەد ئەي دىلكى دەرى مەيكەدەھا بىكشايەند،
گىرىھ ئەز كارى فورۇبەستەئى ما بىكشايەند.


باشد ای دل که در میکده ها بکشایند ،، گره از کار فرو بسته ما بکشایند
خسرو دهلوی خود صریح قیلیپ تور بود ،، بی لعل و زمرد نتوان خرم بود
چون لعل نباشد بزمرد سازیم ،، معزز دور هر محفل دا کیم سینی لعل
آتا سالار مینی زمرد اوقورلار و هر پرده دا کیم سینی سو دیسه لار مینی اوت
دیرلار و هر مجلس دا کیم سینی الیاسقا نسبت قیله لار مینی خضر غه تشبیه
قیلورلار و هر مقامدا کیم عاشق لارنینک شکلینکنی معشوق لبی کا سینکرالار
مینینک رنکیمنی محبوب خطی غا اوخشاتورلار سینینک مینیدین عارلانماغینک
نهایت نی معنی دور مین سینی اگرچه یخشی بیلمان ولی یخشی بیلورمین
انداق کیم ایتیب تورلار نظم ای دختر رز تو پارسای مستوری
کس نیست بعالم که ترا ننهاد ،، البته تا سینینک ایاغینکنی کوتارما
گینجا یارانمادی لذت قیلماس لار جا غیر ایشتیکاچ قانی تایاب

خۇسرەۋ دىھلەۋىي خۇد سەرىھ قىلىپتۇرۇر:

بې لەئلۇ زۇمۇررەد نەتەۋان خوررەم بۇد،
چۇن لەئل نەباشەد بەزۇمۇررەد سازىيم.

مۇقەررەردۇر ھەر مەھفىلدەكى، سېنى لەئل ئاتاسالار، مېنى زۇمۇررەد ئوقۇرلار ۋە ھەر پەردەكى، سېنى سۇ دېسەلەر، مېنى ئوت دەرلەر ۋە ھەر مەجلىسدەكى، سېنى ئىلياسقا نىسبەت قىلسالار، مېنى خىزىرغا تەشبىھ قىلۇرلار ۋە ھەر مەقامداكى، ئاشىقلار سېنىڭ شەكلىڭنى مەئشۇق لەبىگە مەڭزەتۇرلەر، مېنىڭ رەڭگىمنى مەھبۇب خەتتىغە ئوخشاتۇرلار. سېنىڭ مەندىن ئارلانماغىڭ بەغايەت بى مەئنىيدۇر. مەن سېنى ئەگەرچە ياخشى بىلمەن، ۋەلې ياخشى بىلۇرمەن. ئانداقكىم، ئايتىپتۇرلار. نەزم:



ئەي دۇختەرى رەز تۇ پارسايى مەفرۇش،
كەس نىست بەئالەم كى تۇرا نەنھادەست.

ئەلبەتتە، تا سىنىڭ ئاياغىڭنى كۆتەرمەگىنچە يارانلار لەززەت قىلماسلار.

چاغىر ئىشتكەچ قانى قايناپ ئىنفىئالدىن قىزارىپ تېدى:

— بۇ نې دەندان زەنلىكتۇر؟! پوست پوشلار قويىندا ئولغايغان، كۆپ زەنەخ ئۇرما ۋە تەڭ تۇركىم، جۇرئەداندىن چىققىنچە سىنى ئەنبان قىلۇرمەن. سەن بىر ئوتسەنكى، مەجمۇئ ئەل سىنىڭ ئىلكىڭدىن كۆيىۋپتۇرلار. ھەر كىمكى، ساڭا ئۆگرەندى ئۆرتەندى. بۇ فەندە سىھر قىلۇرسەنكى، ئادەمىنى بىر دەمدە ئىشەك ئېتەرسەن. فەھمىنىڭ ئاخىر قىلغۇچىسى ۋە ۋەھمىنىڭ زاھىر قىلغۇچىسى، مىسرائ:

كىمكى كۆپرەك يەر سىنى بولۇر ئىشەك.

ئانداقكى، ئايىتىپتۇرلار، نەزم:

ھەر كەسكى ئەلەفۋار خۇرەد خەر گەردەد.

ۋە شەكلىڭ تاغى ئىشەك تېزەكىگە ئوخشار ۋە بارچەدىن نازۇكرەك بۇكىم بۇ كەۋنۇ پاردۇم بىلە تىلەرسەنكىم، بەيت:



تېزەك ياڭلىق قويۇشقۇنغا قىسىلىپ،
قوش ئاتلىغلار بىلە يول تەڭ يورۇسەڭ.

ۋە سەن بەغايەت شوم گىياھىيدۇرسەن، نەزم:

كىشىكىم بىر سىنىڭ يۈزۈڭنى كۆردى،
ئول ئۆزگە ياخشىلىق يۈزىنى كۆرمەس.

ئەي لەۋەندلەر سەرمايەسى ۋە ئەي تەنەندلەر پىرايەسى، ئەي بەدشەكل دىگدانى ۋە ئەي بەدبەخت ئاتەشدانى، چۇستۇ چالاك يەگىتلەرنى كاھىلۇ تەنبەل قىلغانسەن. چەندىن ئادەمىي ۋە ئادەمىيزادەلەرنى قارا يەرگە ياندۇرغانسەن، مىسرائ:

ئىلاھاكى، توخمۇڭ قۇرۇغاي سىنىڭ.

بەنگ ئىشتكەچ تېدى، مىسرائ:

جامی ازو خوردی اگر ست جام جم :. مینی تعرض بیلان تشنیع قیلورسین
کم ایلنی ایلنیک اتیاز سین ایلنی بیلمان باری سینی ایشینک ایته بیلورسین
انینک اوچون کیم سینی خمر دیرلار همین که اورتانینگ یاریب غمر سیمی
نی انچکیدین چیقارسم خر بولورسین و مونیدین ارتوق اق ایورکشم
تر بولورسین جاغیر ایشتیکاچ جوش و خروش اتیب تیدی ای گوکی
کیسیل کورسین بازیلاردا اوز باشینیک بیلان اولغای غان سین
کوب کورمکان و هیچ آدمی سینینک سرو فتنیک غا توشمای دورکیم
سینی خبردار قیلسه بو شاخ ناشکسته لیکینیک دین دورکه سرکیم تیار سینی
جیدا ایغجا یا نجار و سینینک اوچون ایتیب توزلار بیت :.
ای بنگ فور و بخود و فکری کن :. با سر کرسی تو کله خوشکی نما
بنگ ایشتیکاچ بو سوز کونکلیدا توکولوب اوزیدین توکلوب دیدی

ــــ جانا زى جەمالى خش ئاگاھ نەئىي.

غالىبەن ئۇل بىر نەچچە بەيتنى ئېشتمەيدۇرسەنكى، سېنىڭ ھەققىڭدە ئايتىپتۇرلار، قىتئە:

سەرمايەئى فەسادۇ كەلىدى دەرى ستەم،
بىخى دەرەختى فىتنەۋۇ تۇخمى نىھالى غەم.
بۇنيادى ھەر پەلىدىيۇ قانۇنى ھەر بەدىي،
ئەنجامى ھەر شەقاۋەتۇ ئاغازى ھەر نەدەم.
ئەسلى فەسادۇ ئەربەدەۋۇ خەسمى مۇلكۇ مال،
نۇقسانى ئەقلۇ دىنۇ بەلايى زەرۇ دىرەم.
دەر زەرئى شەرئ ئاتەشۇ دەر چەشمى ئەقل خاك،
بادى دىماغى نەخۋەتۇ ئابى رۇخى ستەم.
خەمرى پەلىد دانكى بۇۋەد ئاخىرەش فەساد،
جامىي ئەزۇ چۇ خۇردىي ئەگەر ھەست جامى جەم.

مېنى تەئرىز بىلەن تەشنىئ قىلۇرسەنكى، ئەلنى ئېشەك ئېيتەرسەن.

ــــ ئەلنى بىلمەن، بارىي سېنى ئېشەك ئېيتە بىلۇرمەن. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، سېنى «خەمر» دەرلەر، ھەمىنكى، ئورتاڭ يارىپ زەمرى «مىم»نى ئېچىڭدىن چىقارسام، «خەر» بولۇرسەن ۋە مۇندىن ئارتۇقراق ئېۋۈرۈشسەم تەر بولۇرسەن. چاغىر ئېشىتكەچ جۇشۇ خۇرۇش ئېتىپ تېدى:

ــــ كۆرمەگەن ۋە ھېچ ئادەمىي سېنىڭ سەرۋەقتىڭغە تۇشمەيدۇركىم، سېنى خەبەردار قىلسا، بۇ شاخى ناشكەستەلىكىڭدىندۇركى، ھەر كىم تېپەر سېنى، چىداغىنچە يانچار ۋە سېنىڭ ئۈچۈن ئايتىپتۇرلار، بەيت:

ئەي بەنگى فۇرۇرەۋ بەخۇدۇ فىكرىي كۇن،
با ھەركى رەسمىي تۇ كەللە خۇشكىي مەنماي.

بەنگ ئېشىتكەچ بۇ سۆز كۆڭلىندە تۇگۇلۇپ، ئۆزىندىن تۇڭۇلۇپ دېدى:

ــــ سەن دايىم مېنىڭ مەزەممەتىمغە مەشغۇلسەن ۋە مەزەللەتىمغە مەشئۇف. جەمائەتىكى سېنى ھەلال دەرلەر ھەرام، ئەگەر دىيانەتدىن ئالارغا بۇيى بولغاي ۋە تايىفەئىكى، سېنى مۇباھ دەرلەر، ئەجەب، ئەگەر ئەمانەتدىن ئالارغا رەنگىي بولغاي. سېنى ئېچكەن كىشى مۇدام بەلاۋۇ دام ئاستىدا ۋە مۇھەتەسىب دەستىدە. مېنى يېگەن كىشگە ھېچ نىمە يوق. ھەزل ۋەرەقىن

سین دایم منینک مذمتیم غا مشغول سین و مذلتیم غا مشغوف جامعتی
که سینی حلال دیرلار حرام اگر دیانت دین الارغا بویی بولغای و
طایفه که سینی مباح دیرلار عجب اگر امانت دین الارغا رنگی بولغای
سینی ایچکان کیشی مدام بلا و دوام اسپتیده و محنت سیتده مینی
ییکان کیشیکا هیچ نیمه یوق هزل و دقین اجیب قرنی توق کور گور سینک
باشینگدا اوقور مصراع گر پس مباد زکردار ناصواب خجل :. حال بو تور دور
سین با وجود تلخی منیدین ارتوق تو تار سین تلخ سین بدی اضی بولغین برسر عز
ترازو تیک باش ایندورتیک تو دارغه :. تولون آی کیم کابین قیلسه اظهار
بولور نقصان ایلیکی کاگر قار :. جاغیر ایشتیکاچ سنغیر بولوب تیدی
اگر چه ظاهر دا سیاتیمیز مخالف تورا اما باطن دا حالیتیمیز موافق تورولی
سین فایده و مین فایده منینک خاصیتیم یوزنی قیزارتماق تورور


ونینک عاخشینک سارغاتماق نظم کیما خوانند انان کز خرد بیگانه اند
راست میگوئیند آری چهرهاشان چون زرست ‹› سنک ایشیکا چ متفکر بولوب تیدی
سین منینک خاصیتمدین غافل سین و ماهیتمدین قاصرنی قیلیب تانی
غای سین ونی تیلیب تانغایسین شعر روی زردم رقیب نشناسد
خر چه داند که زعفران چه بود ‹› بو حالتدا بال چاغیرنی سورا
کیلدی کم مشرب ایدی و همدملیک دعوی سین قیلوراردی نظم
چاغیر تیدی مینی سین سورما ای بال ‹› کی ایل اغزیدا توشتوم تنک الملندین
منکا بونینک دایم تیل تیکورور ‹› اولوبتورمن محال ونک الملندین
بالغه کیفیت معلوم بولدی شیرینکارلیق بیلان اراغه کریب اللارنی
بیر بیردین آیردی چاغیر خوش بولوب دعا قیلدیکیم ای بال تنکری
سنکا اوجماق روزی قیلسون وحورنی قصور قوجماق کیم مینی بو

ئاچىپ قارنى توق، كۆلە كۆلە، سېنىڭ بابىڭدا ئوقۇر، مىسراﺋ:

كى كەس مەباد زىكىردارى ناسەۋاب خىجىل.

ھال بۇ تۇرۇر، سەن ئۆزۈڭنى مەندىن ئارتۇق تۇتارسەن، نەزم:

سەن ئەمدى رازى بولغىن سەربەسەرغە،
تەرازۇتەك باش ئىندۇر تىك تۇرارغە .
تولۇنئايكىم كەمالىن قىلسا ئىزھار،
بولۇر نۇقسان ئېلىكىگە گىرىفتار .

چاغىر ئىشتىكەچ مۇتەغەييىر بولۇپ تېدى:
— ئەگەرچە زاھىردا ھەيئەتىمىز مۇخالىفتۇر، ئەمما باتىندا ھالەتىمىز مۇۋاپىقتۇر. ۋەلي سەن قايداۋۇ مەن قاندا؟ مېنىڭ خاسىيەتىم يۈزنى قىزارتماقتۇرۇ ۋە سېنىڭ ئادەتىڭ سارغايتماق. نەزم:

كىمىيا خانەند ئانان كەز خىرەد بېگانە ئەند،
راست مىگۇيەند ئارىي چېھرەھاشان چۇن زەرەست.

بەنگ ئىشتىكەچ مۇتەفەككىر بولۇپ تېدى:
— سەن مېنىڭ خاسىيەتىمدىن غافىلسەن ۋە ماھىيەتىمدىن قاسىر. نە قىلىپ تانغايسەن ۋە نە بىلىپ تانغايسەن، شىئر:

رۇيى زەردەم رەقىب نەشناسەد،
خەر چى دانەد كى زەئفەران چى بۇۋەد.

بۇ ھالەتدە بال چاغىرنى سورا كەلدىكى، ھەم مەشرەب ئېدى ۋە ھەمدەملىك دەئۋاسىن قىلۇر ئەردى، نەزم:

چاغىر تېدى مېنى سەن سورما ئەي بال،
كى ئەل ئاغزىدا تۇشتۇم بەنگ ئېلىندىن.
ماڭا بۇ بەنگ دايىم تىل تېگۈرۇر،
ئۆلۈپتۇرمەن مەھالۇ نەنگ ئېلىندىن .

بالغا كەيفىيەت مەئلۇم بولدى. شىرىنكارلىق بىلەن ئاراغا كىرىپ، ئاللارنى بىر بىردىن ئايىردى. چاغىر خوش بولۇپ دۇئا قىلدىكىم: «ئەي بال تەڭرى ساڭا ئۇجماق رۇزى قىلسۇن ۋە ھۆرنى بېقۇسۇر قۇچماق، كىم مېنى بۇ جىمرىي ئېلىكىدىن قۇتغاردىڭ.»



چۈن سۆز بۇ يەرگە يەتتى، بارچەلەرى سۆھبەت بىساتىن بۇزۇپ، تەفرىقە سەلاتىن ئۇرۇپ تارقادىلار، نەزم:

ئەۋۋەل بارى پەرۋىن بىكىن جەمئ ئېدىلەر بىر گۆشەدە،
ئاخىر بەناتۇن نەئشتەك بىر بىر پەرىشان بولدىلار.

يەشمىسى: ماختاش ۋە مەدھىيەلەر ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان ياراتقۇچىغا بولسۇنكى، ئۇ ئازغۇنلۇق قاراڭغۇلۇقىدىن چىقارغۇچى ئەقىل چىرىغىنى ئىنسانغا مەرھەمەت قىلدى. دۇرۇد ۋە سانا كائىناتنىڭ غوجىسى، مەۋجۇداتنىڭ پەخرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد مۇستافا — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار ئەۋەتكەي — غا بولسۇنكى، ئۇ مەھشەر كۈنى (ئۇممەتلىرىگە) جام تۇتقۇچى ۋە خارابات ئەھلى[①]گە قول ئۇزارتقۇچىدۇر. دۇئا ۋە سالاملار ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە دوست ـ يارانلىرىغا بولسۇن.

سۆز بېشى شۇكى، بىر كۈنى بالاغەت بابىدا يۇسۇفتەك ۋە زېھىن ئۆتكۈرلۈكىدە مۇسادەك بىر ئەزىز ماڭا پارس ئۇسلۇبى بىلەن تۈركىي تىلدا بەك ۋە چاغىر تېمىسىدا بىر مۇنازىرە يېزىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ چاغقا قەدەر ھېچ بىر كىشى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىغانىكەن. بۇ پىكىرنى لايىق كۆردۈم، شۇڭا «ئۆزرە قوبۇل كۆرۈلگۈچىدۇر» دېگەنگە ئاساسەن، كۆڭلۈم يەتمىسىمۇ قىلىپ باقاي دېدىم. بۇ ئىمارەتنىڭ مېمارى، بۇ شەكىلنىڭ ئىختىراچىسى، بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئاساسچىسى، مەزكۇر يازمىنىڭ تۈزگۈچىسى، بۇ سۆزنىڭ تىزغۇچىسى ۋە ئۇشبۇ سىرنىڭ ساھىبى يۇسۇف ئەمىري — ئاللا ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ياخشى قىلغاي — شۇنداق بايان قىلىدۇكى، بىر كۈنى دوستلىرىم جۇدالىقى ۋە يېقىنلىرىم ھىجرانىدىن پىكىر ۋە ھەيرانلىققا چۆكۈپ ئولتۇرغانىدىم، ئىچىم پۇشتى ۋە باغ ھەۋەسى كۆڭلۈمگە چۈشتى. سەيلىگە چىقتىم. باغ ئىچىدە مەيىن شامالدەك ئايلىنىپ يۈرەتتىم، بىر سەرۋ قامەت خىيالىنى سۈرەتتىم، تۇساتتىن بىر نەچچە مۇۋاپىق سۆھبەتداشلارنى كۆردۈم. ئۇلار بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراتتى، ئارىسىدا بەس ـ مۇنازىرە بولۇۋاتاتتى. نەزم:

ئارادا چەنگ ئېدى ئەگرىيۇ ھەردەم،
ئانى ھەم ئەگرى دەپ ئۇرۇرلار ئەردى.

بارچىلىرى، نەزم:

شىرۇ شەكەرتەك بىرى بىرلەن قەرىن[②]،
زەۋقۇ تەماشا بىلە مەجلىس قۇرۇپ.
ھەمسەبەقۇ ھەمنەفەسۇ ھەمنىشىن[③]،

① خارابات ئەھلى — خاراب جايدا تۇرغۇچى، مەيخانە ئەھلى، دەرۋىش؛ ② قەرىن — يېقىن، دوست؛ ③ ھەمنىشىن — ھەمسۆھبەت؛

ئىچكۈگە مەشغۇل ئىدىلەر ئولتۇرۇپ.

ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىمكى: «بۇ جامائەت كۆڭۈل ئازادىلىكىدىن نېرىدۇر، ئەگەر بېرىپ ئولتۇرسام، ئۇلار تارقاپ كېتىشىدۇ.» شۇڭا يېقىنراق بېرىپ تۇردۇم. بېيىت:

ئۇترۇ كېلىپ بارچە ئاياق تۇتتىلار،
باش قويۇپ بارچە قۇلاق تۇتتىلار.

مېنى ئەپۇ قىلىڭلار. خېلى بىر مەزگىل بولدى چاغىر ئىچمىگىلى.
بىر كېسەك مەجۇن كەلتۇردى، ئالدىم ۋە تاشلىدىم. بىردەم ئولتۇرۇپ بۇلارنى كۆزەتتىم. نەزم:

بەئزىي شۇكۇفتە[①] خاتىرۇ خۇش ۋەقت گۇل بىكىن[②]،
بەئزىي بىنەفشەدەك سالىبان باشلارىن قۇيى[③].
بەئزىي گۇلاجە بىرلە ئاۋۇنۇپ ئاچۇق - يارۇق،
بەئزىي قاتىپ تاماغى قۇرۇپ ئاغزىدا سۇيى.

سۇبهانالاللا، نېمە هالدۇر بۇ، دېدىم. نەزم:

بۇ كەيفىيەتنى ئەمدى سورسا بولماس،
تەئەممۇل[④] كۆزى بىرلە كۆرسە بولماس.

تۇيۇقسىز بىر يېشىل جەندىلىك سوپى بىلەن قىزىل تونلۇق بىر يىگىت بەس - مۇنازىرىنى باشلىدى. مەجلىستە ئىككىسى خۇددى ھەسەن - ھۈسەندەك بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىشتى. سوپى يىگىتتىن:
— كىم سەن، ئېتىڭ نېمە، خاسىيىتىڭچۇ؟ — دەپ سوئال سورىدى. يىگىت جاۋاب بەردىكى:
— ئۆزۈم نەسلىدىنمەن، ئۆزۈمنىڭ پەخرىدۇرمەن، مەيپەرەستلەر ماڭا «مەي» دەپ ئات قويۇشتى. ھەر قاچان ئىسمىمنى ئېيتسا، يەم بولمەن. شەكلەن بۇ نازۇكلۇقنى كۆرۈپ ئېيتىپتۇكى، نەزم:

بادە دەرياۋۇ ئەل ئاندىن كېچە ئالماس كېمەتەك،
ئەيب قىلماسمەنكى، يوقتۇر ئەلگە[⑤] دەريادىن گۇزەر[⑥].

بەزى مۇنكىر[⑦]لار ماڭا «ئەقىل جەۋھىرىنى يوقاتقۇچى» دەپ تۆھمەت قىلىشىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە، سەلمان[⑧] پارسلاردىكى بۇ پىكىرنى كۆرۈپ، مەدھىيە سۆپىتىدە مۇنداق ئېيتقان، مىسرا:

دىلى پاكى تۇ دۇررى ئەقل رۇيانەد زى قەلبى يەم.

---

① شۇكۇفتە — ئېچىلغان؛ ② بىكىن — دەك، تەك، كەبى؛ ③ قۇيى — تۆۋەن، پەس؛ ④ تەئەممۇل — چوڭقۇر ئويلىنىش، مۇلاھىزە قىلىش؛ ⑤ قول يازمىدا «يوقتۇر» بىلەن «ئەلگە» سۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئارتۇقچە بىر ئەلىف(ا) يېزىلىپ قالغان؛ ⑥ گۇزەر — كېچىش، قېچىش؛ ⑦ مۇنكىر — ئىنكار قىلغۇچى، تانغۇچى؛ ⑧ سەلمان — 14 - ئەسىردە ئۆتكەن پارس - تاجىك شائىرى سەلمان ساۋەجىي.

(مەنىسى: سېنىڭ پاك دىلىڭ دېڭىز قەلبىدە ئەقىل دۇررىنى ئۆستۈرىدۇ.)

دۇنيا سۆز جەۋھىرىنىڭ ناتىقلىرى ۋە تىل گۆھىرىنىڭ ياخشى - يامىنىنى بىلگۈچىلىرى مېنىڭ ھەققىمدە مۇنداق دېيىشكەن، بېيىت:

قەبا لەئلۇ كەمەر لەئلۇ كۇلەھ لەئل،
لەبىش ھەم لەئل بىينىي لەئل بەرلەئل.

(مەنىسى: كىيىمى لەئل(قىزىل)، كەمىرى لەئل، كۇلاھى لەئل، لەۋلىرى لەئل، بۇرنى ھەم لەئل.)

بۇزۇقلار گۇرۇھىدا مەن شۇنداق سۆيۈملۈكتۇرمەنكى، مېنىڭ ئۈچۈن كۆپلىرى قانلار تۆكسە، يەنە بىر قىسمى بىر - بىرسىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ. مەن بار سورۇندا كىشىلەر گاھى ئاياغنى باشقا، گاھى باشنى ئاياغقا قويۇشىدۇ. نەزم:

تورۇپتۇرلار ئاياقىم ئۆپمەك[1] ئۈچۈن،
سۇراھىي[2]نەك بارى بوينىن ئۇزاتىپ.

مېنى قايسى شەكىلدە ئىستىسە، شۇ شەكىلدە تېپىشىدۇ. ئاشىقلار بۇ ھەقتە مۇنداق ئېيتىپتۇرلار، نەزم:

ئەي ۋەلۋەلەئى ئىشقى تۇ بەر ھەر سەرى كۇيى،
رىندانى سەرى كۇيى تۇ مەست ئەز تۇ بەبۇيى.

(مەنىسى: ئەي ئىشقىڭ ھەممە يەرگە تارالغان، كويۇڭدا يۈرگەن مەيپەرەسلەر پەقەت سەندىن كەلگەن ھىد- دىن مەست بولىدۇ.)

زېھنى ئۆتكۈر شېرىن سۆزلۈكلەر ماڭا «گۈلگۈن» دەپ ئات قويۇشقان. كىمنىڭ پەيمانىسى توشسا، مەن بىلەن ئۆچەكىشىدۇ. ئۆچەكەشسە، شەكسىزكى، چاپىمەن. تەڭرى بۇ چاغدا ماڭا شۇنچىلىك كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇكى، بىر باھادىر بىرگە تېتىسا، مەن يۈزگە تېتىيمەن ۋە جەڭگىۋارلىك ئەرلەر ئىش كۈنى مېنىڭ ھەققىمدە مۇنداق دېيىشىدۇ، بېيىت:

يۈرەكسىزنى يۈرەكلىكلەرگە قاتغان،
سارىق يۈزنى قىزىل قىلغان چاغىردۇر.

سەلمان مېنىڭ كۈچۈمنى كۆرۈپ يەنە مۇنداق ئېيتقان، نەزم:

زى ئابى سۇرخى مەي ئۇفتادە ئەست زالى خىرەد،
چى جايى زال كى رۇستەم بىيەفتەد ئەز سۇرخ ئاب.

(مەنىسى: مېنىڭ قىزىل سۈيى ئەقىل مەككارىنى يىقىتىدۇ، ئۇ مەككار قېرى تۇرماق، رۇستەمنىمۇ يىقىتىدۇ.)

---

[1] ئۆپمەك ــ سۆيمەك؛ [2] سۇراھىي ــ مەي قويۇلىدىغان ئۇزۇن بويۇنلۇق قاچا، قەدەھ، جام.

مەنپەئەت ئالىمىدا شۇنداق خىزمەتكارمەنكى، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ئەلگە كۈچ بېرىمەن. ھەقتائالا مېنى «قۇرئان»دا زىكىر قىلدى. مەنپەئەت بابىدا ئايەتتە زىكىر قىلىنغانمەن. بۇ ھۆرمەت مەن ئۈچۈن يېتەرلىك. بېيىت:

ھەيھاتكى، نامەم بەزەبانى تۇ بەرئايەد،
يا ھەمچۇ تۇيىرا چۇ مەنىي دەر نەزەر ئايەد.

(مەنىسى: نامىمنىڭ تىلىڭغا چىقىشىدىن ئۈمىدىم يوق، مېنى ئۆزۈڭدەك بىلىشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس.)

ھېكمەت قانۇنىدا ئۆزىنى بۇئەلىي[1] دەپ بىلىدىغان كىشىلا مېنىڭ خاسىيىتىمنى بىلىدۇ، بىر مۇددەت كۆپ ئىچىدە ئەپلاتوندەك رىيازەت تارتىپتىمەن ۋە ھەكىم[2] بۇنى كۆرۈپ مۇنداق ئېيتىپتۇر، نەزم:

ئەي دەۋايى نەخۋەتۇ نامۇسى ما،
ئەي تۇ ئەفلاتۇنۇ جالۇنۇسى ما.

(مەنىسى: ئەي بىزنىڭ ۋىجدانىمىز، نومۇسۇمىزغا داۋا، ئەي سەن بىزنىڭ پىلاتونىمىز ھەم جالۇنۇسىمىز!)

مەن بەتقىلىقلارنى تۈزەشتە شۇنداق ئەللامەدۇرمەنكى، خارابات ئەھلى مېنىڭ قېشىمدا زاھىتلىق شەرھىنى ئوقۇيدۇ.

مۇنازىرە شۇ يەرگە يەتكەندە، يىگىت سوپىدىن سورىدىكى:

— ئەمدى سەنمۇ ئۆز ئەھۋالىڭدىن ئازراق بايان قىلغىن ۋە سىرلىرىڭنى ئايان قىلغىن.

سوپى جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ جايىم دەرۋىشلەر تەكىيسىدۇر. مەن خىرقەمنى گۈزەللىك كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق يېشىل تونلۇق پىرنىڭ قولىدىن كەيگەنمەن. مېنى دەردمەنلەر «دورا» دېيىشىدۇ، دەردسىزلەر «بەڭ» دەپ ئاتىشىدۇ ۋە مېنىڭ ھەققىمدە مۇنداق دەپتۇرلار، نەزم:

سەبزىي كى شىفايى مەردۇمى دىلتەنگەست،
زۇ مەئنەۋىيانرا ئەدەبۇ فەرھەنگەست.
ھەر چەند نەزەر ھەممي كۇنەم دەر كارەش،
ئەيبەش بەجۇز ئىن نىستكى نامەش بەنگەست.

(مەنىسى: غەمكىن، پەرىشان كىشىلەر دەردىگە يېشىل ئوت شىپادۇركى، ئۇنىڭدىن مەنە ئەھلىلىرى ئەدەپ ۋە ئىلىم ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ قىلمىشىغا قانچىلىك قارىساقمۇ، ئۇنىڭ «نەشە» دەپ ئاتىلىشىدىن باشقا ھېچ قانداق ئەيىبى يوق.)

— ئەجەب ئىشكى، نامىم سەتتۇر. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، «بەڭ» دېگەن سۆز «نىك»[3]نىڭ خاتا يېزىلىشىدۇر[6]. مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم «كەنەب»[5] تۇر. كىشىلەر ئۇنى ئۆرۈپ «بەڭ» قىلىپ قويۇپتۇ[6]. بەزى ئارىپلار مېنى «سىر» دېيىشىدۇ، سەۋەبى ھەر كىمنى تۇتسام بەك تۇتىمەن. شۇڭا، مېنىڭ بىلەن

① بۇئەلىي — 11 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم ئەبۇ ئەلىي ئىبىن سىنا؛ ② ھەكىم — جەلالىددىن رۇمىينى كۆرسىتىدۇ.③ نىك — ياخشى؛ ④ ئەرەب يېزىقىدا «بەڭ» سۆزى «بنك» شەكلىدە، «نىك» سۆزى «نيك» شەكلىدە يېزىلىدىغان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئىملاسىنىڭ يېقىنلىقىدىن بۇ يەردە سۆز ئويۇنى قىلىنىۋاتىدۇ؛ ⑤ كەنەب — كەندىر؛ ⑥ ئەرەب يېزىقىدا «كەنەب» سۆزى «كنب» شەكلىدە يېزىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى كەينىدىن ئالدىغا يازساق، «بەڭ» (بنك) سۆزى بولىدۇ؛

تۇرۇشىدىغانغا مەردانە كىشى كېرەك. مىسرا:

مەسەلدۇر ئەل ئارا گۇردىيۇ مەردى[1].

— باشقۇرۇش بابىدا ھەر قانداق كىشى مېنىڭ يايىمنى تارتالمايدۇكى، مەن قاتتىق تارتقۇچمەن ۋە بەك چىڭ ئۇرغۇچمەن. سۆھبەت مەيدانىدا شۇنچىلىك كۈچلۈكمەنكى، نەپسى بالالار مېنىڭ ھەققىمدە مۇنداق ئېيتىپتۇرلار، نەزم:

ھەر نېچە كىم بولسا ئۇزۇك ئەيش ئارا،
تۇشمەس ئانىڭ ھېچ كەز ئوقى خەتا.

ئۇبەيد زەكانىي[2] مۇنداق مەشھۇر سۆزنى ئېيتقان، ھەر قانداق خوتۇن ئەللىك ئوغۇل - قىزنىڭ ئانىسى بولۇپ، يۈز يىل ياشاپ دۇنيادىن كەتسە، ئەگەر بەڭ سۆھبەتكە مۇشەررەپ بولمىسا، جەزمەنكى، جەھاندىن قىز قايتىدۇ. لۇتتەك پۇت ئۇرۇشتۇرۇشقا نېمە دەيسەن؟ پىستە تاشلىغاندىن كېيىن، ئەگەر دۆۋە - دۆۋە قوغۇن بولسا ۋە باغ - باغ ئۈزۈملەر بولسىمۇ يۈز ئۆرۈمەيمەن. بەڭگىلەر مۇنداق ئېيتىپتۇرلار، نەزم:

ما كوھى كۆلىچەرا پەلەنگىم،
ما بەھرى مەھىيچەرا نەھەنگىم.

(مەنىسى: بىز كۆلچە (يۇمىلاق نان)لەر تېغىنىڭ قاپلىنىمىز، بېلىقچىلار دېڭىزىدا ئەڭ چوڭ بېلىقمىز.)

مېنىڭ خاسىيىتىم كۆپتۇر، لېكىن بەزىلەر ئۆزىچە مېنى ساڭا ياندىپتۇ ۋە مۇنداق دېيىشىپتۇ:

ئەقلىي كى زى كەۋنەين فۇزۇن مىئايەد،
دەر دەستى مەيى ناب زەبۇن مىئايەد.
ھەم بەنگ كى رەنگى زىندەگانى دارەد،
كەز رەنگى شەراب بۇيى خۇن مىئايەد.

(مەنىسى: ئىككى دۇنيادا زىيادە بولغان ئەقىل ئۈزۈمدىن ياسالغان مەي ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەي قالىدۇ. ئەگەر نەشىدە تىرىكلىك رەڭگى بولسا، شاراب رەڭگىدىن قان ھىدى كېلىدۇ.)

چاغىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچچىقلاپ مۇنداق دېدى:

— بۇ سۆزنى يۈزۈمگە تولا سالدىڭ. سېنى ئىنتايىن سېغىنغانىدىم، ئەمدى بۇ خام خىيالىڭنى قوي. بولمىسا شۇنداق يانچىمەنكى، تۈتۈنۈڭ بېشىڭدىن چىقىدۇ.

بەڭ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟! مېنى يالماپ يۇتقىلى تۇردۇڭغۇ؟! بۇ نوچىلىقىڭنى يەرگە ئۇرىمەن! ئەگەر بۇگۈندىن باشلاپ ئىززىتىڭنى بىلمەي ھەددىڭدىن ئاشساڭ، سېنى شۇنداق تەپتۈرىمەنكى، شالۋۇقىڭ ئاستىڭدىن ئاقىدۇ! سېنىڭ ئالاھىدە يېرىڭ يوق، ھەر يەردە سېنىڭ زىكرىڭ بولسا، مېنىڭ پىكرىم بولىدۇ.

① گۇردىيۇ مەردى — پالۋان، قەھرىمان؛ ② ئۇبەيد زەكانىي — 14 - ئەسىردە ئۆتكەن پارس - تاجىك شائىرى.

ھەر قاچان سىنىڭ ھېكايىتىڭنى سۆزلىسە، مېنىڭ ئەمەلىيىتىمنى قىلىدۇ. ئەمەلىيەت شۇكى، سىنىڭ مەدداھىڭ ھافىز شىرازىي[①] مېنى ئەمىلىدە قىلغۇچىدۇر، نەزم:

باشەد، ئەي دىلكى، دەرى مەيكەدەھا بىكشايەند،
گىرىھ ئەز كارى فۇرۇبەستەئى ما بىكشايەند.

(مەنىسى: ئەي كۆڭۈل، مەيخانىلەر ئىشىكىنى ئاچسا ئىدى، يۇرۇشمەي قالغان ئىشىمىزنىڭ تۈگۈنى مەيخانىلەر - دە يېشىلەر ئىدى.)

خۇسرەۋ دېھلەۋىي[②] ئۆزى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن:

بى لەئلۇ زۇمۇررەد نەتەۋان خۇررەم بۇد،
چۇن لەئل نەباشەد بەزۇمۇررەد سازىيم.

(مەنىسى: لەئل (قىزىل ياقۇت)سىز، زۇمرەتسىز خۇشال بولغىلى بولمايدۇ؛ ئەگەر لەئل بولمىسا، زۇمرەت بىلەن كۆڭۈل ئاچايلى.)

ئېنىقكى، ھەرقانداق بەزمىدە سېنى لەئل دېسە، مېنى زۇمرەت دەيدۇ؛ ھەر قانداق يەردە سېنى سۇ دېسە، مېنى ئوت دەيدۇ؛ ھەر قانداق مەجلىستە سېنى ئىلياسقا ئوخشاتسا، مېنى خىزىرغا ئوخشىتىدۇ ۋە ھەر جايدا ئاشىقلار سىنىڭ شەكلىڭنى مەشۇق لېۋىگە ئوخشاتسا، مېنىڭ رەڭگىمنى مەھبۇبنىڭ خەت تارتقان يۇرۇتىغا ئوخشىتىدۇ. سىنىڭ مېنى نومۇس بىلىشىڭ تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر. مەن سېنى تولىمۇ ياخشى بىلىمەن. نەزم:

ئەي دۇختەرى رەز تۇ پارسايى مەفرۇش،
كەس نىست بەئالەم كى تۇرا نەنھادەست.

(مەنىسى: ئەي ئۈزۈم قىزى، سەپسەتە ساتما! ھەممە كىشى سېنى ئوبدان بىلىدۇ.)

ئەلۋەتتە، سەندىن قۇتۇلمىغۇچە يارانلار لەززەت تاپالماس.

چاغىر بۇنى ئاڭلاپ، ئاچچىقتىن قىزىرىپ كەتتى ۋە شۇنداق دېدى:

— بۇ نېمىدېگەن ھەددىدىن ئاشقانلىق؟! ئۆزىنى بىلمەيدىغان، تولا ساقال تارىما! ئاڭلاپ قويكى، ھېلى بىكار جامدىن چىققانچە ئەدىپىڭنى بەرمەي يەنە! سەن بىر ئوتسەنكى، پۈتۈن ئەل سىنىڭ قولۇڭدا كۆيۈپ كۆل بولىدۇ. كىمكى ساڭا ئۆگىنىپ قالسا، ئۆرتىنىدۇ. سەن شۇنداق سېھىر قىلىسەنكى، ئادەمنى بىر دەمدە ئېشەك قىلىسەن، ئەقلىنى يوق قىلىسەن، ۋەھىمىنى ئاشكارا قىلىسەن! مىسرا:

كىمكى كۆپرەك يەر سېنى، بولۇر ئېشەك.

مۇنداق ئېيتىپتۇرلار، نەزم:

ھەر كەسكى ئەلەفۋار خۇرەد خەر گەردەد.

① ھافىز شىرازىي — 14 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك پارس - تاجىك شائىرى؛ ② خۇسرەۋ دېھلەۋىي — 14 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك پارس - تاجىك شائىرى.

(مەنىسى: كىمكى ئوت يېسە، ئىشەك بولىدۇ.)
شەكىلدىكى ئېشەك تېزىكىگە ئوخشايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، يانپاش ۋە قوشقۇن بىلە تىلەيسەن، بېيىت:

تېزەك ياغلىق قويۇشقۇنغا قىسىلىپ،
قوش، ئاتلىغلار بىلە يول تەگ يۈرۈسەڭ.

سەن شۇنچىلىك شۇم گىياھدۇرسەنكى، نەزم:

كىشىكىم بىر سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆردى،
ئول ئۆزگە ياخشىلىق يۈزىنى كۆرمەس.

ئەي بوشالىقنىڭ سەۋەبچىسى ۋە ھۆرۈنلارنىڭ زىننىتى، كۆرۈمسىز ۋە بەختسىزلەر ئاتەشدانى، (سەن) بەردەم يىگىتلەرنى سۇست ۋە كېرەكسىز قىلىسەن؛ كۆپلىگەن ئادەملەرنى قارا يەرگە كۆمىسەن. مىسرا:

ئىلاھاكى، تۇخمۇڭ قۇرۇغاي سېنىڭ.

بەڭ بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى، مىسرا:

ـــ جانا زى جەمالى خىش ئاگاھ نەئىي.

(مەنىسى: ئەي جان، ئۆز جامالىڭدىن ئاگاھ ئەمەسسەن.)
يەنە سېنىڭ ھەققىڭدە ئېيتىلغان بىر نەچچە بېيىتنى ئاڭلىمىغانسەنكى، قىتئە:

سەرمايەئى فەسادۇ كەلىدى دەرى ستەم،
بىخى دەرەختى فىتنەۋۇ تۇخمى نىھالى غەم.
بۇنيادى ھەر پەلىدىيۇ قانۇنى ھەر بەدىي،
ئەنجامى ھەر شەقاۋەتۇ ئاغازى ھەر نەدەم.
ئەسلى فەسادۇ ئەربەدەۋۇ خەسمى مۇلكۇ مال،
نۇقسانى ئەقلۇ دىنۇ بەلايى زەرۇ دىرەم.
دەر زەرئى شەرئ ئاتەشۇ دەر چەشمى ئەقل خاك،
بادى دىماغى نەخۋەتۇ ئابى رۇخى ستەم.
خەمرى پەلىد دانكى بۇۋەد ئاخىرەش فەساد،
جامىي ئەزۇ چۇ خۇردىي ئەگەر ھەست جامى جەم.

(مەنىسى: گەرچە جەمشىدنىڭ جامىدا ئىچىلسەڭمۇ، سەن بۇزۇقچىلىقنىڭ مەنبەسى، زۇلۇم ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى، پىتنە دەرىخىنىڭ يىلتىزى، غەم كۆچىتىنىڭ ئۇرۇقى، ھەممە مەينەتلىكنىڭ ئاساسى، ھەر

قانداق يامانلىقنىڭ قانۇنى، بارچە بەختسىزلىكنى زاھىر قىلغۇچى، ھەممە خاتا ئىشلارنى باشلاپ بەرگۇ-چى، ئۇرۇش - جېدەللەرنى قوزغىغۇچى، مال - مۈلۈكنىڭ دۈشمىنى، ئەقىل ۋە دىنىنىڭ نۇقسانىسەن؛ شەرىئەت ئالدىدا ئاتەش، ئەقىل كۆزى ئالدىدا خاكسەن. بىر پاسكىنا نەرسەدۇرسەنكى، ئاخىرىڭ بوزۇق-لۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس!)

— مېنى ئەيىبلەپ مالامەت قىلىۋاتسەنكى، ئەلنى ئېشەك قىلىۋاتىسەن، — دېدى چاغىر.

— ئەلنى بىلمەيمەن، ئەمما سېنى ئېشەك ئېتىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى «خەمر»[1] دەرلەر، ئەگەر قارىنىڭنى يېرىپ «مىم»[2]نى چىقىرىۋەتسەڭ، «خەر»[3] بولۇرسەن ھەم مۇندىن ئارتۇقراق دې-سەم، تەر[4] بولۇرسەن، — دېدى بەڭ.

چاغىر بۇنى ئاڭلاپ، قاتتىق ۋارقىراپ مۇنداق دېدى:

— ئەي كۆكى كېسىلگۈر، سەن چۆل - جەزىرىلەردە ئۆزۈڭ ئۈنۈپ قالغانسەن ۋە كۆپىنى كۆرمىگەن-سەن. ھېچ ئادەم ساڭا قىزىقمايدۇ. ساڭا دېسەم، زەئىپلىكىڭدىن ھەر كىم سېنى تېپىدۇ، خالىغىنىچە ياڭ-جىدۇ. سەن ئۈچۈن مۇنداق ئېيتىپتۇرلار، بېيىت:

ئەي بەنگى فۇرۇرەۋ بەخۇدۇ فىكرىي كۈن،
با ھەركى رەسىي تۇ كەللە خۇشكىي مەنماي.

(مەنىسى: ئەي يۈزسىز نەشە، ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، سەن كىمگىلا يېقىنلاشساڭ شۇنى ئەقلىدىن ئازدۇرىسەن!)

بەڭ بۇنى ئاڭلاپ، مۇنۇ سۆزلەر كۆڭلىدە توگۇلۇپ، ئۆزىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— سەن دائىم مېنى كۆزگە ئىلمايسەن ۋە خورلايسەن. سېنى ھالال دېگۈچىلەر ئەگەر دىيانەتتىن بۇي ئالسا، ھارام دەرلەر ۋە ئامانەتتىن ئۇلارغا خەۋەر بولسا، سېنى «مۇباھ[5]» دەرلەر. سېنى ئىچكەن كىشى دائىم بالا - قازا ئاستىدا ۋە نازارەتچىلەر قولىدا بولىدۇ. مېنى يېگەن كىشىگە ھېچ ئىش يوق، خۇشلۇق بابىدا ئېچىلىپ قارنى توق يۈرۈر، سېنىڭ ھەققىڭدە ئېيتىپتۇرلار، مىسرا:

كى كەس مەباد زىكىرداري ناسەۋاب خجىل.

(مەنىسى: كىشىكى ساۋابسىز قىلمىشتىن خجىل بولمىسۇن.)

شۇنداق تۇرۇپ سەن ئۆزۈڭنى مەندىن ئارتۇق تۇتامسەن؟ نەزم:

| | |
|---|---|
| سەن ئەمدى رازى بولغىن سەربەسەرغە، | تولۇنئايكىم كەمالىن قىلسا ئىزھار، |
| تەرازۇتەك باش ئىندۇر تىك تۇرارغە. | بولۇر نۇقسان ئېلىكىگە گىرىفتار. |

سارغايغان يۈزۈمنى رەقىب بىلمەيدۇ، زەپىرانىڭ نېمىلىكىنى ئېشەك قانداق بىلسۇن؟!

چاغىر بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزگىرىپ مۇنداق دېدى:

— گەرچە تېشىمىز ئوخشىمىسىمۇ، ئىچىمىز ئوخشاشتۇر. ئەمما بىز نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتۇق؟!

① خەمر — مەي، شاراب؛ ② ئەرەبچىدىكى «م» ھەرپىنى كۆرسىتىدۇ؛ ③ خەر — ئېشەك؛ ④ تەر — ئاپچىقلىنىش؛ ⑤ مۇباھ — دىنىي جەھەتتە يول قويۇلىدىغان ئىش.

مېنىڭ خاسىيىتىم يۈزنى قىزارتىش بولسا، سېنىڭ سارغايتىشتۇر. نەزم:

كىمىيا خانەند ئانان كەز خىرەد بېگانە ئەند،
راست مىگۆيەند ئارېي چېھرەھاشان چۇن زەرەست.

(مەنىسى: ئەقلىدىن ئازغانلار «كىمىيا» دەپ ئاتىشىدۇ. ئېيتقىنى ئەلۋەتتە راست، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى سېرىقتۇر.)

بەڭ بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

— سەن مېنىڭ خاسىيىتىمدىن غەپلەتتە ۋە ماھىيىتىمدىن بىخەۋەرسەن. شۇنداق تۇرۇپ، قانداقسىگە بىلەلەيسەن؟! شېئىر:

رۇيى زەردەم رەقىب نەشناسەد،
خەر①چى دانەد كى زەئفەران چى بۇۋەد.

(مەنىسى: سارغايغان يۈزۈمنى رەقىب بىلمەيدۇ، زەپىراننىڭ نېمىلىكىنى ئېشەك قانداق بىلسۇن؟!)

مۇشۇ ۋاقىتتا بال (ھەسەل) چاغىرنى ئىزدەپ كەلدى ۋە ئىچىلىشتە ھەمدەم بولۇشنى سورىدى. نەزم:

چاغىر تېدى: مېنى سەن سورما، ئەي بال،
كى ئەل ئاغزىدا تۇشتۇم بەنگ ئېلىندىن.
ماڭا بۇ بەنگ دايىم تىل تېگۈرۈر،
ئۆلۈپتۇرمەن مەھال②ۇ نەنگ③ ئېلىندىن.

بالغا ئەھۋال مەلۇم بولدى. ئۇ شېرىنلىك بىلەن ئارىغا كىرىپ ئىككىسىنى ئايرىدى. چاغىر بالغا دۇئا قىلىپ: «ئەي بال، تەڭرى ساڭا جەننەتنى بەرسۇن ۋە ھۆرنى ئاتا قىلسۇن. سەن مېنى بۇ تەلۋىنىڭ قولىدىن قۇتقازدىڭ» دېدى. سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، ھەممىسى سۆھبەتنى تاشلاپ، تەپرىقچىلىكنى باشلاپ تارقاشتى. نەزم:

ئەۋۋەل بارى پەرۋىن④ بىكىن جەمئ ئېدىلەر بىر گۇشە⑤دە،
ئاخىر بەناتۇن نەئش⑥تەك بىر بىر پەرىشان بولدىلار.

پايدىلانمىلار:

1. ئېرگەش رۇستەموۋىچ رۇستەموف: «15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 ـ يىلى نەشرى.
2. گۆنۇل ئالپاي: «يۇسۇف ئەمىرىينىڭ ‹بەنگ ۋە چاغىر› ئاتلىق مۇنازىرىسى»، «تۈرك تىللىرى تەتقىقاتلىرى» (Belleten)، 1972 ـ يىللىق سان، ئەنقەرە، 1973 ـ يىلى نەشرى.
3. ۋاھىد زاھىدوف تەھرىرلىكى ئاستىدا تۈزۈلگەن: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، بىرىنچى توم، تاشكەنت، 1959 ـ يىلى نەشرى.
4. ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن ـ نەفايىس» (ئابدۇرېشىت ئىسلام قاتارلىقلار تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەش-

① خەر — قول يازمىدا بۇ سۆز «خرد» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ② مەھال — مۇمكىن بولمايدىغان ئىش؛ تېتىقسىز گەپ ـ سۆز؛ ③ نەنگ — ئۇيات، نومۇس؛ ④ پەرۋىن — يۇلتۇز تويى، ئۈركەر يۇلتۇزى؛ ⑤ گۇشە — بۇلۇڭ، خىلۋەت جاي؛ ⑥ بەناتۇن نەئش — يۇلتۇزلار تويى.

رىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
5. ئەلىشىر نەۋايى: «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» (خەمىت تۆمۈر قاتارلىقلار تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.
6. مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى» (تۇركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى تەرجىمىسى)، «بۇلاق»، 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان.
7. كەمال ئارسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلىق قوش سان.
8. زۇھەل ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى (ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 9 ـ سان.
9. پارسا شەمسىيېۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى»، تاشكەنت، 1972 ـ يىلى نەشرى.
10. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى پارس تىلى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن: «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.
11. تالىئ ئىيمانىي ھېراتىي: «بەدايىئۇل ـ لۇغەت» (ئا. ك. بورووۋكوف تەييارلىغان)، موسكۋا، 1961 ـ يىلى نەشرى.
12. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (ئابدۇسالام ئابباس قاتارلىقلار تەييارلىغان)، بىرىنچى توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.
13. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (رەشىد رەھمەتى ئارات تەييارلىغان)، ئىندېكس، ئىستانبۇل، 1979 ـ يىلى نەشرى
14. لۇتفىي، سەككاكىي، گەدايى، ئاتايى، ھۈسەين بايقارا، بابۇر ۋە شەيبانىي دىۋانلىرىنىڭ ئىندېكسلىرى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى، تۇرسۇنجان مەخمۇت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)



ئۆمەر باقى ياركەندي

# قىسسەئى ئەبۇ شەھمە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: ئۆمەر باقى ياركەندي ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلىرىمىزدىن بىرىسى. ئۇ «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا نەسرىيلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان. بۇ ئىككى نەسرىي ئەسەر ژۇرنىلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ قېتىم ئۆمەر باقى ياركەندي قەلىمىگە مەنسۇپ ئەنە شۇ ئىككى ئەسەر قول يازمىسىنىڭ باش قىسمىدا بۇ يازغۇچىنىڭ «قىسسەئى ئەبۇ شەھمە» قىسسەسىنىڭ بىللە كۆچۈرۈلگەنلىكى بايقالدى. بۇ ئەسەر ئەينى دەۋر شارائىتىغا مۇۋاپىق بەزى دىنىي مەزمۇنلاردىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ژانىرى ۋە قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن تەتقىقات قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. بۇ ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، ئوبرازلىرىنىڭ روشەنلىكى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا قىسسە ژانىرى، يەنى ھېكايىچىلىقنىڭ مۇھىم بىر نەمۇنىسى بولالايدۇ. بۇ قىسسىدە هاراق ئىچىش ۋە زىنا قىلىشنىڭ زىيىنى تىپىك ۋەقەلىك ئارقىلىق تەسىرلىك بايان قىلىپ بېرىلگەن. شۇنداقلا خەلىپە ئۆمەرنىڭ ئادىللىقى، جىنايەتكە جازا بېرىشتە ئۆز ئوغلىغىمۇ قىلچە يۈز خاتىرە قىلمىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ يۇقىرى قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇندۇق. ئەسەردە ئەكس ئەتكۈزۈلگەن بەزى دىنىي مەزمۇنلارغا نىسبەتەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىنى، بۇ ئەسەرنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



ئوقۇلغۇسى: ھەزرەتى ئەمىرۇل ـ مۇئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى، بىرىنىڭ ئاتى ئەبدۇللاھ، بىرىنىڭ ئاتى ئەبۇ شەھمە ئەردىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامدىن كېيىن ئەبۇ شەھمەنىڭ ئاۋازىدىن كۆركلۈكراق ئاۋازلىق كىشى يوق ئەردى. ئەبۇ شەھمە «قۇرئان» ئوقۇر بولسا يارانلار زار ـ زار يىغلار ئەردىلەر. ئەبۇ شەھمەنىڭ ئاۋازى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئاۋازلارىغا ئوخشار ئەردى. كۈنلەر بىر كۈن ئەبۇ شەھمە سوگەل بولدى. ئاتاسى، ئاناسى نەزر قىلدىلار:

ــ ئەبۇ شەھمە خۇش بولسا ئۈن ئاي روزە تۇتالى، ــ دېدىلەر.

نەچچە كۈندىن كېيىن ئەبۇ شەھمە ياخشى بولدى. يارانلار بارچەلەرى دەرخاست قىلدىلار. ئايدىلار:

ــ يا ئۆمەر، نەچچە كۈندىن بېرى ئەبۇ شەھمەنىڭ ئاۋازىنى ئېشىتمەدۇك، بىر ئېشىتەلى، ــ دېدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار يارانلارىغا:



— رەسۇل ئەلەيھىسسەلامنىڭ مەسجىدىغە بارىڭلار، ئاندا ئايەتى «قۇرئان» ئوقۇسۇن، — دېدىلەر.

بارچە يارانلار جەمئ بولۇپ رەسۇل ئەلەيھىسسەلامنىڭ مەسجىدلەرىغە باردىلار. ئەبۇ شەھمە كۆركلۈك ئاۋازى بىرلە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

ۋە كۇللە ئىنسانىن ئەلزەمناھۇ تائىرەھۇ فىي ئۇنۇقىھى ۋە نۇخرىجۇ لەھۇ يەۋمەل ـ قىيامەتى كىتابەي ـ يەلقەھۇ مەنشۇرا.

يارانلار زار ـ زار يىغلادىلار. ئاندىن سوڭ ئۆيلەرىگە بارۇر ئەردىلەر، يولدا بىر جوھۇد يولۇقتى. جوھۇد ئەلەيھىل ـ لەئنە ئايدى:

— ئەي ئەبۇ شەھمە، يۈزۈڭ نە ئۈچۈن سارىغ تۇرۇر؟

ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— بىلمەسمەن، — دېدى. جوھۇد ئايدى:

— ساڭا دارۇ كېرەك، نە ئۈچۈن ئىچمەسسەن؟

ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— نېمە دارۇ تۇرۇر؟

جوھۇد ئايدى:

— چاغىر تۇرۇر، ئىچسەڭ خۇش بولغاي، — دېدى. ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— مەن چاغىر ئىچمەسمەن، هارام تۇرۇر، — دېدى، — مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقارغۇچى تۇرۇر، — دېدى. جوھۇد ئايدى:

— يا ئەبۇ شەھمە، ئانداغ قىلماغىل. چاغىر ياخشى نېمەرسە تۇرۇر، — دېدى. جوھۇد ئەلەيھىل ـ لەئنە ئەبۇ شەھمەنى قويماي ئۆيىگە ئالىپ بارىپ جوھۇد بەدبەخت تۇتابەردى. بىر ئۇلۇغ شىشە بىرلە ئەبۇ شەھمەگە نەھايەتسىز ئىچۈردى. ئەبۇ شەھمە ئۆيدىن چىقىپ ئۆيىگە بارۇر ئەردى، يولدا بىر بوستان ئىچىدە بىر قىز كۆردى. قىزدىن تەمەئ قىلدى. قىز ئايدى:



— خۇدادىن قورقماسمۇسەن؟ — دېدى، — ئاتاڭدىن هەم قورقماسمۇسەن؟ — دېدى. بۇ قىز بىر نەچچە سۆز ئايتتى. ئەبۇ شەھمە قويمادى. چاغىرنىڭ شۇملۇغىدىن مۇراد هاسىل قىلدى. قىز ئايدى:

— ئەي ئەبۇ شەھمە، ئاتاڭ بىلمەسە تەڭرى تەئالا بىلۇر، ئەگەر بىز سىر ىمىزنى ئۆتمىسە، مەن تېخى ئۆتمىگەيمەن. تەڭرى تەئالا رەسۋا قىلسا، مەن تېخى رەسۋا قىلغايمەن، — دېدى. ئەبۇ شەھمە ئۆيىگە باردى.

ھەزرەتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ مەسچىدلەرىغە بارىپ، ئولتۇرۇپ ئەردىلەر، بىر مەزلۇم بىر ئوغۇل بالانى كۆتەرىپ كىرىپ كەلدى.

— يا ئۆمەر، قاموغ جەھانغا هۆكمۈڭ يۈرۈر، ماڭا نە ئۈچۈن هۆكىم قىلماسسەن؟ — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— ئەي مەزلۇم، ساڭا نېمە كېرەك بولۇر، — دېدى. بۇ مەزلۇم ئايدى:

— ئۇشبۇ ئوغلان سىزنىڭ نەبرەڭىز تۇرۇر، ئەبۇ شەھمەنىڭ ئوغلى تۇرۇر، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:



— راست ئايتغىل، — دېدىلەر. بۇ مەزلۇم ئايدى:

— بىر كۈن بىر بوستاندا ئولتۇرۇپ ئەردىم، ئەبۇ شەھمە مېنىڭ قاشىمغا كەلدى. مەندىن مۇراد تىلەدى، ھاسىل قىلدى. مەن ئايدىم: «يا ئەبۇشەھمە، تەڭرى تەئالا بىزنىڭ سىرىمىزنى ئۆتكەرمەسە، مەن تېخى ئۆتكەرگەيمەن». خۇدايىتەئالا ئۆتكەرمىدى، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— سىز بۇ سۆزگە ئانت ئىچەرمۇسىز؟ — دېدىلەر. بۇ مەزلۇم:

— ئىچەرمەن، — دېدى.

ھەزرەتى ئۆمەر بۇ مەزلۇمگە ئانت بەردىلەر. ئاندىن كېيىن ھەزرەتى ئۆمەر ئوغلىنى قىچقىردى. كۆردىلەركىم، ئوغلانلارى نان يەپ ئولتۇرۇپدۇرلار. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— ئەي ئوغلۇم، ياخشى يېگىل، يىراق سەفەرگە باراسەن، — دېدىلەر. ئەبۇ شەھمە بۇ سۆزنى ئېشىتتى، كۆڭلى يامان بولدى. ئايدىكىم:

— يا بابا، نە سۆز ئايدىڭىز؟

ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— ئەي ئوغلۇم، ھەق ئۈچۈن بىر سۆزۈم بار. راست ئايغىل، — دېدى. ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— ئايتاي، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلاركىم:

— ئەي ئوغلۇم، فالان كۈنى مەسجىددە «قۇرئان» ئوقۇدۇڭ، ئاندىن چىقىپ نە يەرگە باردىڭ؟ — دېدى. ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— يا بابا، فالان كۈنى كېلۇر ئەردىم، بىر جوھۇد يولۇقتى، ئايدى: «ئەي ئەبۇ شەھمە، يۈزۈڭ نېمە ئۈچۈن سارىغ؟» دېدى. «بىلمەسمەن» دېدىم. جوھۇد ئايدى: «ساڭا دارۇ بېرەيىن» دېدى. مەن ئايدىم: «نېمە دارۇ بېرۇرسەن» دېدىم. ئول ئايدى: «چاغىر تۇرۇر» دېدى. مەن ئايدىم: «ئول يامان نېمەرسە تۇرۇر، مۇئمىنلەرنى يولدىن چىقارغۇچى تۇرۇر» دېدىم. ئول جوھۇد قويمادى. ئۆيىگە ئالىپ باردى. بىر شىشە بىرلە چاغىر ئىچۈردى، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:



— ئەي ئوغلۇم، ئاندىن سوڭ بىر بوستانغا باردىڭمۇ، بوستان ئەچىدە بىر مەزلۇم كۆردۈڭمۇ؟ — دېدىلەر. ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— كۆردۈم، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— ئەي ئوغلۇم، ئانىڭ بىرلە زىنا قىلدىڭمۇ؟ — دېدى. قاچان بۇ سۆزنى ئېشىتتى ئەرسە باشىنى قۇيى سالدى. ھېچ جەۋاب بەرمەدى. ئاتاسىدىن ئۇياتتى، ئايتتى:

— يا بابا، يازۇغلۇق ئىش قىلدىم، فۇشەيمان بولدۇم. تەۋبە قىلدىم، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— يازۇغلۇق ئىش قىلدىڭ، ساڭا دەررە ئۇرماق كېرەك، — دېدى. ئەبۇشەھمەنىڭ ئىلكىنى تۇتتى. ئەبۇ شەھمە ئايدى:



— يا بابا، مېنى قايدا ئۆلتۈرۈپسىز؟ — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— خۇدايىتەئالانىڭ بۇيرۇغان دەررەسىنى ئۇرارمەن، — دېدىلەر. ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— يا بابا، مېنى رەسۋا قىلماڭ، نە قىلسىڭىز ئۆيدە قىلىڭ، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— ئەي ئوغلۇم، قىيامەتدە رەسۋا بولاي دېسەڭ، ئۆيدە قىلالى، — دېدىلەر. يەنە ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— قىيامەت رەسۋالىقىدىن قورقاسەن؟ — دېدىلەر. ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— مېنى ئۆيدە ئۆلتۈرگىل، خالايىق ئاراسىدا ئۆلتۈرمىگىل. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارانلارىدىن ئۇيا-تۇرمەن، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— ئوغلۇم، يازۇق ئىش قىلدىڭ، خۇدايىتەئالادىن ئۇيا-تمادىڭ، ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارانلارىدىن ئۇياتۇرمۇسەن؟ — دېدىلەر. بۇ ئايەتنى ئوقۇدىلار:

قەۋلە تائالا «ئەززانىيەتۇ ۋەززانىي فەجلىدۇ كۇللە ۋاھىدىن مىنھۇما مىئەتە جەلدەتىۋ - ۋەلا تەئخۇزكۇم بىھىما رەئفەتۇن فى دىنىللاھى ئىنكۇنتۇم تۇئمىنۇنە بىللاھى ۋەلىيەۋمىل - ئاخىرى ۋەلىيەشھەدۇ ئەزابەھۇما تائىفەتۇم - مىنەل - مۇئمىنىن. ئەززانىي لايەنكىھۇ ئىللازانىيەتەن ئەۋمۇشرىكەتۇن.»

خۇدايىتەئالا دەررەنى خەلق ئاراسىدا ئۇرغىل دەپ فەرمان قىلدى. ئاندىن سوڭ ھەزرەتى ئۆمەر دەررەنى كەلتۈردىلەر. ئاندىن كېيىن ئەبۇشەھمەنى بىر خورما دەرەختكە باغلادىلار، ئاندىن كېيىن بۇيۇردىلار:



— تەڭرى تەئالا فەرمانلاغاندەك ئۇرغىل ۋە ھېچ ئاياماغىل، — دېدى.

ئەفلەھ (جازا ئىجرا قىلغۇچى كىشى) ئايدى:

— ئەگەر كۈچۈمنىڭ بارىچە دەررە ئۇرسام، تاغلار پارە - پارە بولۇر، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدىلار:

— يەئنى خەيرۇل - ئۇمرى ئوتتۇرا چاغلىق ئۇرغىل، — دېدىلەر. ئەبۇ شەھمەنىڭ تونىنى سالدۇردى. ئەبۇ شەھمەگە دەررە ئۇرار ۋە تاتلىغ ئۈنى بىلە ئانداغ ئايدىكىم:

— ئەي بىرلا خۇدايا، ئانداغ سەبر بەرگىلكىم، ئىسمائىل پەيغەمبەرگە قايداق سەبر بەردىڭ، ماڭا ھەم شۇنداق سەبر بەرگىل، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر ئايدى:

— ئەي ئوغلۇم، ياخشى ئىش قىلدىڭ، — دېدى.



قاچانكىم ئون دەررە ئۇردى ئەرسە، جۇملەئى يارانلار يىغلادىلار. ھەزرەتى ئۇمەرنىڭ قاشىغا كەلدىلەر. ئايدىلاركى:

— يا ئۇمەر، ئەبۇ شەھمەنىڭ يازۇقى ئۇچۇن بىزگە بىر دەررەگە ئون دەررە ئۇرۇڭلار، ئەبۇ شەھمەنى بىزگە بېرىڭلار، — دېدىلەر. ھەزرەتى ئۇمەر ئايدىلار:

— قەۋلە تەئالا لاتەزىرۇ ۋازىرەتۇۋ ۋىزرە ئۇخرا. بۇ ئايەتنىڭ مەئنەسى ئانداغ بولۇركىم، قىيامەت كۈنى بولسا، ئامەننا ۋە سەددەقنا كۈندە ئەبۇ شەھمە ئۇچۇن سىزلەرنى تۇتماغايلار.

ھەزرەت ئايدىلار:

— يا ئەفلەھ، ئۇرغىل.

قاچانكىم يىگىرمە دەررە ئۇردىلار ئەرسە ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— يا بابا، يۈرەكىم ئاغرىدى، — دېدى. ھەزرەتى ئۇمەر ئايدى:

— مېنىڭ ھەم جانىم ئاغرىدى، نېچۈك قىلاي؟ — دېدى، — خۇدايىتەئالانىڭ ھۆكمى شۇنداغ تۇرۇر، — دېدى. ھەزرەت ئايدى:

— يا ئەفلەھ، ئۇرغىل.

قاچانكىم ئوتتۇز دەررە ئۇردى. ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— يا بابا، ئەفلەھغە بۇيۇرغىل، بىر سائەت تۇرسۇن، بىر سۇ بەرسۇن. ئىچەي، — دېدى. ھەزرەتى ئۇمەر ئايدىلار:

— ئەي ئوغلۇم، قىيامەت كۈنى تامۇغداقىلار سۇ بەرمەسلەر، — دېدى. يەنە ئايدى:

— يا ئەفلەھ، ئۇرغىل.

قاچانكىم ئەللىك دەررە ئۇردى ئەرسە ئەبۇ شەھمە ئايدى:



— يا بابا، ئانامنى بىر تويغۇنچە كۆرەي، — دېدى. ھەزرەتى ئۇمەر ئايدىلار:

— ئەي ئوغلۇم، تىرىك بولساڭ كۆرەرسەن، ئۆلسەڭ قىيامەت كۈنى كۆرگەيسەن، — دېدى.

يەنە ئايدى:

— يا ئەفلەھ، ئۇرغىل.

قاچانكىم ئاتمىش دەررە ئۇردى ئەرسە ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— يا بابا، بىر ھاجەتىم بار، ئايتايىن، — دېدى. ھەزرەتى ئۇمەر ئايدىلار:

— ئەي ئوغلۇم، نېمە ھاجەتىڭ بار؟

ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— يۈزۈمنى يۈزۈمگە قويۇڭ، قۇۋۋەتى ھاسىل بولسۇن، يۈرەكىمنىڭ ئاغرىقى كەتسۇن، — دېدى. ھەزرەتى ئۇمەر ئايدىلار:

— يا ئوغلۇم، قىيامەت كۈنى قورقارمەنكىم، سېنى مەندىن ئايرىغايلار، — دېدى، يەنە، — يا ئەفلەھ، ئۇرغىل.

قاچانكىم يەتمىش دەررە ئۇردى ئەرسە، ئەبۇ شەھمە سەھابەلەرگە سەلام قىلدى:



— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتەھۇ. بارچەڭىزلەر سەلامەت قالىڭلار، قىيامەتتە سىزلەرنىڭ، ئاتامنىڭ دىدارىغە مۇشەررەف بولغايمەن، تىرىكلىكتىن كەچتىم، ھېچ تاقەتىم قالمادى، — دېدى. ئانى ئېشىتىپ جۇملەئى يارانلار يىغلاشتىلار.

— ئاھ دەرىغا، نە قىلالىڭ، بارىمىز سېنىڭ ئۈچۈن جانىمىزنى فىدا قىلدۇق. ئاتاڭ بەرمەدى، نە قىلالىڭ، — دېدىلەر. ھەزرەتى ئۇمەر ئايدى:

— يا ئەفلەھ، ئۆرغىل.

قاچانكىم دەررە سەكسەنگە يەتتى ئەرسە، ئاناسىغا خەبەر قىلدىلار. ئاناسى يالاڭباشتاق، يالاڭئاياغ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئوغلىنى ئول ھالدا كۆردى ئەرسە نەۋھە فەرياد ئۇرۇپ:

— ئاھ دەرىغ، كۆركلۈك ئاۋازى بىرلە «قۇرئان» ئوقۇيدۇرغان، جانىمنىڭ كۇسەكى ۋە كۆڭلۈمنىڭ قۇۋانجى، باغرىمنىڭ پارەسى، نېمە بولدۇڭ، ئوغلۇم ئەبۇ شەھمە؟ — دېدى. قان - ياش بىلەن زار - زار يىغلادى. سەھابەلەر ئايدىلار:

— ھەزرەتى ئۇمەر، كىشىكىم ئۆز فەرزەندىنى مۇنداغ ئۇرارمۇ؟ — دەپ، يەنە سەھابەلەر ئايدىلار:

— بىزگە بىر دەررە ئۈچۈن ئون دەررە ئۇرۇڭ، — دېدىلەر. ئاندىن سوڭ ئاناسى كەلدى. ئايدىكى:

— ئەي كۆزۈمنىڭ يارۇغى ۋە كۆڭلۈمنىڭ چەراغى ئەبۇشەھمە، نېمە بولدۇڭ ۋە نە ھالغە قالدىڭ؟ — دېدى. فەرياد قىلدىكى:

— ئەي بۇ تەممە جانىم ساڭا فىدا بولسۇن، — دېدى. يەنە ھەزرەتى ئۇمەر ئايدى:

— يا ئەفلەھ، ئۆرغىل.

قاچانكىم دەررە توقسانغا يەتتى ئەرسە، ئەبۇ شەھمە ئايدى:

— ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ، — دەپ جان بەھەق تەسلىم قىلدى. يەنە ھەزرەتى ئۇمەر ئايدى:

— يا ئەفلەھ، ئۆرغىل. خۇدايتەئالانىڭ دەررەسى تەمام بولسۇن، — دېدى. ئۆلگەندىن كېيىن تېخى ئون دەررە ئۇردى.

قامۇغ مەدىنە خەلايىقلارى:

— ئاھ دەرىغ، ئەبۇ شەھمە، — دەپ زار - زار يىغلادىلار. ھېچ ئاسىغ قىلمادى.



ئەي ئادەم ئوغلانلارى، بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلار ۋە زىنھار شاراب ئىچمەڭلار. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايتىپدۇرلار:

— يا شەرابۇل خەمرى مەلئۇنە ۋەجەلىسۇن مەلئۇنە ۋە جاۋەرۇن ئەت ئەمەھۇ ۋەمەلئۇنە. ۋە ھەركىمەرسە بۇ دۇنيادا شاراب ئىچسە، ئاڭا دەررە ئۇرماق كېرەك. دەررە ئۇرماسا ھالى دىشۋار بولۇر. نە ئۆز بىللاھى



مىنزالىك.

ۋە يەنە پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيدىلار:

— ھەركىم بۇ دۇنيادا بىر قىيالە شاراب ئىچسە، قىيامەت يەتمىش قىيالە ئوتدىن ئىچۇرگەيلەر. ئول شاراب بارەسىدىن تامۇغقا كۆيدۇرگەيلەر. ئەگەر ئىمان بىرلە بارمىش بولسا، نە ئۇز بىللا مىنزالىك ئىمان بىرلە بارماس. ئەگەر شاراب ئىچكەندىن سوڭ تەۋبە قىلماسا، تامۇغدا باقى قالغاي. ئادەم ئوغلانلارى، ئول خەتالىق ئىشىغا جان فىدا قىلۇرلار، كېچە - كۇندۇز شاراب ئىچمەككە، زىنا قىلماقغا مەشغۇل بولۇرلار ئەمما پەردايى قىيامەت كۇنى ھالىڭىزلار نېچۇك بولغاي. ئىلاھا، ئەھەدا، سەمەدا، جۇملەئى ئاسىي بەندەلەرنىڭ جاننى ئالۇردا تەۋبە روزى بەرگەيسەن، ئامىن رەببىل - ئالەمىن!

ئەمما يەنە ھەزرەتى ئۇمەر ئايدىلار:

— ئەمدى يەشكىل — دېدىلەر. ئاندىن كېيىن ئەبۇ شەھمەنىڭ قولى فۇتىنى يەشدى. يۇزنى يۇزىگە قويدى، زار - زار يىغلاپ ئايدىكى:

— ئەي كۆزۇمنىڭ يارۇقى، كۆڭلۇمنىڭ شەۋقى، تىرىكلىكىمنىڭ قۇۋانچىسى ئوغلۇم، — دەپ قان - ياش بىلە يىغلادى. ئايدىكى:

— كاشكى مەن ئۆلگەي ئەردىم، سېنىڭ دەردىڭنى كۆرمەگەي ئەردىم، — دەپ زار - زار يىغلادىلار. بۇ ھالنى كۆرۈپ شاھىمەردان مۇرتەزا ئەلى بىھوش بولدىلار. ئۈچ كېچە ۋە يەنە تۈش كۆردىلەركىم، مۇھەممەد رەسۇلىللاھ باشلىغ بارچە مۇرسەللەرنى باشلاپ ئوڭ يانىدا ئادەم پەيغەمبەر، سول يانىدا داۋۇد پەيغەمبەر كېلىپ ئەبۇ شەھمەگە ئەدەد قويدىلار ۋە رەۋزەتۇن مىنەل ئەرزى جەننەتۇن يەنە ئەبۇشەھمەنى ئورنىغا ئالىپ بېرىپ قويدىلار. يانىپ بارۇردا ھەزرەتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھۇ ئەبۇ شەھمەنى كۆردىلەر. ئايدىلاركى:



— يا ئەبۇ شەھمە، ھالىڭ قايداغدۇر؟ — دېدىلەر. ئەبۇ شەھمە ئايدىلار:

— يا ئەلى، ئاتامغا كۆپدىن كۆپ سەلام ئايتىڭ. ھەق فەرماننى راست قىلغان ئۈچۈن ئاللا تەئالا ھەم خۇشنۇد، مەن تېخى خۇشنۇد ئاتامدىن. ئەگەر كېيىنكى ئون دەررەنى ئۇرماسلار ئەردى، فەقىر بۇ مەقامغا يەتمەس ئەردۇك، — دەپدۇرلار. قىسسە تەمام ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.

يەشمىسى: مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن — نىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئىسمى ئەبدۇللاھ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئەبۇ شەھمە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا، ئاۋازى ئەبۇ شەھمەنىڭ ئاۋازىدەك چىرايلىق بىر كىشى يوق ئىدى. ئەبۇ شەھمە «قۇرئان» ئوقۇسا يارانلار زار - زار يىغلايتتى. ئەبۇ شەھمەنىڭ ئاۋازى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىغا ئوخ-



شايىتتى. كۆنلەردىن بىر كۈنى ئەبۇ شەھمە ئاغرىپ قالدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر قىلدى:

— ئەبۇ شەھمە خۇش بولسا ئون ئاي روزا تۇتايلى، — دېدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن ئەبۇ شەھمە ساقىيىپ قالدى. بارچە يارانلار ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. ئۇلار:

— نەچچە كۈندىن بېرى ئەبۇ شەھمەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدۇق، بۈگۈن بىر ئاڭلايلى، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر يارانلارغا:

— ئۇنداقتا رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە بېرىڭلار، شۇ يەردە «قۇرئان» ئوقۇسۇن، — دېدى.

بارچە يارانلار يىغىلىپ، رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە باردى. ئەبۇ شەھمە چىرايلىق ئاۋازى بىلەن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى، ئىنساننىڭ ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغاندەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نام - ئەمەلىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ. («قۇرئان كەرىم»، 17 - سۈرە ئىسرا، 13 - ئايەت).

يارانلار زار - زار يىغلىدى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ شەھمە ئۆيىگە كېتىۋاتقانىدى، يولدا ئۇنىڭغا بىر يەھۇدى يولۇقتى. ئۇ يەھۇدى مۇنداق دېدى:

— ئەي ئەبۇ شەھمە، چىرايىڭ نېمە ئۈچۈن سارغىيىپ كەتتى؟

ئەبۇ شەھمە:

— بىلمەيمەن، — دېدى. يەھۇدى دېدى:

— بىر دورا بار، نېمە ئۈچۈن شۇنى ئىچمەيسەن؟



ئەبۇ شەھمە:

— نېمە دورا؟ — دەپ سورىدى.

يەھۇدى:

— ھاراق، ئۇنى ئىچسەڭ خۇش بولىسەن، — دېدى.

— مەن ھاراق ئىچمەيمەن، ئۇ دېگەن ھارام، — دېدى ئەبۇ شەھمە، — ئۇ نەرسە مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقىرىدۇ.

يەھۇدى:

— ئەي ئەبۇ شەھمە، ئۇنداق دېمە. ھاراق دېگەن ياخشى نەرسە، — دېدى.

يەھۇدى ئەبۇ شەھمەنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆيىگە ئاپىرىپ يوغان بىر شىشىدە ھاراقنى ئەبۇ شەھمەگە ناھايىتى كۆپ ئىچكۈزدى. ئەبۇ شەھمە ئۇ يەردىن چىقىپ ئۆيىگە ماڭغانىدى، يولدا بىر بوستان ئىچىدە بىر قىزنى كۆردى. قىزنى بىللە بولۇشقا زورلىدى. قىز ئۇنىڭغا:

— خۇدادىن قورقمامسەن، ئاتاڭدىنمۇ قورقمامسەن؟ — دېدى. بۇ قىز بىرمۇنچە سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەبۇ شەھمە ئۇنىمىدى ھەمدە ھاراقنىڭ كەيپىدە مەقسىتىگە يەتتى. قىز:

— ئەي ئەبۇ شەھمە، ئاتاڭ بىلمىگىنى بىلەن ئاللاتائالا بىلىدۇ. ئەگەر ئاللاتائالا بۇ سىرىمىزنى ئۆتە-كۈزۈۋەتسە، مەنمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىمەن. لېكىن ئاللاتائالا سېنى رەسۋا قىلسا، مەنمۇ رەسۋا قىلىمەن، — دې-دى. ئەبۇ شەھمە ئۆيىگە باردى.

ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە بېرىپ ئولتۇرغانىدى، بىر ئايال بىر ئوغۇل بالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئەي ھەزرىتى ئۆمەر، ھۆكمىڭىز پۈتۈن جاھانغا ئۆتىدۇ، نېمىشقا مەن ئۈچۈن ھۆكۈم قىلمايسىز؟ — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەي مەزلۇم، ساڭا نېمە كېرەك؟ — دېدى. ئايال:

— قولۇمدىكى بۇ بالا سىزنىڭ نەۋرىڭىز، پەرزەنتىڭىز ئەبۇ شەھمەنىڭ ئوغلى بولىدۇ، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— راستىڭنى ئېيت، — دېدى. ئايال مۇنداق دېدى:

— بىر كۈنى بىر بوستاندا ئولتۇرغانىدىم، ئەبۇ شەھمە مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. مەندىن تەلەپ قىلدى ھەم تەلپىگە يەتتى. مەن ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇشەھمە، تەڭرى تەئالا بىزنىڭ سىرىمىزنى ئۆتكۈزۈۋەتسە، مەنمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىمەن» دېدىم. لېكىن خۇدايىتائالا ئۆتكۈزۈۋەتمىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئايالدىن:

— بۇ سۆزۈڭگە قەسەم ئىچەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى. ئايال:

— ئىچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئايالغا ۋەدە بەردى. ئاندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ ئوغلىنى چاقىردى. قارىسا، ئوغلى نان يەپ ئولتۇرغانىكەن. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەي ئوغلۇم، جىقراق يېگىن، يىراق سەپەرگە بارىسەن، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەبۇ شەھمە-نىڭ كۆڭلى غەش بولدى ۋە سورىدى:

— ئەي ئاتا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەي ئوغلۇم، ھەق ئۈچۈن بىر سۆزۈم بار. راستىڭنى ئېيتقىن، — دېدى. ئەبۇ شەھمە:

— راستىمنى ئېيتىمەن، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەي ئوغلۇم، پالان كۈنى مەسجىتتە «قۇرئان» ئوقۇدۇڭ، ئاندىن كېيىن قەيەرگە باردىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئەبۇ شەھمە:

— ئەي ئاتا، پالان كۈنى مەسجىتتىن قايتىپ ئۆيگە كېلىۋاتقانىدىم، يولدا بىر يەھۇدى يولۇقتى، ئۇ «ئەي ئەبۇ شەھمە، چىرايىڭ نېمە ئۈچۈن سارغىيىپ كەتتى؟» دېۋىدى، «بىلمەيمەن» دېدىم. يەھۇدى «ساڭا بىر دورا بېرىمەن» دېدى. مەن «نېمە دورا بېرىسەن» دېسەم، ئۇ « ھاراق بېرىمەن» دېگەنىدى، مەن «ھاراق دېگەن يامان نەرسە، مۆمىنلەرنى يولدىن چىقىرىدۇ» دېدىم. ئۇ يەھۇدى مەيلىمگە قويماي مېنى ئۆيىگە ئې-لىپ بېرىپ بىر شىشىدە ھاراق ئىچۈردى، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەي ئوغلۇم، ئاندىن كېيىن بىر بوستانغا باردىڭمۇ، بوستان ئىچىدە بىر ئايالنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئەبۇ شەھمە:

— كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەي ئوغلۇم، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلدىڭمۇ؟ — دېدى. ئەبۇ شەھمە بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا بېشىنى تۆ-ۋەن سالدى ۋە ئاتىسىدىن ئۇيىلىپ ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. ئۇ:

— ئەي ئاتا، گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، پۇشايمان قىلدىم، تۆۋە قىلدىم، — دېدى. ھەزرەتى ئۆمەر:

— گۇناھ قىلغىنىڭ ئۈچۈن سېنى ئاللاتائالا بۇيرۇغان دەررە بىلەن ئۇرۇپ جازالاش كېرەك، — دېدى-دە، ئەبۇشەھمەنىڭ قولىنى تۇتتى. ئەبۇ شەھمە:

— ئەي ئاتا، مېنى قەيەردە ئۆلتۈرىسىز؟ — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئاللاتائالا قەيەردە بۇيرۇغان بولسا شۇ يەردە ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. ئەبۇ شەھمە:

— ئاتا، مېنى خالايىق ئالدىدا رەسۋا قىلماڭ، نېمە قىلسىڭىز ئۆيدە قىلىڭ، — دەپ يېلىندى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەي ئوغلۇم، قىيامەتتە رەسۋا بولاي دېسەڭ، ئۆيدە جازالاي، — دېدى، ئاندىن يەنە، — قىيامەتتە رەسۋا بولۇشتىن قورقارسەن؟ — دېدى. ئەبۇ شەھمە:

— مېنى ئۆيدە ئۆلتۈرۈڭ، خالايىق ئارىسىدا ئۆلتۈرمەڭ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارانلىرىدىن ئۇيىلىمەن، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئوغلۇم، خۇدايتائالادىن ئۇيالماي گۇناھ ئىش قىلدىڭ، ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارانلىرىدىن ئۇيىلامسەن؟ — دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

«زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەربىرىنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەر ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، ئاللانىڭ دىنىنىڭ ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار. ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن. زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ» («قۇرئان كەرىم»، 24- سۈرە نۇر، 2 -، 3 - ئايەتلەر).

ئاللاتائالا دەررىنى خەلق ئارىسىدا ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر دەررىنى كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن ئەبۇشەھمەنى بىر خورما دەرىخىگە باغلىدى، ئاندىن كېيىن بۇيرۇدى:

— ئاللانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئايىماي ئۇرغىن، — دېدى. ئەفلەھ (جازا ئىجرا قىلغۇچى):

— ئەگەر بار كۈچۈم بىلەن ئۇرسام، تاغلار پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال ئۇرغىن، — دېدى. ئۇ ئەبۇ شەھمەنىڭ تونىنى سالدۇردى. ئەبۇ شەھمەگە دەررە ئۇردى. ئەبۇ شەھمە چىرايلىق ئاۋازى بىلەن:

— ئەي ئاللا، ماڭا سەۋر بەرگىن. ئىسمائىل پەيغەمبەرگە قانداق سەۋر بەرگەن بولساڭ، ماڭىمۇ شۇنداق سەۋر بەرگىن، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەي ئوغلۇم، ياخشى گەپ قىلدىڭ، — دېدى. ئۇنى ئون دەررە ئۇرغاندا، ھەممە يارانلار يىغلىدى. ئۇلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي ھەزرىتى ئۆمەر، ئەبۇ شەھمەنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بىزنى بىر دەررىگە ئون دەررە قوشۇپ ئۇرۇڭ، ئەبۇ شەھمەنى بىزگە بېرىڭ، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېدى:

— «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ» («قۇرئان كەرىم»، 6 - سۈرە ئەنئام، 164 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 15 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر 18 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر 7 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم 38 - ئايەت). بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئامەننا ۋە سەددەقنا كۈنىدە ئەبۇ شەھمە ئۈچۈن سىلەرنى تۇتمىغاي.

ھەزرەت بۇيرۇدى:

— ئەي ئەفلەھ، ئۇرغىن.

يىگىرمە دەررە ئۇرغاندا، ئەبۇ شەھمە:

— ئەي ئاتا، يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:
— مېنىڭمۇ جېنىم ئاغرىدى، نېمە ئامال؟ — دېدى، — خۇدايىتائالانىڭ ھۆكمى شۇ تۇرسا.
ھەزرەت يەنە بۇيرۇدى:
— ئەفلەھ، ئۇرغىن.
يەنە ئوتتۇز دەررە ئۇردى. ئەبۇ شەھمە:
— ئەي ئاتا، ئەفلەھگە بۇيرۇغىن، بىر سائەت توختاپ تۇرسۇن، ئازراق سۇ ئىچىۋالاي، — دېدى.
ھەزرىتى ئۆمەر:
— ئەي ئوغلۇم، قىيامەت كۈنى دوزاختىكىلەر سۇ بەرمەيدۇ، — دېدى، ئاندىن يەنە:
— ئەفلەھ، ئۇرغىن، — دېدى.
ئەللىك دەررە ئۇرغاندا ئەبۇ شەھمە دېدى:
— ئەي ئاتا، ئانامنى تويغۇچە بىر كۆرۈۋالاي.
ھەزرىتى ئۆمەر:
— ئەي ئوغلۇم، تىرىك بولساڭ كۆرسەن، ئۆلسەڭ قىيامەت كۈنى كۆرسەن، — دېدى.
ئاندىن يەنە بۇيرۇدى:
— ئەفلەھ، ئۇرغىن.
ئاتمىش دەررە ئۇرغاندا ئەبۇ شەھمە:
— ئەي ئاتا، بىر ھاجىتىم بار ئىدى، — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:
— ئېيت ئوغلۇم، نېمە ھاجىتىڭ بار؟
ئەبۇ شەھمە:
— يۈزىڭىزنى يۈزۈمگە قويۇڭ، قۇۋۋەت ھاسىل بولسۇن، يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقى كەتسۇن، — دېدى.
ھەزرىتى ئۆمەر:
— ئەي ئوغلۇم، قىيامەت كۈنى سېنى مەندىن ئايرىۋېتىشىدىن قورقىمەن، — دېدى، ئاندىن ئەفلەھگە قاراپ بۇيرۇدى، — ئۇرغىن.
يەتمىش دەررە ئۇرغاندا ئەبۇ شەھمە ساھابىلەرگە سالام قىلدى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا ۋە بەرەكاتۇ. ھەممىڭلار سالامەت قېلىڭلار، قىيامەتتە سىلەرنىڭ، ئاتامنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولغايمەن، تىرىكلىكتىن كەچتىم، ھېچ تاقىتىم قالمىدى، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممە يارانلار يىغلاشتى.
— ۋا دەرىخا، قانداق قىلىمىز؟ ھەممىمىز سېنىڭ ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلدۇق. ئاتاڭ بەرمىدى، ئامالىمىز قانچە؟ — دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:
— ئەي ئەفلەھ، ئۇرغىن، — دەپ بۇيرۇدى.
دەررە سەكسەنگە يەتكەندە ئانىسىغا خەۋەر قىلىشتى. ئانىسى يالاڭباشتاق، يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئوغلىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:
— ئاھ خۇدا، ياخشى ئاۋازى بىلەن «قۇرئان» ئوقۇيدىغان، كۆڭلۈمنىڭ خۇشلۇقى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، نېمە بولدۇڭ، ئوغلۇم ئەبۇ شەھمە؟ — دەپ نالە - پەرياد قىلدى. قان - ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلىدى. ئەسھابىلەر:
— ھەزرىتى ئۆمەر، كىشى ئۆز پەرزەنتىنى مۇشۇنداقمۇ ئۇرامدۇ؟ — دېدى. ئۇلار يەنە:
— ئەبۇ شەھمە ئۈچۈن بىزنى بىر دەررىنىڭ ئورنىغا ئون دەررە ئۇرۇڭ، — دېدى. ئاندىن كېيىن ئا-

نىسى كېلىپ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ۋە كۆڭلۈمنىڭ چىرىغى ئەبۇشەھمە، نېمە بولدۇڭ، نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا قالدىڭ؟ ئاھ، مېنىڭ جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن، — دەپ نالە قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر يەنە بۇيرۇدى:

— ئەفلەھ، ئۇرغىن.

دەررە توقسانغا يەتكەندە ئەبۇ شەھمە:

— بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرى-مەن، — دەپ جان تەسلىم قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەفلەھ، ئۇرغىن. ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغان دەررىسى تامام بولسۇن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆل-گەندىن كېيىنمۇ يەنە ئون دەررە ئۇردى.

مەدىنەدىكى بارلىق خەلقلەر:

— ۋادەرىخ، ئەبۇ شەھمە، — دەپ زار - زار يىغلاشتى. لېكىن، بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى.

ئەي ئادەملەر، ئوغلانلار، بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلار، ھەرگىز شاراب ئىچمەڭلار. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

— ھەركىم بۇ دۇنيادا شاراب ئىچسە، دەررە ئۇرماق لازىم. ئەگەر دەررە ئۇرمىسا، ئۇنىڭ ھالى خاراب بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن:

— ھەركىم بۇ دۇنيادا بىر پىيالە شاراب ئىچسە، قىيامەتتە ئۇنىڭغا يەتمىش پىيالە ئوت ئىچۈرۈلىدۇ. شارابنىڭ سەۋەبىدىن دوزاختا كۆيدۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ئىمان بولسا، (نە ئۆز بىللا مىنزالىك) ئىمان بىلەن بارماس. ئەگەر شاراب ئىچكەندىن كېيىن توۋا قىلمىسا، دوزاختىلا قالىدۇ. ئەي ئادەملەر، خاتا يول-غا كىرىپ قالغانلار، كېچە - كۈندۈز شاراب ئىچىش، زىنا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولساڭلار، قىيامەت كۈنى قانداق ھالغا قالارسىلەر؟ ئاللا، بارلىق ئاسىي بەندىلىرىڭنىڭ جېنىنى ئالىدىغان چاغدا توۋا - روزى بەرگەيسەن، ئامىن!

ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئەمدى يەشكىن، — دېدى. ئۇلار ئەبۇ شەھمەنىڭ پۇت - قولىنى يەشتى. ھەزرىتى ئۆمەر يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە قويدى، قان - ياش بىلەن زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ يورۇقى، كۆڭلۈمنىڭ خۇشلۇقى، تىرىكلىكىمنىڭ قۇۋانچىسى ئوغلۇم، كاشكى مەن ئۆلگەن بولسام، سېنىڭ بۇ ھالىڭنى كۆرمىگەن بولاتتىم، — دەپ زار - زار يىغلىدى. بۇ ھالنى كۆ-رۈپ شاھىمەردان مۇرتەزا ئەلى بىھوش بولدى. ئۈچىنچى كېچىسى بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە مۇھەممەد رەسۇلىللا باشلىق بارچە ئەلچىلەرنى باشلاپ ئۇلۇغ يېنىدا ئادەم پەيغەمبەر، سول يېنىدا داۋۇد پەيغەمبەر كېلىپ ئەبۇ شەھمەگە دەرىجە بەردى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ شەھمەنى ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى. قايتىشىدا ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھۇ ئەبۇ شەھمەنى كۆردى. ئۇ:

— ئەي ئەبۇ شەھمە، ھالىڭ قانداقراق؟ — دەپ سورىدى. ئەبۇ شەھمە:

— ئەي ئەلى، ئاتامغا كۆپتىن - كۆپ سالام ئېيتىڭ. ئاللاتائالانىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرگىنى ئۈ-چۈن ئاللاتائالا ئاتامدىن خۇش، مەن تېخىمۇ خۇش. ئەگەر كېيىنكى ئون دەررىنى ئۇرمىغان بولسا، پېقىر بۇ دەرىجىگە يەتمەس ئىدىم، — دېدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

مۇھەممەد سالىھ

# شەيبانىينامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ئوتتۇرا ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا سەلتەنىتىدە ئەمىر تۆمۈردىن كېيىن ماۋەرائۇننەھىردە تۇنجى ئۆزبېك خانلىقىنى قۇرغان سۇلتان مۇھەممەد شەيبانىيخان (1451 — 1510)نىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان «شەيبانىينامە» ناملىق بۇ داستان «زەفەرنامە»، «بابۇرنامە»، «تارىخى رەشىدىي»گە ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئەسەردۇر.

سۇلتان مۇھەممەد شەيبانىيخان شەيبانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ ئەبۇلخەيرخانىنىڭ نەۋرىسى، شاھ بۇداق سۇلتانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادا تەرەپتىن چىڭگىزخانغا تۇتىشىدۇ.[1] ئۇ دادىسىدىن كىچىك قېلىپ بوۋىسى ئەبۇلخەيرخانىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولىدۇ، ئەبۇلخەيرخان ئۇنىڭغا «شاھبەخت» دەپ لەقەم قويىدۇ. كېيىنچە بۇ لەقەم «شەيباقخان، شىباقخان، شىبانخان، شىبان، شەيبەكخان، شايباق، شەيبان» قاتارلىق ھەرخىل ناملاردا ئاتالغان.[2] ئۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا بوۋىسى ئەبۇلخەيرخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن خارابلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان تېمۇرىيلەر سۇلالىسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋەرائۇننەھرگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە ھاكىمىيەت بارا ـ بارا ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئۇ 1510 ـ يىلى مەرۋىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ ھەمدە ئىران شاھى ئىسمائىل سەفەۋىينىڭ 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشىدۇ، ئۇرۇشتا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، ئۆزىمۇ شۇ قېتىملىق جەڭدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

شەيبانىيخان ھەم شائىر بولۇپ، چاغاتاي ۋە پارس تىللىرىدا نۇرغۇن غەزەل، رۇبائىيلارنى يازغان. ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەل ۋە رۇبائىيلىرى ئاساسىدا «شەيبانىيخان دىۋانى» ناملىق بىر دىۋان تۈزگەن. بۇ دىۋاندا 322 پارچە غەزەل، 60 قا يېقىن رۇبائىي بار. مەزكۇر دىۋانىنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى ئىستانبۇل توپقاپى سارىيىدا 2436 دېگەن نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ. شەيبانىيخانىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە «بەھرۇل ـ ھۇدا» ناملىق ئوغلى تېمۇر سۇلتانغان ئاتاپ يازغان پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك ئەسىرى بار بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى ھازىر لوندوندىكى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا 7914 دېگەن نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ.[3] دېمەك، شەيبانىيخان ئۆزىنىڭ يازغان ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

«شەيبانىينامە» — شەيبانىيخانىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان نۇسخىسى بار.[4] بۇنىڭ بىرسى مەشھۇر شا-

---

① ئەبۇلغازى باھادۇرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

② ئەھمەت زەكى ۋەلىدى توغان: «شەيبەكخانىنىڭ شېئىرلىرى»، ئىستانبۇل، 1927 ـ يىلى، 22 ـ بەت.

③ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى — چاغاتاي ئەدەبىياتى ماددىسى»، 312 ـ بەت.

④ بۆرىباي ئەخمەدوۋىچ ئەخمەدوۋ: «16 — 18 ـ ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئائىت ۋەسىقىلەر»، يۇننەن خەلق نەشرىياتى (يۇننەن)، خەلق نەشرىياتى (بېيجىڭ)، 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي (خەنزۇچە نەشرى)، 23 ـ بەت.

ئىر ۋە تارىخشۇناس ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ھەلەۋىي كەمالىددىن بىنائىي (1453 — 1512) نىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، بىنائىينىڭ بۇ نۇسخىنى قاچان يازغانلىقى ھەققىدە كىتابتا ھېچقانداق مەلۇمات يوق، پەقەت شۇ ئەسەردە ئاپتورغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەردىن قارىغاندا، بىنائىينىڭ بۇ نۇسخىنى 1505 - يىلىدىن 1507 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خارەزمدە يازغانلىقى مەلۇم.[1] بۇ نۇسخىنىڭ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بىرقانچە خىل نۇسخىسى بار.[2] بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە تولۇق ساقلانغىنى 844 - نومۇرلۇق ۋە 3422 - نومۇرلۇق يازما نۇسخا بولۇپ، بۇنىڭدىن 844 - نومۇرلۇق نۇسخا شەيبانىيخان ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ كاتىپلىقىنى قىلغان مىرزا مۇمىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن، ھەتتا بەزى جايلىرىنى شەيبانىيخان ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن.[3] بۇ نۇسخا 20 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپلا تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىغان ھەمدە تەتقىقاتتىدا پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، بىراق بۈگۈنكى كۈنگىچە نەشر قىلىنمىغان، پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمى «قازاق خانلىقلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»دا بېرىلگەن.[4] 3422 - نومۇرلۇق نۇسخا پارسچە نۇسخا بولۇپ، خارەزملىك مەشھۇر تارىخشۇناس مۇھەممەد يۇسۇپ بايان 1914 — 1915 - يىللىرى ئارىلىقىدا خىۋەنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسفەندىيارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغان.[5]

«شەيبانىينامە»نىڭ يەنە بىر نۇسخىسى 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان داڭلىق شائىر مۇھەممەد سالىھ (1455 — 1534)نىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ بۇ نۇسخىنى 1499 - يىلىدىن 1505 - يىلىغىچە شەيبانىيخاننىڭ قېشىدا ئۇنىڭغا كاتىپلىق قىلىش جەريانىدا يازغان.[6] مۇھەممەد سالىھ قەلىمىگە مەنسۇپ بۇ نۇسخا مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 8880 مىسرا، 76 باب. بۇ نۇسخىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تېپىلمىغان. ئەمما شائىر ھايات ۋاقتىدا قاسىم كاتىپ تەرىپىدىن 1510 - يىلى كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىسى ۋېنادا ساقلانماقتا.[7] كېيىنرەك كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر نۇسخىسى لېنىنگراد دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي - پەن كۇتۇپخانىسى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.[8] رۇس شەرقشۇناسى مېلىئورانسكىي مۇشۇ نۇسخا ئاساسىدا ئۇنىڭ تەنقىدىي مەتنىنى تۈزگۈزۈپ 1908 - يىلى سانت پېتېربۇرگدا نەشر قىلغان. ئۇنىڭ مېلىئورانسكىي تۈزگۈزگەن مەتنىنى ئاساسىدىكى ئۆزبېكچە نەشرى شائىر ۋە فىلولوگىيە پەنلىرى پىروفېسسورى نەسرۇللا دەۋران تەرىپىدىن 1961 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.[9]

كەمالىددىن بىنائىي بىلەن مۇھەممەد سالىھ بۇ ئەسەرنى ئوخشاش بىر نامدا، ئوخشاش بىر ۋەقەلىك ۋە ئوخشاش بىر شەخس ھەققىدە يازغان بولسىمۇ، بىراق مەزمۇندا بىر ئاز پەرقلەر مەۋجۇت. مۇھەممەد سالىھنىڭ «شەيبانىينامە»سىدە مۇنداق بىرقانچە يېڭى مەزمۇنلار بار:[10]

1. قارا كۆل، قەرشى ۋە خۇزاردا يۈز بەرگەن شەيبانىيخانغا قارشى ھەرىكەتلەر (20 - بابتىن 23 - بابقىچە).

2. شەھرى خىۋە ۋە پەرغانەنىڭ شەيبانىيخان تەسەررۇپىغا كىرگەنلىكى (41 -، 44 -، 49 -، 57 -، 59 - بابلار).

3. كۆچمەن ئۆزبېكلەرنىڭ ھىسار، سىر ۋە ئامۇ دەريا بويلىرىغا يۈرۈش قىلىپ، قۇندۇز، بەدەخشان ۋە بەلخنى

---

① بۇ پەقەت مەزكۇر نۇسخىنىڭ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان 844 - نومۇرلۇق نۇسخىنىڭ 40b بېتىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن قىياس قىلىنغان. بۆرىباي ئەخمەدوۋنىڭ ئەخمەدوۋ: « 16 — 18 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئائىت ۋەسىقىلەر»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى (يۈننەن)، خەلق نەشرىياتى (بېيجىڭ)، 2011 - يىلى 8 - ئاي (خەنزۇچە نەشرى)، 16 - بەت.

② «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرق قول يازمىلىرى توپلىمى»نىڭ 7- جىلد 25 - بېتىگە قارالسۇن.

③ بۆرىباي ئەخمەدوۋچ ئەخمەدوۋ: «16 — 18 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئائىت ۋەسىقىلەر»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى (يۈننەن)، خەلق نەشرىياتى (بېيجىڭ)، 2011 - يىلى 8 - ئاي (خەنزۇچە نەشرى)، 17 - بەت.

④ «قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 91 — 227 - بەتلەر، 507 — 511 - بەتلەر.

⑤ »ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرق قول يازمىلىرى توپلىمى»نىڭ 7- جىلد 25 - بېتىگە قارالسۇن.

⑥ بۆرىباي ئەخمەدوۋچ ئەخمەدوۋ: « 16 — 18 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئائىت ۋەسىقىلەر»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى (يۈننەن)، خەلق نەشرىياتى (بېيجىڭ)، 2011 - يىلى 8 - ئاي (خەنزۇچە نەشرى)، 22 - بەت.

⑦ فىلوگىر: «ۋېنا كۇتۇپخانىسىدىكى ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە قول يازمىلار كاتالوگى»، 2 - جىلد 323 - بەت.

⑧ ئا. ئا. روماسكېۋىچ: «سانت پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى پارسچە، تۈركچە، تاتارچە ۋە ئەرەبچە قول يازمىلار كاتالوگى»، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى مۇزېيخانىسى «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بىرىنچى جىلد 353 — 371 - بەتلەر.

⑨ مۇھەممەد سالىھ: «شەيبانىينامە»، نەسرۇللا دەۋران نەشرگە تەييارلىغان، تاشكەنت، 1961 - يىلى.

⑩ بۆرىباي ئەخمەدوۋچ ئەخمەدوۋ: « 16 — 18 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئائىت ۋەسىقىلەر»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى (يۈننەن)، خەلق نەشرىياتى (بېيجىڭ)، 2011 - يىلى 8 - ئاي (خەنزۇچە نەشرى)، 23 - بەت.

تارتىپ ئالغانلىقىنىڭ ئەھۋاللىرى (57 ـــ 58 ـ بابلار).

4. شەيبانىيخاننىڭ خارەزمگە بىرىنچى قېتىم جازا يۈرۈش قىلغانلىقى (45 ـ، 46 ـ بابلار).

5. سۇلتان ھۈسەيىننىڭ شەيبانىيخاننى خارەزمگە جازا يۈرۈش قىلىشتىن توسقانلىقى، تېمۇرىيلەر قوشۇنىنىڭ قۇندۇز ۋە چارجۇغا قوشۇن تارتىشى (71 ـ بابلار).

ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد سالىھنىڭ نۇسخىسىدا شەيبانىيخاننىڭ خارەزمگە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي يۈرۈشى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، خارەزمنى ئون ئاي قورشاپ ئاندىن ئالغانلىق ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇ ئەھۋاللار بىنائىينىڭ نۇسخىسىدا تىلغا ئېلىنمىغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ۋەقەلەر ئەكس ئېتىلگەن بۇ ئەسەر تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات ۋە تىلشۇناسلىق جەھەتلەردە مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا شەرقشۇناس مىلىرونىسكىينىڭ 1908 ـ يىلى سانت پېتىربۇرگدا نەشر قىلدۇرغان چاغاتايچە باسمىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىز باب (19 ـ بابتىن 27 ـ بابقىچە) نەشرگە تەييارلاندى. ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئەسەردە ئىشلىتىلگەن پارسچە، ئەرەبچە، موڭغۇلچە شۇنداقلا بىر قىسىم تۈركىي تىللار (قىپچاقچە، ئازەربىيچە)نىڭ تەلەپپۇزى ئەينەن ئېلىنىپ مۇۋاپىق ئىزاھ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم جاي ناملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرىگىمۇ مۇۋاپىق ئىزاھ بېرىلدى ۋە ھازىرقى ئورنى كۆرسىتىپ بېرىلدى.

* * *

19

**ھەزرەتى ئىمامۇززەمان ۋە خەلىفەتۇر رەھمان[1] بۇخارانى ئالىپ سەمەرقەند تەختىغە تەۋەججۇھ[2] قىلغانى ۋە سەمەرقەند ئەھلى كېڭەش بىرلە باقى تارخان[3]نى بۇخارا يىبەر[4]گەنلەرى ۋە سۇلتان مەھمۇد بەھادىر[5] ئىلغارى[6]دىن قاچقانى**

خان بۇخارا ئىچىدە فارغبال[7]،
يارىنىڭ سۆھبەتى بىرلە خۇشھال.
فىتنەۋۇ شور[8] سەمەرقەند ئارا،
تۇشۇپ[9] ئول شەھرغە مۇندىن غەۋغا.
كىم بۇكۇن تاڭلا كېلىپ ئالغۇسىدۇر،
ئات ئاياغىدا بۇ ئەل قالغۇسىدۇر.
ئانداغى بەگلەر ئىلە خاجەلەرى،
دەفتەرى مۇلك ئۇزە دىباچەلەرى[10].
باقى تەرخانغا كىشى يىبەرىپ،
بۇيان ـ ئول يانغا كىشىلەر يىبەرىپ.
قويدىلار سۆزنى بۇ يېرگەكى ئەگەر،
خان سەمەرقەند سارى[11] سالسا گۇزەر[12].
باقى تەرخانۇ چىرىكلەر بارى،
ئەيلەگەي ئەزم[13] بۇخارا سارى.
ئۇشبۇ سۆز بىرلە بارىپ ئىشگە قارار،
ئولتۇرۇپ ئايدىلار شەھر ئارا زار.
كىم يەنە خانى سىكەندەرى ھىممەت،
ئۆتۇنۇپ ھەزرەتى ھەقدىن نۇسرەت.
ئاتلانىپ باردى سەمەرقەند سارى،
دېدىلەر ئەھلى سەمەرقەند بارى:
«كىم ئەجەب ۋاقىئە بولغۇسىدۇر،
شەھرىمىز ئۆزبېك ئىلە تولغۇسىدۇر.
ئول كىشى بىرلە ئۇرۇشۇر كىشى يوق،
ئانىڭ ئاللىدا تۇرۇشۇر كىشى يوق.
بار سۇلتانئەلى مىرزاغە بۇ تەۋر[14]،

---

[1] شەيبانىيخاننى كۆرسىتىدۇ؛ [2] تەۋەججۇھ (ئەرەبچە) ـــ يۈزلىنىش، ھۆرمەت؛ [3] باقى تارخان ـــ مىردەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ ئوغلى، ئەمىر تېمۇر ھۆكۈمدارلىرىدىن؛ [4] يىبەرمەك ـــ ئەۋەتمەك؛ [5] سۇلتان مەھمۇد بەھادىر ـــ شەيبانىيخاننىڭ ئىنىسى، شەيبانىيخان قوشۇنىنىڭ سىركەردىسى؛ [6] ئىلغارى ـــ جاي نامى؛ [7] فارغبال (ئەرەبچە) ـــ خاتىرجەم، كۆڭلى تىنچ؛ [8] شور (ئەرەبچە) ـــ غوۋغا، مالىمانچىلىق، ئۇرىتوپىلىك؛ [9] تۇشۇپ ـــ چۈشۈپ؛ [10] دىباچە (پارسچە) ـــ كىرىش سۆز، مۇقەددىمە؛ [11] سارى ـــ تەرەپ، تامان؛ [12] گۇزەر (پارسچە) ـــ يول ئېلىش، ئۆتۈش؛ [13] ئەيلەگەي ئەزم ـــ ئاتلانغاي، يۈرۈش قىلغاي؛ [14] تەۋر (ئەرەبچە) ـــ يوسۇن، ئۇسۇل، تۇس، ھالەت.

بات[1] ئۆتەر بولغاي ئانىڭ جانىغا جەۋر.
بەگلەرىمىز بۇ سىفەتلىق ھەيران،
خاجەلەر مالى بىرلە سەرگەردان.»
ئەلدە بۇ فىكر ئېدىيۇ خان دىلىر[2]،
باردى ئول بىشەگە[3] ئانداقكىم شىر.
ۋەھمىدىن تىترەدىلەر ياخشى ـ يامان،
قالدىلار بارچە ئول ئىشدىن ھەيران.
سەرىپۇل[4] تېگرەسىگە[5] يەتكەندە،
ئول نەۋاھىدە[6] مەقام[7] ئەتكەندە.
باقىدىن ئەيلەدىلەر خانغا خەبەر،
كىم بۇخاراغا سالۇر بولدى گۇزەر.
ئۆزىدىن بۇرنا يىبەردى ئول خان،
ئىنىسىن مۇلكى بۇخاراغا رەۋان.
ئىنىسى ھەزرەتى سۇلتان مەھمۇد،
كەلدىيۇ خەلقنى قىلدى خۇشنۇد[8].
بىر تەرەفدىن بەسى[9] كەلدى سۇلتان،
بىر تەرەفدىن تەقى[10] باقى تارخان.
تۆرت ـ بەش مىڭ كىشى بىرلە باقى،
كەلدىيۇ قاچتى شىجائەت[11] چاقى[12].
ئۆچ يۈز ئۆزبېكنى يىبەردى سۇلتان،
كۆرۈپ ئول خەيل[13]نى قاچتى تارخان.
باردى قەرشى[14]غەۋۇ مۇھكەم بولدى،
مىھنەتۇ رەنجغە ھەمدەم بولدى.
خان تەقى كەلدى يانىپ دەۋلەت ئىلە،
كۆردى سۇلتان ئىنىسىن نۇسرەت ئىلە.
شۇكر ئايىتىپ تەڭرىگە ئولتۇردىلار،
يەنە بۇ فىكرنى خۇب كۆردىلەر.
كىم بۇخارانى قىلىپ مۇستەھكەم،
خەلقنىڭ خاتىرىن ئەيلەپ خۇررەم.
خان سەمەرقەند سارى ئەزم ئەتكەي[15]،

ئەزمىنى تەخت سارى جەزم ئەتكەي.
ئۇشبۇ دەم كەلدى بىراۋ خان قاتى[16]غە،
باش قويۇپ سىدق بىلە خىزمەتىغە.
دېدى: «سۇلتانئەلى مىرزا ئاناسى،
دېمە مىرزا، شەھى دانا ئاناسى.
مېنى خان خىزمەتىغە قىلدى رەۋان.»
دېدى: «خان ئاللىدا قىل مۇنى بەيان،
كىم قەبۇل ئەتسە كەنىز[17]ىدۇرمەن،
گەرچە بۇ شەھر ئەزىزىدۇرمەن.
قىلسۇن ئوغلۇمنى ئوغۇللۇققا قەبۇل،
بولماسۇن خىزمەتىدىن كۆڭلى مەلۇل[18].
خان سەمەرقەندغە پاتراق كەلسۇن،
سۆزلەرىم سىدق[19]نى مۇندا بىلسۇن.»
چۇن بۇ سۆزلەرنى سەمائ[20] ئەيلەدى خان،
دېدى: «ئولدۇر ماڭا ئاسايىشى جان.
ئېشىتىپ مەن سىفەتىنى بىسيار[21]،
غايىبانە مەن ئاڭا ئاشىقى زار.
مەن سەمەرقەندنى ئانسىز نېتەيىن؟
جەسەدى تىيرەنى جانسىز نېتەيىن؟
ئوغلى ئوغلۇمدۇرۇ ئۆزى يارىم،
دىلبەرۇ ھەمنەفەسۇ دىلدارىم.»
ئۇشبۇ سۆزلەرنى دەپ ئول قاسىد[22]غە،
كۆلۇشۇپ ئول تەمەئ[23]ى فاسىد[24]غە.
ياندۇرۇپ ئانى يىبەردىلەر بات،
ئۆزلەرى سوڭ[25]ىچە باردىلار بات.
قاسىد ئول شەھرغە كىرگەچ فىلھال[26]،
بولدى بىكەم[27] قەدەھى مالامال[28].
خان دېگەن سۆزلەر ئىلە بولدى مەست،
قىلدى قاسىد يولىدا باشىنى پەست.
جارلاپ[29] ئوغلىنى كېچەش قىلدى رەۋان،

---

① بات (پارسچە) ــ تېز، ئىلدام، ئىتتىك؛ ② دىلىر (پارسچە) ــ يۈرەكلىك، جاسارەتلىك؛ ③ بىشە (پارسچە) ــ جاڭگال؛ ④ سەرىپۇل ــ سەمەرقەند ۋە بۇ ـ خارا ئارىلىقىدىكى بىر جاينىڭ نامى؛ ⑤ تېگرە ــ ئەتراپ؛ ⑥ نەۋاھى (ئەرەبچە) ــ ئەتراپ، چۆرە، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ناھىيە» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى؛ ⑦ مەقام (ئەرەبچە) ــ ئورۇن، جاي؛ ⑧ خۇشنۇد (پارسچە) ــ رازى، مىننەتدار، شاد؛ ⑨ بەسى (پارسچە) ــ كۆپ، ناھايىتى نۇرغۇن؛ ⑩ تەقى (پارسچە) ــ تېخى، يەنە؛ ⑪ چاق ــ چاغ، ۋاقىت، پەيت؛ ⑫ خەيل (ئەرەبچە) ــ گورۇھ، تائىپە؛ ⑬ قەرشى ــ ئۆزبېكىستاندىكى بىر جاينىڭ نامى؛ ⑭ خۇررەم (پارسچە) ــ خۇشال؛ ⑮ ئەزم ئەتمەك ــ بۇ سۆز ئەسلىدە «بىرەر ئىشقا نىيەت قىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تېكىست مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە «قوشۇن تارتىش، يۈرۈش قىلىش» مەنىسىدە كەلگەن؛ ⑯ قاتىغا ــ قېشىغا، يېنىغا؛ ⑰ كەنىز (ئەرەبچە) ــ چۆرە، دېدەك، «كېنىزەك» سۆزىنىڭ تۈپ شەكلى؛ ⑱ مەلۇل (ئەرەبچە) ــ زېرىكىش، رەنجىش؛ ⑲ سىدق (ئەـ رەبچە) ــ چىن، راست؛ ⑳ سەمائ (ئەرەبچە) ــ ئىشىتىش، ئاڭلاش؛ ㉑ بىسيار (پارسچە) ــ كۆپ، مول؛ ㉒ قاسىد (ئەرەبچە) ــ ئەلچى، خەۋەرچى؛ ㉓ تەمەئ (ئەـ رەبچە) ــ تەمە قىلىش؛ ㉔ فاسىد (ئەرەبچە) ــ بۇزۇق؛ ㉕ سوڭ ــ كەينى، ئارقىسى؛ ㉖ فىلھال (ئەرەبچە) ــ دەرھال، تېز؛ ㉗ بىكەم ــ خانىش، مەلىكە. بۇ سۆزدى ـ كى «ئەم» قوشۇمچىسى «شاھىم، گۈلئايىم، غۇنچەم» سۆزلىرىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە؛ ㉘ مالامال ــ توشقان، تولغان؛ ㉙ جارلاش ــ چاقىرىش، ئېيتىش.

ئۇناتىپ ئوغلىنى بولدى شادان[1].
يەتتى خاندىن تەقى فىلھال خەبەر،
كىم سەمەرقەند سارى قىلدى گۈزەر.
بىكەم ئول ۋاقىئەدىن شاد ئولدى،
سەبرىكەم يوق ئېدى بەرباد ئولدى.
جارلاپ ئوغلىنى دېدى ئۇشبۇ زەمان:
«شەھەردىن چىق، تەقى قىل خىزمەتى خان.»
قاسىدىن ئوغلىغا ھەمراھ ئەتتى،
ئانى ئۆز دەردىدىن ئاگاھ ئەتتى.
دېدى: «خانغا دەيكى مۇندىن ئارتۇق،
فۇرقەت[2]ىڭ ئىچرە ماڭا تاقەت يوق!
ئەل سېنىڭ، مۇلك سېنىڭ، شەھەر سېنىڭ
مەن سېنىڭ، لۇتف[3] سېنىڭ، قەھر سېنىڭ.
مېنىڭ ئوغلۇمغا ئىنايەت كۆرگۈز،
كۆرماگىل يات ئانى قىلغىل ئۆز.»
باغى مەيدان ئارا ئەردى ئول خان،
كۆڭلى بىكەم غەمى بىرلە ھەيران.
كىم خەبەر كەلدىكى مىرزا يېتتى[4]،
تويى جەمئىيەتۇ غەۋغا بىتتى[5].
خان دېدى: «ئوغلۇم ئېرۇر ئول، كەلسۇن،
ماڭا فىلھال كۆرۈنۇش قىلسۇن!»
چۇن بۇ سۆز خان قاتىدا ئايتىلدى،
كەلدى مىرزاۋۇ كۆرۈنۇش قىلدى.
خان ئانى قۇچتىيۇ ئۆپتى[6] يۈزىدىن،
بەردى تەسكىن ئاڭا شىرىن سۆزىدىن.
دېدى: «مىرزا، ماڭا فەرزەند ئولدۇڭ،
ناتەۋان[7] باغرىما پەيۋەند[8] ئولدۇڭ.
ئاناڭ ئەمدى كېلە كۆرسۇن باتراق،
شەھەردىن ئايرىلا كۆرسۇن باتراق.
مەن قىلايىن ئانى فىلھال نىكاھ،
كىم بۇدۇر ئاڭاۋۇ ھەم ساڭا سەلاھ[9].»
خان سۆزى شەھەرغە بارغاچ فىلھال،
چىقتى مىرزا ئاناسى فارغىبال.
ياسانىپ چىقتى پەرى ياڭلىغ بات،
مىئجەر[10]ىدىن ياساپ ئۆزىگە قانات.
باغى مەيدانغا كىرىپ كەلدى رەۋان،
كېلىشىدىن چۇ خەبەر تاپتى خان.
ئانى بىر گۇشە[11]دە ئولتۇرغۇزدى،
ئاللىدا بىر نېچەنى تۇرغۇزدى.
شەھەرنىڭ ئىچىدە تۇشتى غەۋغا،
كىم قاچىپ خانغا تاياندى مىرزا.
ئاناسىنى تەقى خانغا بەردى،
ئاناسى خان ھەرەمىغە كىردى.
خاجە يەھيا دېدى: «بابۇر مىرزا،
كاشكى كەلگەي ئېدى ئۇشبۇ ئارا.»
گەرچە خاجە بۇ تەمەننا قىلدى.
شەھەر خەلقى ئاڭا غەۋغا قىلدى.
بولدۇرا ئالمادىيۇ بولدى خەمۇش،
لېك[12] مەھزۇن[13] ئىچىدە يۈزىمىڭ جۇش[14].
خاجەلەر داغى تۇرا ئالمادىلار،
ھېچ تەدبىر كۆرە ئالمادىلار.
خاجە يەھيا بىلە بارچە يىغىلىپ،
ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئىشىنى بىلىپ،
كەلدىلەر ھەر بىرلەرى خان قاتىغە،
قىلدىلار ئەرزى گۇنەھ[15] خىزمەتىغە[16].
خاجەلەرنى قولىغا ئالغاچ خان،
ئېيلەدى لەشكەرى ئېلىگە فەرمان.
كىم: «يىغىلىپ بارىسى[17] كەلسۇنلار،
مۇلك[18] ئىشىدا كېڭەش قىلسۇنلار!
جەمئ بولسۇن بارى سۇلتانلار ھەم،
پەھلەۋانلار ئىلە[19] ئولتۇرغانلار ھەم»
بولدىلار جەمئ بارى ياخشى ـ يامان،
كېڭەش ئېيلەرگە زەمىنى فەرمان.
فىكر ئىلە ئۆزلەرىنى قىستادىلەر،

① شادان (پارسچە) ــ خۇرسەن، خۇشال؛ ② فۇرقەت (ئەرەبچە) ــ ئايرىلىش، جۇدالىق؛ ③ لۇتف (ئەرەبچە) ــ مۇلايىم، رەھىمدىل، شەپقەت؛ ④ يېتمەك ــ يەتمەك؛ ⑤ بىتمەك ــ ئاياغلاشماق؛ ⑥ ئۆپمەك ــ سۆيمەك؛ ⑦ ناتەۋان (پارسچە) ــ كۈچسىز، ئاجىز؛ ⑧ پەيۋەند (پارسچە) ــ تۇتاشماق، بىرىكتۈرمەك، قىستۇرماق؛ ⑨ سەلاھ (ئەرەبچە) ــ ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك؛ ⑩ مىئجەر (ئەرەبچە) ــ نىقاب، پەنجىرە، چۈمبەل، چۈمپەردە؛ ⑪ گۇشە (پارسچە) ــ بۇلۇڭ، چەت، ياقا؛ ⑫ لېك ــ لېكىن؛ ⑬ مەھزۇن (ئەرەبچە) ــ غەمكىن، قايغۇلۇق؛ ⑭ جۇش (پارسچە) ــ قايناق، قىزغىن؛ ⑮ ئەرزى گۇنەھ (پارسچە) ــ گۇناھىنى تاپشۇرماق، ئۆزىنى تەكشۈرمەك؛ ⑯ بۇ يەردىكى «خىزمەتىغە» سۆزى «ھۇزۇرى، دەرگاھى» مەنىسىدە كەلگەن؛ ⑰ بارىسى ــ ھەممىسى؛ ⑱ مۇلك (ئەرەبچە) ــ مەملىكەت، يۇرت، پادىشاھلىق؛ ⑲ ئىلە ــ بىلەن.

خەلقىنىڭ تىنچلىقىنى ئىستەدىلەر.
دېدىلەر: «بولسا تىرىك بۇ مىرزا،
ھېچ كەم بولغۇسى يوقتۇر غەۋغا.»
ئۇشبۇ سۆز بىرلە بولۇبان بىغەم،
قىلدىلار خىزمەتى مىرزانى ئەدەم.
ئاناسىن بىر كىشىگە بەردىلەر،
ئىش سۆزىن دەر كىشىگە بەردىلەر.
ئول مۇنۇڭ ئەۋ①ىدا مەنزىل قىلدى،
بۇ ئانىڭ كامىنى ھاسىل قىلدى.
لەئنەت ئول نەۋئ②ئاناغا كىم ئول،
نەفسى ئۈچۈن ئۆلۈمە بەردى ئوغۇل.
كىمكى خاتۇن سۆزى بىرلە بولغاي،
ئەجەب ئەرمەس بۇكى، قانى تولغاي.
كىمكى خاتۇن سۆزىگە سالسا قۇلاق،
جايى ئول باركى، بولغاي ئانداق.
چۈنكى مىرزا ئىشى ئانداق بولدى،
شەھر خان قولىلارىغا ئەۋرۇلدى③.
ئالدىلار مالۇ غەنىمەت سانسىز،
بارچە تاراجىسىزۇ تالانسىز.
چۈن قازاق شەھر ئىچىگە كۆپ كىردى،
مالدىن شەھر ئېلىن ئايىردى.
جانۋەفا بەي④نى تىلەپ خانى غەنى⑤،
ئەيلەدى شەھردە دارۇغە⑥ ئانى.
دېدى: «شەھر ئىچرە كىرىپ ئەل ئاندا،
بولماسۇن غارەت⑦ۇ تاراج ۋە بەلا.»
جانۋەفا شەھرغە كىرگەچ فىلھال،
قىلدى باشتاقلىق ئېتەرنى پامال⑧.
تاپتى دارۇغە بىلە شەھر ئارام،
تۇتتى يەرلىك يەرىگە بارچە مەقام.
خاجەلەرنى يىبەرە بەردىلەر،
بارچەسىن مالدىن ئايىردىلەر.

خاجە يەھياغا ئىنايەت⑨ بىلە خان،
دېدى: «ئەي خاجەئى ئەربابى زەمان!
ساڭا بۇ ئىش نە مۇناسىپ ئەردى،
كىم بۇ مىرزاغە مۇساھىب⑩ ئەردى.
سەن كىيۇ مۇلك ئىشىنى قىلماق،
بارچەدىن ئەمدى كېرەك ئايرىلماق.
بار خۇراسان سارىكىم بۇ كىشۋەر⑪،
بولدى دەخلىڭ سەبەبىدىن ئەبتەر⑫!»
بەردى ئۆز ئاتىنىيۇ دېدى ئاڭا،
كىم: «مۇنۇڭ فايدەسى بار ساڭا.
سەندىن ئۈچ كۈنگەچە ئوت – سۇ تىلەمەس،
يول يۈرۈپ ئوت تىلەمەس، سۇ تىلەمەس.
سەن يۈرۈ ئەمدى جەھاندىن ئازاد،
قايداكىم خاتىرىڭ ئىستەر بول شاد!»
خاجە يەھياغا چۇ بولدى رۇخسەت،
قويدى يۈز خاجەغە يۈز مىڭ مېھنەت.
ئەھلۇ ئەۋلادى يىغىلدى بارچە،
ئەل – ئۇلۇس قاشىغا كەلدى بارچە.
تىۋە⑬لەر يۈكلەدىلەر نېچە قاتار،
تۈزدىلەر يەنە قاتار ئىلە مەھار⑭.
گەنج⑮ى بىسيار⑯ سالىپ چىقتىلار،
ئاسرۇ⑰ كۆپ مال ئالىپ چىقتىلار.
كۆرگەچ ئول مالۇ ياراغىنى قازاق،
تەمەئ⑱ ئەتتى ئاڭاۋۇ باردى جاق⑲.
بارىبان سوڭچە ئولتۇردىلار،
مالىنى قوش⑳ تاپا㉑ كەلتۇردىلار.
خانىنىڭ ئاندىن خەبەرى يوق ئەردى،
مالىغا ھەم نەزەرى يوق ئەردى.
قالدى بىر خاجەگە دەۋرى ئەييام㉒،
قىلىپ ئەردى ئانى شەيخۇلئىسلام㉓.
بۇلمەكارىم㉔ ئاتىيۇ ئەتۋارى㉕،

① ئەۋ — ئۆي؛ ② نەۋئ (ئەرەبچە) — تۇر، خىل؛ ③ ئەۋرۇلدى — ئايلاندى، ئۆرۈلدى؛ ④ جان ۋەفابەي — شايبانىيخان ئەمەلدارلىرىدىن بىرى؛ ⑤ غەنى (ئەرەبچە) — باي، دۆلەتمەن؛ ⑥ دارۇغە — دورغا، شەھەر باشلىقى؛ ⑦ غارەت (ئەرەبچە) — تالان – تاراج، تالان – تاراج قىلىپ بىر – بىر نەرسىنى ئېلىپ كەتمەك؛ ⑧ پامال (پارسچە) — توغرىسى «پايمال»، ئاياغ ئاستى قىلىش؛ ⑨ ئىنايەت (ئەرەبچە) — ئېھسان، ياخشىلىق، غەمخورلۇق؛ ⑩ مۇساھىب (ئەرەبچە) — سۆھبەتداش، ئۈلپەتداش؛ ⑪ كىشۋەر (پارسچە) — مەملىكەت، ئىقلىم؛ ⑫ ئەبتەر (ئەرەبچە) — كالتە، قىسقا، پايدىسىز؛ ⑬ تىۋە — تۆگە؛ ⑭ مەھار (پارسچە) — ئارغامچا ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇك، توقۇناق؛ ⑮ گەنج (پارسچە) — خەزىنە، بايلىق، مال – دۇنيا؛ ⑯ بىسيار (پارسچە) — كۆپ، مول؛ ⑰ ئاسرۇ (پارسچە) — نا- ھايىتى كۆپ، سانسىز؛ ⑱ تەمەئ (ئەرەبچە) — خام خىيال، تەمە قىلىش؛ ⑲ جاق — يېقىن؛ ⑳ قوش — قوشۇن؛ ㉑ تاپا — تەرەپ؛ ㉒ ئەييام (ئەرەبچە) — دەۋر، چاغ، زامان؛ ㉓ شەيخۇلئىسلام (ئەرەبچە) — ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي مەنسەپ، ئۇنۋان ۋە مۇشۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى؛ ㉔ بۇلمەكارىم — سەمەرقەند شەھرىنىڭ شەيخۇلئىسلامى؛ ㉕ ئاتىيۇ ئەتۋارى — نام – شەرىپى.

ناپىسەند[1]ىدەۋۇ ناخۇش[2] بارى.
خان ئاڭا ئەيلەدى بىسيار كەرەم[3]،
قىلدى ئەسھاب[4]ىغا ئىزھار كەرەم.
ئانى شەھر ئىچرە ئالىپ چىقتى ئۆزى،
بولدى لەشكەر بىلە بۇ نەۋئ سۆزى.
كىم بولۇبان ئېلى سۇلتان سەردار،
ئەيلەبان كۆچۈ ياراغىن تەييار.
تەبرەسىلەر بەسى تۈركىستاندىن،
كەلسەلەر يەسى بىلە سۇران[5]دىن.
مۇلكىنىڭ مەسلەھەتىغە ئۇشبۇ،
ياخشى سۆزدۇر بۇ يار ئەيلەر ئاسرۇ[6].
بۇ كېڭەش بىرلە يىبەردى ئول خان،
لەشكەرىنى تەرەفى تۈركىستان.
لەشكەرىنىڭ كۆپى ئول يان باردى،
لەشكەر ئىلە ئىككى سۇلتان باردى.
ئول ئىككىكىم يۈرۈدىلەر ئول يان،
بولدى مەھدىيۇ سەۋىنچىك سۇلتان[7].
باردى مەھمۇد دېگەن سۇلتان ھەم،
كى بۇخار ئەھلىنى قىلغاي خۇررەم.
خان بارىپ خاجە دىدار ئولتۇردى،
ئانى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆردى.
جانىۋەفا ئەردى سەمەرقەند ئارا،
بەش يۈز ئۆزبېك بىلە خۇش بىپەرۋا.
ئۇشبۇ ھالەت بىلە شەيخۇلئىسلام،
شاھ بابۇرغا يىبەردى پەيغام[8]:
«كىم ئېرۇر خان ۋەتەنى خاجە دىدار،
ئۆزى ئول قەلئە ئارا تاپتى قەرار.
جانىۋەفا ئاز كىشى بىرلە ھاسىل،
شەھر ئىچىندە تۇرۇپتۇر غافىل.
كەل فالان كېچە فالان كوچا سارى،
كىم سېنىڭ سارى كېلۇر خەلق بارى.
بىز سېنى شەھر ئىچىگە كېۋۇرالى[9]،
تۇتۇپ ئۆزبېكنى ساڭا كەلتۇرەلى.»
كەلدى بولجار[10] بىلە بابۇر ھەم،
كىربان قەلئەنى قىلدى مۇھكەم.
جانىۋەفاغا چۇ بۇ ئىش بولدى ئەيان،
شەھردىن چاپقۇلاشا[11] چىقتى رەۋان.
كەلدى خان ئاللىداۋۇ قىلدى ئەدا،
ھەرنەكىم سالدى ئاڭا ھۆكمى قەزا.
كەلدى خان ئاتلانىپ ئاندىن فىلھال،
شەھرنى ئەيلەگەيمەن دەپ پامال.
لېك لەشكەر ئاز ئېدىيۇ قورغان،
مۇھكەم ئەردىيۇ ئېلى بىپايان.
ياندى ناچار زەرۇرەت[12] بىرلە،
تۇردى ئول كۇدۇرەت[13] بىرلە.
ئانچەكىم كۆچ ئىلە كەلدى لەشكەر،
بولدىلار بارچە ئەداۋەت گۇستەر[14].
ئوخشاش ئول بولدىكى لەشكەر بارى،
ئەيلەگەي ئەزمى بۇخارا سارى.
بېركىتىپ كوچەلارىنى ئاندا،
ئۆيلەكىم يەسى بىلەن سۇراندا.
ئۆزگە ھەر سارى يۈرۈش قىلغايلار،
ھەركىم ئۇرۇشسا ئۇرۇش قىلغايلار.
ھەمزە سۇلتان[15] بىلە مەھدى سۇلتان[16]،
تۇتتى كوفىن[17]ۇ فەراخىن[18]دا مەكان.
قىلدى خان شەھرى بۇخارادا نۇزۇل[19]،
قىلدىلار خىزمەتىن ئەل بارچە قەبۇل.
قىلدى سۇلتانى بۇخارا مەھمۇد،

① ناپىسەند (پارسچە) — لايەقەتسىز، ياقمىغان؛ ② ناخۇش (پارسچە) — يېقىمسىز، پەرىشان؛ ③ كەرەم (ئەرەبچە) — ياخشىلىق، سېخىي، مەرھەمەت؛ ④ ئەسھاب (ئەرەبچە) — ئۇلپەتداشلار، دوستلار، ئاغىنىلەر؛ ⑤ يەسى بىلە سۇران — ئەينى دەۋردىكى تۈركىستان شەھرىگە قاراشلىق يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ⑥ يار ئەيلەر ئاسرۇ — ھەممە ياقتۇرىدىغان؛ ⑦ مەھدىيۇ سەۋىنچىك سۇلتان — شەيبانىيخانىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن؛ ⑧ پەيغام (پارسچە) — خەۋەر؛ ⑨ كېۋۇرالى — كىرگۈزەيلى ⑩ بولجار (موڭغۇلچە) — ئالدىن كېلىشىلگەن جاي، ۋەدىلەشكەن جاي، پوزىتسىيە؛ ⑪ چاپقۇلاشا — يۈگۈرۈشۈپ؛ ⑫ زەرۇرەت (ئەرەبچە) — زۆرۈر، لازىم؛ ⑬ كۇدۇرەت (ئەرەبچە) — غەم، قايغۇ، غەشلىك؛ ⑭ ئەداۋەت گۇستەر (پارسچە) — ئاداۋەت سالغۇچى؛ ⑮ ھەمزە سۇلتان — شەيبانىيخانىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى؛ ⑯ مەھدى سۇلتان — شەيبانىيخانىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى؛ ⑰ كوفىن — ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۇلاب ئوبلاستى تەۋەسىدە بولۇپ، خوراسانغا جايلاشقان كىچىك بىر شەھەر؛ ⑱ فەراخىن — ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۇلاب ئوبلاستى تەۋەسىدە؛ ⑲ نۇزۇل (ئەرەبچە) — چۈشۈش.

ئاغا[1]سى كۆڭلىنى ئۆزىدىن خۇشنۇد.

20

### ئىمامۇززەمان خەبەرلەرىن ئېشىتىپ مەرۋە مىرزاسى ۋە قارا كۆل[2] ئېلى ۋە بەئزى ۋەلايەتلەرنىڭ تۇغيانى

خان سەمەرقەندنى ئالدۇرغاندا،
باياغى[3] قەلئەدە ئولتۇرغاندا.
ئەكسەر[4] ئەل تارتىلىپ ئېدى خاندىن،
فىتنە باشلاپ ئېدىلەر ھەر ياندىن.
قارا كۆل ئەھلىيۇ قەرشىيۇ خۇزار[5]،
ياغىلىق ئەيلەپ ئېدىلەر ئىزھار.
كىش[6] ئېلى ھەم قىلىپ ئەردى تۇغيان،
بىركىتىپ ئەردى ئۇل ئەل ھەم قورغان.
بىركىتىپ ئەھلى قاراكۆل بارى،
چەكتىلەر ئۆزلەرىنى مەرۋە سارى.
شاھ ئەبۇلمۇھسىن[7] غافىلغا مەگەر[8]،
يىبەرىپ ئەردىلەر ئۇل خەيلى خەبەر[9]:
«كىم بۇگۇن تاڭلا كېلۇر شەيباقخان،
زاھىرەن[10] دائىيە[11]ئى تۇركىستان.
سەن ئۆزۈڭنى بۇ تەرەفغە يەتكۇر،
ئەل ئۇلۇسنى بۇ شەرەفغە يەتكۇر.
گەر ئۆزۈڭ كەلمەسەڭ، ئەي خۇسرەۋى ئەھد[12]،
ئەيلە ئىلغار يىبەرۇردە جەھد[13].
بىر قولۇڭ كەلسە بۇ كىشۋەرگە يېتەر،
بىز بىرىكسەك خان خەيلى[14] نېتەر[15].»
چۇن بۇ سۆز يەتتى ئەبۇلمۇھسىنغا،
ئاسرۇ كار ئەتتى ئەبۇلمۇھسىنغا.
ئاتلانۇر بولدى قاراكۆل سارى،
بولدىلار لەشكەرى تەييار بارى.

ئەمدىكىم ئۇل باشىغا كەلدىلەر،
بەگلەرى بارچە كېڭەش قىلدىلار.
دېدىلەر: «ئاسرۇ ئېرۇر دۇشۋار[16] ئىش،
بارىپ ئۆزبېك بىلە قىلماق سانجىش.
پادشاھدۇر ئۇلۇغ ئاسرۇ خان،
قاشىدا نېچە بەھادۇر سۇلتان.
خان بىلە بولماسا ھېچكىم ھالا،
باردۇر ئۈچ مىڭ كىشى خۇد[17] رەزم[18] ئارا.
ھىرى[19]دىن كەلسە ئۇلۇغ مىرزامىز،
كۆپ يىغىن قىلسا ئۇلۇغ مىرزامىز.
ياغىقىپ[20] كەتكەن ئوغۇللارغا تەمام،
بىتسە خەتلەرۇ قىلسا پەيغام.
بارچەسىن يىغسا ئۆزىنىڭ قاتىغە،
كەلسەلەر بارچە ئانىڭ خىزمەتىغە.
قىلا ئالماسلار ئۇرۇش خان بىرلە،
بارچەنىڭ ئىشى تۇشەر جان بىرلە.
بىز بارىپ نە ئىش ئېتە ئالغايبىز،
بەسى نە يەرگە يېتە ئالغايبىز.
قارا كۆل ئېلى بىلە بىز نېتەلى[21]،
نە قىلىپ قەلئەسىنى بېركىتەلى.
قەلئەسىن بىزگە ئۇل ئەل بەرگەندە،
بىز بارىپ قەلئەسىغە كىرگەندە.
قالىن ئۆزبېك دارى[22]سا نېتكەيبىز،
نېچۇك ئاھەنگى قارار[23] ئەتكەيبىز؟
بىزگە كىم بولغۇسىدۇر ئاندا مەدەد،
قالغۇمىز قەلئەدە مەھبۇس ئەبەد.»
چۇنكى بەگلەر دېدىلەر بۇ سۆزلەر،
ئويناتا باشلادى مىرزا كۆزلەر.
ھەر سارى تەلمۇرە قالدى مىرزا،
يول باشىندا تۇرا قالدى مىرزا.
تۇشتى كۆڭلى ئارا ۋەھمى كارى،

---

① ئاغا — ئاكا؛ ② قارا كۆل — ھازىرقى بۇخارا ئوبلاستىنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ؛ ③ باياغى — بايىقى؛ ④ ئەكسەر (ئەرەبچە) — كۆپ قىسمى، كۆپى، كۆپچىلىكى؛ ⑤ خۇزار — قەرشى شەھرىگە يېقىن بىر جاينىڭ نامى؛ ⑥ كىش — ھازىرقى سەبز شەھرىنى كۆرسىتىدۇ؛ ⑦ ئەبۇلمۇھسىن — تېمۇر شاھزادىلىرىدىن بىرى؛ ⑧ مەگەر (پارسچە) — بىراق، ئەمما، ئەگەر؛ ⑨ خەيلى خەبەر — خەۋەرچى قوشۇن؛ ⑩ زاھىرەن (ئەرەبچە) — قارىماققا، گويا، كۆرۈنۈشتە؛ ⑪ دائىيە (ئەرەبچە) — ئارزۇ، مەقسەت، ئىرادە؛ ⑫ خۇسرەۋى ئەھد — زاماننىڭ شاھى، زامانىمىزنىڭ شاھى دېمەكچى؛ ⑬ جەھد (ئەرەبچە) — تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش؛ ⑭ خان خەيلى — خان قوشۇنى؛ ⑮ نېتەر — بولماسلىق؛ ⑯ دۇشۋار (پارسچە) — قىيىن، مۇشكۇل؛ ⑰ خۇد (پارسچە) — ئۆز، دەل، شۇ، مەزكۇر؛ ⑱ خۇد رەزم — مەزكۇر جەڭ، دەل شۇ جەڭ؛ ⑲ ھىرى — ھىرات، ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە؛ ⑳ ياغىقىپ — ئۇرۇش قىلىش؛ ㉑ نېتەلى — قانداق قىلايلى؛ ㉒ دارى — يېقىنلاپ كەلمەك؛ ㉓ ئاھەنگى قىرار — قارار، پىلان ئويى، قارار ئىرادىسى، كۆڭۈلگە پۈكۈلگەن مەۋقە.

قايتۇر بولدى رەۋان ئەۋ سارى.
دېدىلەر: «بەگلەرىكىم سەبر قىلىڭ،
بۇ قايتۇردا ئىشىڭىزنى بىلىڭ.
دېمەسۇن سىزنى خەلايىق قورققاق،
بىر نېچە سۆز ئايتىڭ قايتۇر چاق.
ئايتىڭىز سۆدىن ئۆتەرمەن فىلھال،
ھەر نېچە بولسا ئۆكۈز مالامال.
بارىپ ئۆزبېك بىلە رەزم ئەيلەرمەن،
رەزمىنىڭ ئەزم[1]نى جەزم ئەيلەرمەن.
بىر نېچە لاف ئايتىڭ بۇ ياڭلىغ،
بىر نېچە لاف ساتىڭ بۇ ياڭلىغ.
قىلالى ئول ئارا بىزلەر دەرخاست[2]،
سىز بۇ سۆزلەرگە بولۇڭىز سەرراست[3].»
شاھ ئەبۇلمۇھسىن بىچارە رەۋان،
چىقتى تەختى ئۆزە ئەيلەپ جەۋلان.
كەلدىلەر ياخشى ـ يامان خىزمەتتغە،
دېدىلەر يول سۆزىنى ھەزرەتتغە.
قارا كۆل ئېلى داغى[4] كەلدى بارى،
بارىنىڭ كۆزى قارا كۆل سارى.
تەختىنىڭ ئالدىدا كۆرگەچ غەۋغا،
دېدى بەگلەر سۆزىنى ئول مىرزا.
كەلدىلەر خىزمەتىگە بەگلەر ھەم،
بارچە دەرخاست سۆزىگە مۇھكەم.
دېدىلەر: «بىر نېچە كۈن سىز تۇرۇڭىز،
قاراكۆلنىڭ ئىشىنى ھەم كۆرۈڭىز.
ئەل ئۇلۇغى بىلە بارسۇن ئىلغار[5]،
كىرسۇن ئىلغارغا ئول مۇلكۇ دىيار.
سىز تەقى بارىڭىز ئاندىن سوڭرا،
ئول سارى دارىڭىز ئاندىن سوڭرا.
ئاتاڭىزگە تەقى بارسۇن بۇ خەبەر،
كەلسۇن ئاندىن تەقى بىزگە لەشكەر.»
قىلدى مىرزا تەقى دەرخاست قەبۇل،
ئۆزىدىن قىلمادى بەگلەرنى مەلۇل.
دېدى كۆڭلىدەكى: «رەھمەت سىزگە،
كىم بۇ سۆزلەرنى دېدىڭىز بىزگە.»
چىقىبان بەگلەر ئانىڭ قاتىدىن،
خۇررەمۇ شاد ئانىڭ خىزمەتىدىن.
يەتتى يۈزچە كىشى ئەيلەپ تەييار،
يەتىدىلەر قاراكۆلغە ئىلغار.
قاراكۆل ئەھلى ئول ئىلغار بىلە،
ياندىلار ئەۋ سارى بولجار بىلە.
بەردىلەر بەگلەر ئالارغا بولجار،
دېدىلەر شەھرغە كىرگەچ ئىلغار.
كىردى ئىلغارلارى قورغانغا،
سۆزلەرى يەتتى جەنابى خانغا.
قەرشىنىڭ ئېلى ھەم ئەتكەچ تۇغيان،
تۇردى ئول قەلئەدە باقى تارخان.
ئاندا ھەم باشلادىلار غەۋغانى،
بولدى ھەر قايسىغا باسقار ئانى[6].
كىشگە ھەم كىردى قىلىبان جەۋلان،
خىزمەتى دۇست مۇھەممەد تارخان[7].
بارچە بابۇرغا بولۇبان مايىل،
بولدىلار قۇللۇق ئېتەردە يەكدىل[8].

## 21

## ئىمامۇززەمان بۇخارادىن سۇلتان مەھمۇد بەھادىرنى قاراكۆلگە[9] يىبەرگەنى

خان بۇخارا ئارا قىلغاچ مەسكەن[10]،
ئەيلەگەچ كۆچەلەرى ئاندا ۋەتەن.
مەشۇەرەت[11] ئەيلەدى سۇلتانلار ئىلە،
بارچە مىرزالارۇ ئوغلانلار ئىلە.
سۆز مۇڭا تاپتى قەرار ئاخىرى كار[12]،
كىم قاراكۆل يەقىندۇر بىسيار.
تەڭرى بەرسە مۇنى ئەۋۋەل ئالالى،
سوڭرا غەۋغانى ئالارغا سالالى.
ئۇشبۇ سۆز بىرلە رەۋان ھەزرەتى خان،
ئەيلەدى ھۆكمۇ يۈرۈتتى فەرمان.

① ئەزم (ئەرەبچە) ــ نىيەت، قارار؛ ② دەرخاست (پارسچە) ــ ئىلتىماس، تەلەپ؛ ③ سەرراست (پارسچە) ــ تۈز، تۈز كۆڭۈل، ئاق كۆڭۈل؛ ④ داغى ــ يەنە؛ ⑤ ئىلغار ــ قوشۇننىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى، ئالدىن يۈرەر قىسىم.؛ ⑥ باسقار ئانى ــ «پەسكويغا چۈشىدىغان ۋاقىت بولدى» دېگەن مەنىدە؛ ⑦ مۇھەممەد تارخان ــ تېمۇر ھۆكۈمدارلىرىدىن؛ ⑧ يەكدىل (پارسچە) ــ بىر نىيەت، مەقسەت ـ مۇددىئاسى بىر؛ ⑨ قاراكۆل ــ ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا ۋىلايىتى ئەتراپىدا؛ ⑩ مەسكەن (ئەرەبچە) ــ تۇرار جاي، ئۆي، ماكان؛ ⑪ مەشۇەرەت (ئەرەبچە) ــ كېڭەش، مەسلىھەت؛ ⑫ كار (پارسچە) ــ تەسىر.

كىم جەھان نازىم[1]ى سۇلتان مەھمۇد،
تىلەبان نۇسرەتۇ فەزلى مەئبۇد[2].
«قاراكۆل سارى چىرىك ئاتلانسۇن،
چىرىك ياخشى يۇرۇپ قاتلانسۇن.
بارسۇن ئانىڭ بىلە تىگ‌لاپ فەرمان،
رۇستەمى ئەھد سەۋىنچىك سۇلتان.
بەسى بارسۇن جانىبېك سۇلتان ھەم،
ئۆزىنىڭ لەشكەرىدىن ئەئيان[3] ھەم.
تەقى سۇلتان تېمۇر رەۋشەندىل[4]،
بەسى ئول رەزم ئارا بولسۇن ھاسىل.»
خان ئۆزى تۇردى بۇخارا ئىچىدە،
يۈز تۇمەن فىتنەۋۇ غەۋغا ئىچىدە.
باردى باشلاپ چىرىكنى سۇلتان،
ئول يۇسۇن بىلە ھۆكم ئەيلەدى خان.
رەزمىتىن[5]دىن ئۆتە تۇشكەچ لەشكەر،
دېدى سۇلتان پىسەند[6]ىدە سىيەر[7].
كىم: «يۇرۇپ ئىلگەرى بىر مىڭ كىشى،
ئاڭلاسۇنكىم نېدۇرۇر خەسم ئىشى.
بولسۇن ئول خەيلۇ ئۇلۇسقا سەردار،
شاھ جانىبېكى سۇلتان كىردار[8].»
ئول چىرىك ئىلگەرى كەلگەچ فىلھال،
شەھر ئىلە ئەيلەدىلەر ئىستىقبال.
چىقتىلار بارچە ياياغۇ ئاتلىق،
يۈزبېگى بىرلە ياساقى ئاتلىق.
مەرۋە ئىلغارى ھەم ئاتلاندىلار،
بارچە ئۆز ئىشىدا قاتلاندىلار.
مىڭچە ئاتلىق بىلە ئۈچمىڭچە ياياغ،
چىقتىلار بارچەسىدا ئوقۇ ساداغ.
كۆچەبەند[9] ئاغزىدا ئوق تۇردىلار،
چىرىك ئازۇ كۆپىنى كۆردىلەر.
كۆرگەچ ئول خەيلىن چاپتى سۇلتان،
قالمادى ھېچ چاپىشىدىن ئارمان.
يېتىبان چاپتى ئۆزى بىر كىشىنى،
كۆردىلەر بارچە خەلايىق ئىشىنى.
كىمكى ئانىڭ بىلە بارىپ ئەردى،
بارچە بىر يولى ئۇرۇشقا كىردى.
ۋەھمىدىن سارت چىقا ئالمادى ھېچ،
كوچەبەند ئىچرە بەسى ئەيلەدى پېچ[10].
بىر نېچە ئوق ئاتىشىپ ياندىلار،
تۇشكەن ئەللەر تەقى ئاتلاندىلار.
يۇرۇبان قوش تاپا ياندى سۇلتان،
چىرىك ئەھلى تەقى ياندى يەكسان.
خەسم چۇن كۆردى چىرىكنىڭ يانىشىن،
راھبەر[11] ئەيلەدى قىسقا ساغىشىن.
كوچەلاردىن چىقىبان كەلدىلەر،
تامۇ تاشنى يىقىبان كەلدىلەر.
ئىلگەرى ئاتلىقۇ سوڭىدا ياياغ،
بەلكى سولىداۋۇ ئوڭىدا ياياغ.
ئاتقۇلاب[12]ۇ قىچقىرىشە يەتتىلەر،
سوڭىمىزدىن ئېرىشە يەتتى[13]لەر.
ئول چىرىك سوڭىدا ئىستەپ مەيدان،
بار ئېدى ئاق مۇھەممەد ئوغلان.
بولغاچ ئول فىتنەۋۇ غەۋغا ئاندا،
بەندە[14] ھەم بار ئېدى گويا ئاندا.
تەقى سۇلتان نەۋكەرىدىن بىسيار،
بار ئېدىلەر بارى چۇست[15]ۇ جەررار[16].
يەتكەچ ئول قەۋم چاپىشتۇق ئۇترۇ،
قىردۇك ئول ئەقىلسىزلەرنى ئاسرۇ.
چاپا كەلدى جانىبېك سۇلتان ھەم،
رەزم قىلدى جانىبېك سۇلتان ھەم.
ئاتلىغى چىقتى ۋەلې قالدى ياياغ،
ئات ئاياغىدا ئۆزىن سالدى ياياغ.

---

① نازىم (ئەرەبچە) ـــ تەرتىپكە سالغۇچى، تۈزگۈچى؛ ② مەئبۇد (ئەرەبچە) ـــ مەبۇد، تەڭرى؛ ③ ئەئيان (ئەرەبچە) ـــ ئاقسۆڭەكلەر، ئېسىلزادىلەر؛ ④ رەۋشەندىل (پارسچە) ـــ پاك قەلب؛ ⑤ ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇخارا ۋىلايىتىدىكى رامىتان رايونىنى كۆرسىتىدۇ؛ ⑥ پىسەند (پارسچە) ـــ يارايدىغان، ئەرزىيدىغان؛ ⑦ سىيەر (پارسچە، ئەرەبچە) ـــ ئىش ـ ئىزلىرى، تارىخى، ئەخلاقى، ئادەت، خىسلەت. «پىسەندىدە سىيەر» بولغاندا «ئەخلاقى نەمۇنىلىك كىشى، نامى ياخشى ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ⑧ سۇلتان كىردار ـــ ئىش ـ ھەرىكىتى سۇلتانغا خاس كىشى، سۇلتان سۈپەت كىشى؛ ⑨ كوچەبەند (پارسچە) ـــ كوچا ئېغىزى؛ ⑩ پېچ، پېچ ئەيلەمەك (پارسچە) ـــ ئايلانماق، چۆرگىلىمەك؛ ⑪ راھبەر ـــ يول باشلىغۇچى، يېتەكچى؛ ⑫ ئاتقۇلاب ـــ ئات چاپتۇرۇپ؛ ⑬ ئېرىشە يەتتى ـــ «يېتىشىۋالدى، بىزگە يېتىشىۋالدى» دېگەن مەنىدە؛ ⑭ بۇ يەردىكى «بەندە» سۆزى مۇشۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد سالىھنى كۆرسىتىدۇ؛ ⑮ چۇست ـــ تېز، ئىلدام؛ ⑯ جەررار (پارسچە) ـــ سۆرەلگۈچى، كۆپلىكىدىن ئاستا ئىلگىرىلەيدىغان قوشۇن.

كىم كىشى بولدى ئېكىن ئاندا خالاس،
بولدىلار بارچە ئەدەم[1] ھۆكمىغە خاس.
ئول زامان قەتل ئىشىدىن غەم يوق ئېدى،
كىشى ئۆلتۈرمەگەن ئادەم يوق ئېدى.
قىرىلىپ ياتتى ئۇلۇس[2] ھەر ياندا،
بولدى بۇنياد[3] قىرىلماق ئاندا.
ئول كىشىلەركى بۇ ئىشدا ئايدىلار،
بىر كىشى قولىنى كۆتەردى، دېدىلەر.
فەتھ بولغاچ جانىبېك سۇلتانغا،
باش بىلە كىشى يىبەردى خانغا.
قىلدى سۇلتانغا ھەم ئاندىن ئىخبار[4]،
بولدى سۇلتان ھەم ئاڭا مەدھى گۇزار[5].
تاڭلاسى كەلدى ئۇلۇغ سۇلتان ھەم،
خاتىرى ئاسرۇ بۇ ئىشدىن خۇررەم.
شەھرنىڭ تېگرەسىگە چۇن كەلدى،
شەھر ئەھلىغە نەسىھەت قىلدى.
دەپ يىبەردىكى: «يامانلىقنى قويۇڭ،
فىتنەۋۇ شورۇ ئەۋانلىق[6]نى قويۇڭ.
ئۆز رەئىييەت[7]لىغىڭىزنى بىلىڭىز،
ياخشى بۇ سۆزدە تەئەممۇل[8] قىلىڭىز.
سىزكىم بۇ مۈلك ئارا غەۋغا قىلماق،
بىجىھەت[9] مۇنچە تەمەننا قىلماق.
ئەمدى ھەم بولسا يانىڭ بۇ ئىشدىن،
فىكر ئەيلەڭ، ئۇسان[10]لىڭ بۇ ئىشدىن.
گۇنەھىڭىزنى تىلەپمەن خاندىن،
ۋەھەم قىلماڭ بەسى مالۇ جاندىن.»
بۇ نەسىھەتنى ئېشىتكەچ ئول خەيل،
سۇلھغە قىلمادىلار ئەسلا مەيل.
دېدىلەر: «ھەرنە قىلۇرسىز، قىلىڭىز،
ئۇرۇشۇر بولساڭىز، ئەمدى كېلىڭىز.
بىز باشىمىزنى كۆرۈپ بىز ئاندا،
يوقتۇرۇر ھېچ ئىشىمىز جاندا.
كوچەمىز مۇھكەم ئېرۇر، قورغان ھەم،
ئالا ئالماس ئانى سۇلتان، خان ھەم.»
چۇن بۇ سۆزلەرنى ئېشىتتى سۇلتان،
ئەيلەدى تاڭلا ئۇرۇشقا فەرمان.
چىقتى تۇشلۇق - تۇشدىن[11] سۇلتانلار،
قوپتى يەرلىك - يەردىن ئوغلانلار.
ياسانىپ بارچەسى ئاتلاندىلار،
يۈرۈبان كوچەدە قاتلاندىلار.
قاراكۆلنىڭ كىشىسى ھەم يەكپان،
چىقتى ئاتلىق ياياغ ئەيلەپ ئەفغان[12].
ئوقچى[13] ئەل ئەردىلەرۇ ئاۋچى[14] بەسى،
ھەر بىرى بار ئېدى بىر بۇلھەۋەس[15]ى.
ئۇرۇش ئەيلەرگە تەئەسسۇب[16] بارىدا،
بارچەنىڭ كۆڭلى تەئەسسۇب[17] سارىدا.
چىقتى بولغاي يەنە بەش مىڭچە كىشى،
ئۇرۇش بارىنىڭدۇر بايىرى ئىشى.
كوچە ئاغزىدا بەسى بولدى ئۇرۇش،
يوق ئېدى ھېچ ئوق ئاتماققا تۇرۇش.
كوچەگە سالدىلار ئاتلار، ئەمما،
يارالىغ بولدى بەسى ئات ئول ئارا.
يانغاچ ئانى يارالىغ بولغانلار،
غەيرەتۇ قەھر بىلە تولغانلار.
سالىپ ئاتلارنى يۈگۈردىلەر پات،
چېكىپ ئول ئەلگە مۇنادى مەمات[18].
ئاتقۇلاب بارچەسىنى قاۋلادىلار،
كوچەنىڭ سەيد[19]لەرىن ئاۋلادىلار.
چىقتى ئول ئەلگە سەلايى ئەئدام[20]،
كوچەنىڭ يوللارى ئاچىلدى تەمام.
يەنە بىر مىڭ كىشى مۇندا ئۆلدى،
خىرمەن[21]ى ئۆمرلارى ساۋرۇلدى[22].

---

① ئەدەم (ئەرەبچە) — يوقلۇق، يوقىلىش؛ ② ئۇلۇس — ئەل، خەلق؛ ③ بۇنياد (پارسچە) — ئاساس، «بۇنياد بولماق» مەيدانغا كەلمەك، ئىشقا ئاشماق؛ ④ ئىخبار (ئەرەبچە) — خەۋەرلەندۈرمەك، بىلدۈرمەك؛ ⑤ مەدھى گۇزار (پارسچە) — ماختىغۇچى، داڭلىغۇچى؛ ⑥ ئەۋان — جەڭ، قايتىلىما جەڭ؛ ⑦ رەئىييەت (ئەرەبچە) — پۇقرا، خەلق؛ ⑧ تەئەممۇل (ئەرەبچە) — چوڭقۇر ئويلاش؛ ⑨ بىجىھەت — ھاجەتسىز؛ ⑩ ئۇسانماق — يىرگىنىچ، ھەزەر ئەيلەش، نومۇس قىلماق، ئويالماق؛ ⑪ تۇشلۇق - تۇشدىن — تۇشمۇتۇشتىن؛ ⑫ ئەفغان (پارسچە) — پەرياد قىلىش، نالە قىلىش؛ ⑬ ئوقچى — مەرگەن؛ ⑭ ئاۋچى — ئوۋچى؛ ⑮ بۇلھەۋەس (ئەرەبچە) — ھەۋەسكار، ھەۋەس قىلغۇچى؛ ⑯ تەئەسسۇب (ئەرەبچە) — جاھىللىق، تەلۋىلىك؛ ⑰ بايىرى (پارسچە) — چۆل ئادىمى، سەھرالىق، دەشت - باياۋاندا ياشايدىغان ئادەم؛ ⑱ مۇنادى مەمات (پارسچە) — ئۆلۈم جاكاسى، ئۆلۈم نىداسى؛ ⑲ سەيد (ئەرەبچە) — ئوۋ، ئوۋلۇق، ئوۋلىنىدىغان ھايۋان؛ ⑳ سەلايى ئەئدام — يوقىتىش، ئۆلتۈرۈش چاقىرىقى؛ ㉑ خىرمەن (پارسچە) — خامان؛ ㉒ ساۋرۇلماق — سورۇلماق.

ئاسرۇ كۆپ خەلق قىرىلدى ئاندا،
ئاسرۇ كۆپ گۆللار ئاچىلدى ئاندا.
قەلئەغە ھەم كىرە ئالماي بىسيار،
قاچتىلار ئاتلىق ئېلى ۋەھەم ئىلە زار.
قەلئە ئىچىندىكىلەر قورغانى،
تارتىبان جار[1]لارى سۇلتانى.
دەردى دىل ئەيلەدىلەر ھەددىن تاش،
دېدىلەر: «بىر نېچە زىشت[2]ى ئەۋباش[3].
قىلدىلار بىزنى بۇ ياڭلىغ بەدھال[4]،
بولدىلار ئۆزلەرى ئانداق پامال[5].
ئەمدى، ئەي پادشاھى دىنپەرۋەر،
بول بۇ قورغانغا ئىنايەت گۇستەر[6]!»
كۆرۈپ ئول قەۋمنى ئانداق نالان[7]،
ئەيلەدى لۇتفۇ ئىنايەت سۇلتان.
ئەيلەدى ھۆكمكى ئول قورغانغا،
يەئنى قالغان ئۇلۇس ھەيرانغا.
تەگمەسۇن ھېچ كىشىدىن زەخمەت،
كىم مۇناسىبدۇر ئالارغە شەفقەت.
ئەلگە دارۇغە قويۇپ ياندى ئۆزى،
باردى خان ھەزرەتىغە ياخشى سۆزى.

## 22
## ئىمامۇززەمان بۇخارادىن قەرشى ئۈستىگە بارغانى

چۇن يانىپ كەلدى چىرىك خان قاشىغا،
باردى ھاسىل يەنە ئاتەش باشىغا.
دېدى: «قەرشىغەدۇر ئەمدى نەۋبەت،
تىلەلى ھەزرەتى ھەقدىن نۇسرەت.»
دېدى بۇ سۆزنىيۇ ئاتلاندى رەۋان،
راست قەرشىغە يېتىشتى ئول خان.

قەرشىنىڭ تېگرەسىنى چاپتىلار،
ياشۇرۇن ماللارىن تاپتىلار.
باقى تەرخان ياشۇنۇپ قەلئە ئارا،
چىقارا ئالمادى باشىن ئەسلا.
قىش ئېدىيۇ قەباب[8] ئولتۇرماق ئىشى،
مۇشكىلۇ ئولجاغا مەشغۇل كىشى.
بارچەغە قايتماق ئوخشاش بولدى،
ئۈشبۇنى ئايتماق ئوخشاش بولدى.
توزداكى (تۇزدەكى) مالىن ئالىپ ياندىلار،
ئىيە[9]سىن ئوتقا سالىپ ياندىلار.
ئون كۇن ئۆتمەي يەنە خان پۇر دىل[10]،
بولدى قەرشى تەرەفىغە مايىل.
كەلدى قەرشىغەۋۇ ئاندىن ئۆزدى،
ئانداغلارغا ئىشىن كۆرگۈزدى.
سورىدىكىم: «قايدا ئېرۇر شەھرى خۇزار[11]،
كىم تاشىندا بار ئېمىش ئەلگە ھىسار[12].
بار ئېمىش ئاسرۇ قالىن ئەل ئاندا،
چىرىكىمىز بابۇر ئول قورغاندا.»
دېدىلەر: «ئاسرۇ يەقىندۇر ئول شەھر،
زاھىرەن[13] تۇشكەي ئاڭا شۇئلە[14]ئى قەھر.»
يۈرۈگەچ بىر ئىككى كۇن ئول لەشكەر،
قىلدىلار شەھر قىراغىنى مەقەر[15].
كۆردىلەر ئاسرۇ مۇئەززەم[16] شەھرى،
شەھر يوقكىم ئەزەمەت[17]دە دەھر[18]ى.
ئىچىيۇ تاشى بارى توپتولا[19] مال،
تىۋەۋۇ ئات بىلە مالامال[20].
خان يۈرۈپ قىلدى ئۈرۈشقا فەرمان،
لەشكەر ئەھلى ياسانىپ چىقتى رەۋان،
بولمادى شاتۇ[21]ۋۇ تورە[22] ھاجەت،
چەكمەدىلەر ئانىڭ ئۈچۈن زەخمەت.
يۈگۈرۈشۈپ قەلئەسىغە مىندىلەر،

---

① جار — چاقىرىش؛ ② زىشت (پارسچە) — ناچار، ئەسكى؛ ③ ئەۋباش (پارسچە) — بەڭباش، تەرسا؛ ④ بەدھال (پارسچە) — بەختسىز، ناچار ئەھۋال؛ ⑤ پامال (پارسچە) — ئاياغ ئاستى قىلىنغان، خورلانغان؛ ⑥ ئىنايەت گۇستەر (پارسچە) — ئەھمىيەت بەرمەك، ئىنايەت كۆرسەتمەك؛ ⑦ نالان (پارسچە) — نالە قىلىش؛ ⑧ قەباب — قامال قىلىپ، مۇھاسىرىگە ئېلىپ؛ ⑨ ئىيەسىن — ئىگەسىنى؛ ⑩ پۇر دىل (پارسچە) — باتۇر، جاسارەتلىك؛ ⑪ خۇزار — قەرشى شەھىرىگە يېقىن بىر يەر؛ ⑫ تاجىكىستاننىڭ پايتەختى دۇشەنبى شەھىرىگە يېقىن بىر جاي؛ ⑬ زاھىرەن (ئەرەبچە) — ئاشكارا، كۆرۈنۈشچە؛ ⑭ شۇئلە (ئەرەبچە) — شولا، يورۇق؛ ⑮ مەقەر (ئەرەبچە) — تۇرار جاي، قارارگاھ؛ ⑯ مۇئەززەم (ئەرەبچە) — كاتتا؛ ⑰ ئەزەمەت (ئەرەبچە) — بۈيۈكلۈك، زورلۇق، ئۇلۇغۋارلىق؛ ⑱ دەھرى (پارسچە) — ھېچ زامان، ھېچ ۋاقىت؛ ⑲ توپتولا — تولۇق، پۈتۈنلەي؛ ⑳ مالامال (پارسچە) — تولغان، قاپلانغان، تورغۇن؛ ㉑ شاتۇ — شوتا؛ ㉒ تورە —

رەخنە[1] ئەيلەپ ئىچىگە ئىندىلەر[2].
ئالدىلار ئاندا بەسى مالۇ ياراغ،
بولدى پەيدا بەسى ئەسبابى فەراغ[3].
نازەنىن قىزلار ئەسىر ئەيلەدىلەر،
ئول ئارادىن يەنە ھەم سەيلە[4]دىلار.
خانغا ئول ھادىسە بولغاچ مەئلۇم،
قىلدى قىزلاردىن ئالارنى مەھرۇم.
ئۆزبېك ئېلىدىن ئايىردى بارىنى،
خار[5]دىن گۇل كەبى تەردى بارىنى.
خانىنىڭ ئول مەرھەمەتىنى ئىشتىپ،
قاچقان ئەل بىر - بىرىسىگە ئايتىپ.
ئەللەرى كەلدى ئېىسە ھەر ياندىن،
بىخەبەر ئەردى بارى ئىماندىن.
خان يىغىپ ئوغلان ئۇشاغىن يەكسان،
ئۆرگەتە بەردى بارىغە ئىمان.

23

### ئىمامۇززەمان خۇزار ئېلىنى ئالىپ ئەھل ۋە ئەۋلادلارىغە ئىمان ئۆرگەتكەنىدىن سوڭ قەرشىنى قەباب، باقىغە ئۇرۇشىدىن ئانت[6] بەرگەنى

چۇن خۇزار ئەھلىغە تەقدىرى خۇدا،
سالدى بۇ نەۋئ بۇزۇغلۇق ئول ئارا.
يەنە خان كەلدى بۇخارا سارى،
چىرىكى ساغۇ سەلامەت بارى.
ياز ئاچىلغاچ يەنە ئەزىم بولدى،
قەرشىنىڭ ئەزمىغا جەزم[7] بولدى.
يېتىبان قەرشىغە بولدى ساكىن[8]،
ئەيلەدى ھۆكمكى «تابىن - تابىن[9]»
قەلئە دەۋر[10]ىغە ئالىپ مەلجەئ[11]لار،
شاخۇ نەي بىرلە سالىپ مەلجەئلار.
«تېگرە يانىن ئالىپ ئولتۇرسۇنلار،
كىچە - كۈندۈز ئۇرۇشا تۇرسۇنلار.»
ھۆكم ئىلە بارچە قاپايى تۇشتىلار[12].
قەمىشۇ شاخقا ياپۇشتىلار.
كوچەلەر ياسادىلار قەلئە سارى،
بەرگىدىن خۇررەمۇ سەرسەبز[13] بارى.
قەلئە سارى قىلايىن دېسە گوزەر،
كوچە گەشتى[14] قىلۇر ئەردى لەشكەر.
تاشقارى سەبزە[15] ۋۇ سەھرا ۋۇ بەھار،
ئىچكەرى جۇيبە[16] ۋۇ دەردى دىل زار.
تاشقارى لالەئى نۇئمان[17] ئاچىلىپ،
ئىچكەرى ئەل كۆزىدىن قان ساچىلىپ.
تاشقارى ئەيشۇ نەشات[18]ۇ سوھبەت،
ئىچكەرى مېھنەتۇ رەنجۇ زەخمەت.
تاشقارى ئەلگە ئۇمىدى جاۋىد[19].
ئىچكەرى ئەل بارى جاندىن نەۋمىد[20].
تاشقارى ئەلگە غەنىمەت تۇشتى،
ئىچكەرى ئەلگە ئولات[21] ياپۇشتى.
گاھ ئۇچيۈزى كىشى ئۆلدى بىر كۈن،
گاھ كەنت ئېلى بولدى بىر كۈن.
بولدى ئانداق ئولاتكىم دەۋران،
ئول ئولاتنى كۆرۈپ ئولدى ھەيران.
ئىكى ئايكىم قەبەل[22] ئەردى ئاندا،
ئاز كىشى قالدى ئۇشۇل قورغاندا.
قالغانى ھەم بارى بىمار ئېدىلەر،
غۇسسە[23]ۋۇ غەم قولىدا زار ئېدىلەر.
سەييىدى بار ئېدى ئول قورغان ئارا،
دېدى: «ئول قەلئە ئارا ھۆكمى خۇدا.
بىر ئوتۇز مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى،
تاكى بۇ يەردىن ئۇ شۇل خان تۇردى.
ھېچكىم كۆرمەدى بۇ تەۋر[24]ى ئولات،
كەلدى ئول قەلئەغە بىر دەۋرى ئولات.»

---

① رەخنە (پارسچە) ــ دىز، يېرىق، چاك؛ ② ئىندى ــ چۈشمەك؛ ③ فەراغ (ئەرەبچە) ــ كۆڭلى تىنچ، خاتىرجەم؛ ④ سەيلا (ئەرەبچە) ــ سايلىماق، تاللىماق؛ ⑤ خار ــ تىكەن؛ ⑥ ئانت ــ قەسەم؛ ⑦ جەزم (ئەرەبچە) ــ قارار، نىيەت؛ ⑧ ساكىن (ئەرەبچە) ــ تىنچ، جىم بولۇش؛ ⑨ تابىن - تابىن ــ تەسلىم بول، تابىنماق، تېۋىنماق؛ ⑩ دەۋر (ئەرەبچە) ــ ئەتراپ، ئۆپچۆرە، ھالقا؛ ⑪ مەلجەئ (ئەرەبچە) ــ پاناھلىنىدىغان جاي، بارگاھ، پاناھگاھ؛ ⑫ قاپايى تۇشمەك ــ باشچىلاپ كىرىشمەك، بېرىلمەك؛ ⑬ سەرسەبز (پارسچە) ــ كۆكلىگەن، ياشنىغان؛ ⑭ كوچە گەشتى ــ كوچا چارلىغۇچىلار؛ ⑮ سەبزە (پارسچە) ــ يېشىل؛ ⑯ جۇيبە ــ ساۋۇت، تۆمۈر چاپان؛ ⑰ لالەئى نۇئمان (پارسچە) ــ تاغ لالىسى، شەقەقۇل؛ ⑱ ئەيشۇ نەشات ــ ئەيش - ئىشرەت؛ ⑲ جاۋىد (پارسچە) ــ پۈتمەس - تۈگىمەس، مەڭگۈلۈك؛ ⑳ نەۋمى د (پارسچە) ــ نائۈمىد؛ ㉑ ئولات (موڭغۇلچە) ــ ۋابا، خولېرا؛ ㉒ قەبەل ــ قامال؛ ㉓ غۇسسە ۋە غەم ــ غەم - غۇسسە؛ ㉔ تەۋر (ئەرەبچە) ــ تۈرلۈك، ھەر خىل.

قىرىلدى بارىيۇ ئاخىرى كار[1]،
باقى تارخان داغى[2] بولدى بىمار.
زارلىق ئەيلەدى خان ھەزرەتىغە،
يىبەرىپ ئەلچىسىنى خىزمەتىغە.
كىم: «ماڭا لۇتف قىلىپ يول بەرسۇن،
بۇ ئولاتدىن مېنى خان ئايرسۇن.»
خان دېدىكىم: «مەن ئاڭا يول بېرەيىن،
جاندىن خارى جەفا تېرەيىن.
شەرت قىلسۇن كېتەرىگە مۇندىن،
ئەھد قىلسۇن يېتەرىگە مۇندىن!»
خان سۆزىن چۇنكى ئېشىتتى باقى،
دېدى: «بار لۇتفۇ مۇرۇۋۋەت[3] چاقى.
خان ئەگەر قىلسا مۇرەۋۋەت مەن ھەم،
ئەيلەيىن شەرت بەغايەت[4] مۇھكەم!»
ھەرەمى ئۈستىدە شەرت ئەيلەدى ئول
كىم: «قاچان خان ماڭا لۇتف ئەيلەسە يول.
باشىم ئالىپ كېتەيىن قورغاندىن،
ھەرنە ھۆكم ئولسا يەنە ئول خاندىن.
تۇتايىن ھۆكمىنى جانىم بىرلەن،
بۇ ئىشىم بارچەغە بولسۇن رەۋشەن.»
چۇن بۇ شەرت ئەيلەدى باقى تارخان،
قەرشىدىن كەلدى بۇخارا سارى خان.
ئاڭا چۇن بولدى بۇ ياغلىغ فۇرسەت،
قاچتىيۇ بىلدى ئۆزىگە دەۋلەت.

## 24

## ئىمامۇززەمان خەلىفەتۇررەھمان قەلئەئى دەبۇسى[5]نى ئورۇش بىلە ئالغانى

ئون كۈن ئۆتمەي يەنە ئاتلاندى خان،
ھەمزە سۇلتان[6] تەرەفى بولدى رەۋان.
ھەمزە سۇلتان بولۇپ ئەردى مەزھەر[7]،
چىرىكى ھەم مۇتەھەييىر[8] يەكسەر[9].
بىر يامان تاڭ يارۇق ئاتلىق ئايماق،
تۈزۈپ ئەردىلەر ئاڭا كىنىۇ نىفاق.
بەيئەتۇ ئەھدلارىنى ئۇنۇتۇپ،
باغى ئەھلى ئىشىنى ئۈترۇ تۇتۇپ.
بېرىكەتىپ قەلئەئى دەبۇسىنى،
چالدىلار كۈفر ئېلىنىڭ كۇس[10]نى.
قەلئەنىڭ بېرىكلىكىگە تايانىپ،
تۇردىلار قەلئە ئىچىندە ياسانىپ.
ۋاقىئەن[11] قەلئەلەرى مۇھكەم ئېدى،
كىنەۋەر خەلقى تەقى ھەمدەم ئېدى.
قەلئەسى قەلئەئى خەيبەر[12] ياڭلىغ،
خەيبەرى ئەللەرى تەرسا ياڭلىغ.
قەلئەنىڭ ئەۋج[13]ى سۇرەييا[14] ئەردى،
تۇبى[15]دە خەندەق[16]ى دەريا ئەردى.
يەنە ئەترافىدا جەر[17]لەر بىھەد[18]،
ئۆتمەك ئاندىن كۆرۈپ مۇستەبئەد[19].
قۇش ئۇچائالماس ئېدى جەرلەرىدىن،
ئۇچسا ھەم كەچكەي ئېدى پەرلەرىدىن.
يوللارى تاغ يولىدەك پىچان[20]،
ئۆتمەك ئاندىن قىلىپ ئەلنى بىجان.
يەكجىھەت[21] قەلئە ئارا مىلك ئەۋلۇك،
بارچە دىۋانى يوسۇنلۇغ دىيۇلىك[22].
ئۇرۇش ئەسبابىنى ئامادە[23] قىلىپ،
سۇلھدىن ئۇچلارىنى سادە[24] قىلىپ،
جەھلدىن تۇردىلار ئول قەلئە ئارا،
بولۇبان مۇلك ئارا ئاسرۇ غەۋغا.
تەيلەتىپ قەلئەغە ياغىلاردىن،

---

① ئاخىرى كار (پارسچە) ــ ئاخىرىغا كېلىپ، ئىش ئاخىرىدا؛ ② داغى ــ يەنە، ھەم؛ ③ مۇرۇۋۋەت (ئەرەبچە) ــ ئادەمگەرچىلىك؛ ④ بەغايەت (پارسچە) ــ ئادەتتىن تاشقىرى؛ ⑤ قەلئەئى دەبۇسى ــ سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئارىسىغا جايلاشقان قەلئە. «دەبۇس» سۆزى «تۆمۈر ئۆمۈت، تۆمۈر گورزە» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ؛ ⑥ ھەمزە سۇلتان ــ شەيبانىيخاننىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى؛ ⑦ مەزھەر (ئەرەبچە) ــ كۆرۈنۈش، نەمۇنە، نىشانە؛ ⑧ مۇتەھەييىر (ئەرەبچە) ــ ھەيران قالغان؛ ⑨ يەكسەر (پارسچە) ــ يەككە، تەنھا؛ ⑩ كۇس (پارسچە) ــ دۇمباق، جەڭ دۇمبىقى؛ ⑪ ۋاقىئەن ــ ئەمەلىيەتتە، ھەقىقەتەن؛ ⑫ خەيبەر ــ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە ۋە مەدىنە شەھىرى ئارىلىقىدىكى بىر جاي، خەيبەر ئۇرۇشى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇرۇش؛ ⑬ ئەۋج ــ ئېگىز، يۇقىرى، ئۇچى؛ ⑭ سۇرەييا (ئەرەبچە) ــ بىر خىل يۇلتۇزنىڭ نامى؛ ⑮ تۇبى ــ تۈۋى؛ ⑯ خەندەق ــ ئورا، ئويمان؛ ⑰ جەر ــ ئازگال، ئويمان، ئازگاللىق؛ ⑱ بىھەد (ئەرەبچە) ــ ساناقسىز؛ ⑲ مۇستەبئەد (ئەرەبچە) ــ ئېھتىمالدىن يىراق سانالغان ئىش، ئىمكانىيەتسىز ئىش؛ ⑳ پىچان ــ ئەگرى ــ بۈگرى، يىلان باغرى؛ ㉑ يەكجىھەت (پارسچە) ــ بىر تەرەپلىمە، ھەممىسى بىردەك، بىر تۇتاش؛ ㉒ دىيۇلىك ــ دېگۈدەك، دېيەرلىك؛ ㉓ ئامادە (پارسچە) ــ تەييار، تەييارلانغان؛ ㉔ سادە (پارسچە) ــ ئاددىي، توغرا.

دەم ئۆرۈپ بارچەسى باغىلاردىن.
ئۆزلەرىچە كىشى كەلتۈردىلەر،
تىنچ خاتىر بىلە ئولتۇردىلەر.
ئىچلارىدا ئىككى تارخان باشلىق،
يىغدۇرۇپ خەلقىغە يىللىق ئاشلىق.
تۇتۇبان ئۆزلەرىنى قورغانگىر[1]،
بىخەبەر كىم نە بولۇپتۇر تەقدىر.
نېچەكىم قىلدى ئالار نادانلىق،
تۇشمەسۇن دەپ بارىغا ۋەيرانلىق.
خان نەسىھەت قىلا تۇردى بىسيار،
غەزەب ئوتىغا سۇ ئۇردى بىسيار.
لېك ئول قەۋم قەبۇل ئەتمەدىلەر،
قەلئەنى خالى ئېتىپ كەتمەدىلەر.
خان تەقى كەلدى ياساپ لەشكەرىنى،
تۇزەتىپ خەندەقۇ جوي[2]ۇ جەرىنى.
ئالتى مەلجەئ ياساتىپ ئۈچ كۈندە،
يالبارىپ تەڭرىگە بىر تۈندە.
سۇبھىنىڭ نۇرى فۇرۇزان[3] بولغاچ،
كېچەنىڭ زۇلمەتى پىنھان بولغاچ.
جەۋشەن[4]ىن كەيدىيۇ قىلدى جەۋلان،
بولدى خۇرشىد[5] سىفەتلىق تابان.
رەزم مەيدانى سارى يۈز قويدى،
دەۋلەتى خەسم[6] كۆزىنى ئويدى.
يۈرۈبان سالدى ئۇرۇش قورغانغا،
ئوت سالىپ دۇشمەننى ئىمانغا.
فەتھۇ نۇسرەت كۆسىنى چالدۇرۇبان،
خەسمىنىڭ زەھرەسىنى ئالدۇرۇبان[7].
چۈن يۈرۈپ كەلدى سۇلەيمان[8] زەمان،
چىرىكى مۇر[9]ۇ مەلەخ[10]دەك يەكسان.
يۈگۈرۈشۈپ قەلئە سارى ياۋۇشتى[11]،
شاتۇۋۇ تورە ئالىپ ياپۇشتى.

كۆز يۇمۇپ ئوقىنى كۆزگە ئىلماي،
قالمايىن بىر - بىرىدىن ئايرىلماي.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە جەرلەردىن ئۆتۈپ،
ئۆزلەرىن خەندەقى ئىچىندە تۇتۇپ.
خاكرىز[12]ى سارى مەيل ئەيلەدىلەر،
جانلارىن خانغا تۇفەيل[13] ئەيلەدىلەر.
ياغدى ئوق باشلارىغا يامغۇردەك،
كەلدى سىيراب[14] باشاقلار دۇردەك.
خاكرىزى چۇ چىرىكدىن تولدى،
ئالدىراپ ئوق ئاتا ئالماس بولدى.
تاش ئاتا باشلادى ئەلنىڭ باشىغا،
لېك كىم باقتى ئانىڭ ئول تاشىغا.
شاتۇنى تامىغا يەتكۈردى كىشى،
بولدى قورغانغا مىنىپ چىقماق ئىشى.
بولمادى ئىشى تاش ئاتماق بىلە ھەم،
ئوت ياقىپ تاشلادى ئۆزگە ھەردەم.
قايسىنىڭ قوينىغا ئەخگەر[15] تۇشتى،
قايسىنىڭ بوينىغا كۆل ياپۇشتى.
ئاقىبەت خەسمىغە يۈزلەندى غەم،
ياندۇرا ئالمادى ئول ئوت بىلە ھەم.
ئۆزگە سۇنگۇ[16] بىلە سانجار بولدى،
ئەلنى بالار[17] ئىلە يانچار بولدى.
لېك بالارىغە كۆز سالمادىلار،
سۇنگۇسىدىن تەقى ۋەھم ئالمادىلار.
ئالدىلار بۇرج[18]لارىنى ئولاشىپ،
چىقتىلار قورغانىغا چاپقۇلاشىپ.
گەرچە كۆپ بولدى ئۇرۇش ھەرياندىن،
بولدى ئول فەتھ تېمۇر سۇلتان[19]دىن.
شاھزادە تېمۇر فەررۇخ بەخت[20]،
كىم ئاتاسىدەك ئېرۇر قابىلى تەخت.
ئاسرۇ پاكىزە خىسال[21]ى بار ئانىڭ،

① قورغانگىر (پارسچە) — قورغاننىڭ ئىگىسى؛ ② جوي (پارسچە) — ئېرىق - ئۆستەڭ؛ ③ فۇرۇزان (پارسچە) — نۇرلۇق، يالتىراق، نۇر چاچقۇچى؛ ④ جەۋشەن (پارسچە) — ساۋۇت، قوياق؛ ⑤ خۇرشىد (پارسچە) — كۈن، قۇياش، ئاپتاپ؛ ⑥ خەسم (پارسچە) — دۈشمەن، رەقىب؛ ⑦ زەھرەسىن ئالدۇرماق — نوخلىسىنى ئالماق، ئەدىپىنى بەرمەك؛ ⑧ سۇلەيمان — سۇلايمان پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ⑨ مۇر — چۈمۈلە؛ ⑩ مەلەخ — چېكەتكە؛ ⑪ ياۋۇشماق — يېقىنلاشماق؛ ⑫ خاكرىز (پارسچە) — خەندەك قېزىپ، خەندەكتىن چىقىرىلغان توپا دۆۋىسى؛ ⑬ تۇفەيل — بۇ سۆز ئەسلىدە «سەۋەب، ۋاستە» دېگەن مەنىدە، لېكىن بۇ يەردە «پىدا قىلىش، قۇربان بېرىش» مەنىدە كەلگەن؛ ⑭ سىيراب — پارقىراق، يالتىراق؛ ⑮ ئەخگەر (پارسچە) — يېنىپ تۇرغان ئوت، چوغ؛ ⑯ سۇنگۇ — نەيزە؛ ⑰ بالار — تۈۋرۈك، بادرا؛ ⑱ بۇرج (ئەرەبچە) — سېپىلنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان تۆت بۇرجىكى، مۇنار؛ ⑲ تېمۇر سۇلتان — ئۆمەر تېمۇرنى كۆرسىتىدۇ؛ ⑳ فەررۇخ بەخت (پارسچە) — بەختىيار، قۇتلۇق، بەختلىك؛ ㉑ خىسال (ئەرەبچە) — خىسلەت.

پاكرۇ[1]لار بىلە ھالى بار ئانىڭ.
سانئ[2]ى مەملەكەتى رەببانى[3]،
ئەيىبدىن پاك ياراتتى ئانى.
ئاسرۇ خۇش خۇلقدۇر خۇش گۇفتار[4]،
ئاسرۇ نىكۇ سىيەرۇ نىكۇكار[5].
فەزل[6] گۇلزارىدا نەۋخاستە[7]دۇر،
ئەدەبۇ ھىلم[8] ئىلە ئاراستە[9]دۇر.
يۈرۈسە سەرۋ[10]ى خىرامان[11]ىدۇر،
ئاتقا مىنسە ماھى تابان[12]ىدۇر.
تۇشمەس ئانىڭ ئوقى يەرگە ھەرگىز،
لاجەرەم[13] خەسمىنى ئەيلەر ئاجىز.
زۇھرە[14] خىناگەر[15] ئانىڭ سۇھبەتىدە،
مۇشتەرى[16] جان بېرىبان خىزمەتىدە.
ئىككى خادىمدۇر ئىشكىدا مۇدام[17]،
بىرى كەيۋان[18]ۇ بىرىسى بەھرام[19].
قۇررەتۇل ئەين[20]ى شاھى شەيبانى،
لايىقى دەۋلەتى چىنگىزخانى.
تەڭرى باشىنى ئۇزۇن قىلسۇن ئانىڭ،
دادۇ ئەدلىنى فۇزۇن[21] قىلسۇن ئانىڭ.
بارچەدىن بۇرنا بۇ سۇلتان قولىدىن،
چىقتىلار قەلئەغە شاتۇە (شاتۇ) يولىدىن.
كىمكى بار ئەردى ئۇشۇل ئىكرامدا،
قىردىلار بارچەسىنى بىر دەمدە.
بىر تۇمەن خەلق قىرىلدى بارى،
بولدى زاھىر سىفەتى قەھھار[22]ى.
كىم ياغىق[23]سا شاھى شەيبانىيغا،
ئۇشبۇ كۇن كەلگۇسىدۇر جانىغا.
گەر تانۇق[24] ئىستەر ئېسەڭ بۇ سۆزگە،
سەرپۇل[25] تېگرەسىدە چىق تۈزگە.
كۆركى بابۇر چىرىكى نە بولمىش،
قانلارى يەرگە نىتاك[26] تۆكۇلمىش.

25

**ھەزرەتى ئىمامۇززەمان ۋە خەلىفەتۇررەھمان**
**بابۇر مىرزانى باسىپ قوۋلاغانى**

چۇ سەمەرقەندنى ئالدى بابۇر،
خەلق ئارا تەفرىقە سالدى بابۇر.
ھۇسن مەيدانىغە زالىم كىردى،
زۇلم بازارىغا رەۋنەق بەردى.
زۇلفىغا تاب بېرىپ ئولتۇردى،
بىر نېچە دىلشۇدە[27]نى كۆيدۈردى.
يىغىلىپ ئالىلدا قاچقان كۆرگەن،
ئاتاسىدەك ئانى ھەم كۆرگەن.
لاف[28] بازارىنى گەرم[29] ئەيلەدىلەر،
سۆز بىلە تاغنى نەرم[30] ئەيلەدىلەر.
ئەندىجان لەشكەرىنى كەلتۈرۈبان،
جىتتە[31] غارەتگەر[32]نى كەلتۈرۈبان.
خان سارى ئەزم قىلۇر بولدىلار،
خان بىلە رەزم قىلۇر بولدىلار.
خان ئالىپ قەلئە سەرپۇل كەلدى،
ئول تەقى مەيلى سەرپۇل قىلدى.
ئىككى مىڭ تورە ياياغلارغا بېرىپ،
ئۈچ مىڭ ئاتقۇچى تورە ئىچرە كىرىپ.
يۈرۈبان كەلدى ئىككى سان لەشكەر،
كىمنە پەردازۇ ئەداۋەت گۇستەر[33].
ئەقل كۆركىم بۇ سىفەتلىغ خانغا،

① پاكرۇ (پارسچە) ــ پاك يۈزلۈك، پاكىز؛ ② سانئ (ئەرەبچە) ــ ياراتقۇچى، بارلىققا كەلتۈرگۈچى؛ ③ رەببانى ــ خۇداغا مەنسۇپ، ئىلاھىي؛ ④ خۇش گۇفتار (پارسچە) ــ خۇش سۆزلۈك، سۆزى يېقىشلىق، تاتلىق سۆزلۈك ئادەم؛ ⑤ بۇ بىر پارسچە بىرىكمە بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «بەكمۇ ياخشى خۇيلۇق ۋە ياخشى قىلىقلىق ئادەم» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ ⑥ فەزل (ئەرەبچە) ــ ئارتۇقلۇق، ئۈستۈنلۈك؛ ⑦ نەۋخاستە (پارسچە) ــ مايسا، ياش نوتا؛ ⑧ ھىلم ــ ئېغىر بېسىق، سالماق؛ ⑨ ئارەستە (پارسچە) ــ بېزەك؛ ⑩ سەرۋ (پارسچە) ــ خۇش قامەت، تىك تۇرۇپ؛ ⑪ خىرامان (پارسچە) ــ بىمالال، خاتىرجەملىك بىلەن؛ ⑫ماھى تابان ــ پارلاق، نۇرلۇق ئاي؛ ⑬ لاجەرەم (ئەرەبچە) ــ شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ سەۋەبتىن، ئەلۋەتتە، شەكسىز، شۈبھىسىز؛ ⑭ زۇھرە (پارسچە) ــ چولپان يۇلتۇز؛ ⑮ خىناگەر (پارسچە) ــ سازەندە، كويچى؛ ⑯ مۇشتەرى (پارسچە) ــ يۇپىتېر؛ ⑰مۇدام (ئەرەبچە) ــ دائىمىي، باقىي، ئۇزاق زامان تۇرغۇچى؛⑱ كەيۋان (پارسچە) ــ زۇھەل، ساتۇرن يۇلتۇزى؛ ⑲ بەھرام (پارسچە) ــ مىررىخ يۇلتۇزى، كورۇد يۇلتۇزى؛ ⑳ قۇررەتۇل ئەين (ئەرەبچە) ــ قىممەتلىك، ئەزىزلىق، كۆز نۇرى، تۇتىيا؛ ㉑ فۇزۇن (پارسچە) ــ زىيادە، كۆپ، ئارتۇق؛ ㉒ قەھھار (ئەرەبچە) ــ غەزەپلەنگۈچى؛ زالىم: ئۆلتۈرگۈچى؛ مۇتلەق ھاكىم؛ خۇدا؛ ㉓ ياغىق ــ دۈشمەنلەشمەك، ئۆكتە قوپماق؛ ㉔ تانۇق ــ گۇۋاھ؛ ㉕ سەرپۇل ــ سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدىكى بىر جاي؛ ㉖ نىتاك ــ قانداق؛ ㉗ دىلشۇدە (پارسچە) ــ بىچارە، سارالڭ، دەلدۈش؛ ㉘ لاف (پارسچە) ــ سۆز، بايان؛ ㉙ گەرم (پارسچە) ــ قىزىق؛ ㉚ نەرم (پارسچە) ــ يۇمشاق؛ ㉛ جىتتە ــ ھارامىلىق، ئوغرى، ھارىمى؛ ㉜غارەتگەر (پارسچە) ــ ئوغرىلىغۇچى، تالان ـ تاراج قىلغۇچى؛ ㉝ گۇستەر (پارسچە) ــ يايغۇچى.

ناشىرى مەئدەلەتۇ ئىھسانغا.[1]
سالىبان قەلئەسىن ئۆزى چىقتى،
ئەلەمى دەۋلەتىن ئۆزى يىقتى.
خان تەقى كۆرگەچ ئانىڭ بۇ كېلىشىن،
سالىپ تەڭرى تەئالاغا ئىشىن.
ئىشى «قۇرئان» ئوقۇماقلىق بولدى،
ئىچى تەڭرى سۆزى بىرلە تولدى.
دېدىكىم: «يەتسە بۇ سانجىشتا ماڭا،
تەڭرى تەقدىرى بىلە ھۆكمى قىزا.
بارى «قۇرئان» ئوقۇمىش بولغايمەن،
ھالەتىم بارچەغە بولسۇن رەۋشەن.»
بۇ ساغىش[2]لارنى قىلىپ ھەزرەتى خان،
ئاتلانىپ ئۇرۇشقا قىلغاچ فەرمان.
بارچە ساغىيتلانىپ[3] ئاتلاندىلار،
كۆڭۈل ئىستەر كەبى قاتلاندىلار.
مەۋجەزەن[4] بولدى تىڭىزدەك لەشكەر،
تۇتقۇدەك مەۋجى ئانىڭ بەھرۇ بەر[5].
ھەر بىرى رۇستەمى داستان ياڭلىغ،
ھەر بىرى سامى نەرىمان ياڭلىغ.
بۇزغۇدەك ھەر بىرى بىر لەشكەرنى،
ئالغۇدەك ھەر بىرى بىر كىشۋەرنى.
سۆزلەشىپ خەسمىلەرىنى ئوۋلاشا،
كىردىلەر جاۋ[6] ئىچىگە چاپقۇلاشا.
تۇرۇش ئايىن[7]ىغا سۆز تاپمادىلار،
خەسمىنىڭ تورەسىغە باقمادىلار.
سول قولى خەسم بىرلە چىرماشتى،
ئوڭ قولى جاۋنى ئۇشاتىپ ئاشتى.
ئاندا ھەم ياخشى يىگىت سايلانىبان،
خەسمىنىڭ ئارقاسىغا ئايلانىبان.
بەرمەيىن دۇشمەن ئىمانىغا ئامان.
چاپقۇلاپ ئاتقۇلادىلار يەكسان.

قايسىنىڭ كۆزىنى كور ئەيلەدىلەر،
قايسىنىڭ جانىغا زور ئەيلەدىلەر.
خان قولى چۈنكى بۇ تەۋر ئات سالدى،
خەسم بەدرۇز[8] ئارادا قالدى.
جانىنىڭ ۋەھمىدىن ئانىڭ ئېلى ھەم
ئۇرۇشىن قىلمادى چاپقۇنچە ھەم.
ئانچەكىم مۇمكىن ئېدى سانجىشتى،
تا مەجالى بار ئېدى يانجىشتى.
ئاقىبەت خانى جاھانگىر ئۆزى ئوق[9]
جاۋ سارى ئاتنى يۈگۈرتۈپ ئاتىپ ئوق.
نېچەسىنى ئاتىپ ئۇرغان بولدى،
يالغۇز ئول جاۋنى قاچۇرغان بولدى.
ئىستى نۇسرەت يېلى[10] خان قوللارىدىن،
پەردە ئاچىلدى زەفەر گۈللارىدىن.
بابۇر ئۆز تۇغىنى تاشلاپ قاچتى،
بابۇرلارغا نە گۈللار ئاچتى.
چۈن غەزەب ئوتى فۇرۇزان بولدى،
ئول ئىككى سان[11] كىشى يەكسان بولدى.
قايسى ئوق ئۇچىدا جان تاپشۇردى،
قايسى كىتى[12]گە كۆزىن ئالدۇردى.
ھەزرەتى مەۋت[13] زۇھۇرى قىلدى[14]،
مەلەكولمەۋت[15] ھۇزۇرى قىلدى.
باشلارىن بەسكى قىلچىلار بۆلدى،
بىرىسىنىڭ باشى ئىككى بولدى.
باشى ئىككى بولماسا ئول نادانغا،
باش ئۇرۇپ بىللە كېلۇرمۇ خانغا.
يەنە بىر بۇلئەجەب ئىش قىلدى زۇھۇر،
كىم ئەدۇ[16]نىڭ ئېلى بولغاچ مەقھۇر[17].
بىر سارى يولىنى دەريا تۇتتى،
سۇغا تۇشكەننى بالىغلار يۇتتى.
خان ئەمەس ھەزرەتى مۇسادۇر بۇ،

---

① بۇ مىسرا پارسچە بولۇپ، مەنىسى «ئادالەت ۋە ياخشىلىقنى تارقاتقۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ؛ ② ساغىش — ھېساب، چوت، تەخمىن، مۆلچەر؛ ③ ساغىيتلانىپ — ساداقلانىپ، «ساداق» سۆزى «ساغىتاق» ۋە «ساغداق»دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ ④ مەۋجەزەن (پارسچە) — مەۋج ئۇرغۇچى؛ ⑤ بەھرۇ بەر (پارسچە) — دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق؛ ⑥ جاۋ — ياۋ، دۇشمەن؛ ⑦ ئايىن — رەسىم، يوسۇن، رەۋىش؛ ⑧ بەدرۇز — بەختسىز، تەلەيسىز؛ ⑨ «ئوق» سۆزى بۇ يەردە «...لا، پەقەت» دېگەن مەنىدە كەلگەن؛ ⑩ يېل — شامال؛ ⑪ بۇ يەردىكى «سان» سۆزى مۆلچەرنى بىلدۈرىدىغان «دەك، تەك، چە، لەرچە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئالدىدىكى «ئىككى» بىلەن قوشۇلۇپ «ئىككىلەرچە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ⑫ كىت — كەينى، ئارقا؛ ⑬ مەۋت (ئەرەبچە) — ئۆلۈم، ۋاپات بولۇش؛ ⑭ زوھۇر قىلدى — كۆرۈنۈش قىلدى؛ ⑮ مەلەكولمەۋت (ئەرەبچە) — جاننى ئالغۇچى پەرىشتە؛ ⑯ ئەدۇ (ئەرەبچە) — دۇشمەن، رەقىب؛ ⑰ مەقھۇر (ئەرەبچە) — مەغلۇبىيەت، دەپسەندە بولۇش.

قولى نە بولسۇن، يەدى بەيزا[1]دۇر بۇ.
كىم يامانلىق قىلەدى مۇساغا،
باردى فىرئەۋن كەبى دەرياغا.

## 26

## ئىمامۇززەمان ۋە خەلىفەتۇررەھمانىنىڭ ھەممەتىغە ياراشا مۇناجات قىلغانىم

يا رەب، ئۇل خانى سۇلەيمانفەر[2]نى،
يا رەب، ئۇل خۇسرەۋۇ دىنپەرۋەرنى.
سەرفەراز[3] ئەيلە بارى ئالەمغە،
شاھ قىل خەيلى بەنى ئادەمغە.
بەلكى دۇنيادا نە كىم بار تەمام،
ئاڭا قىلغىل بارىنى ئىنئام.
قويماغىل ئالەم ئېلىنى ستەمە[4]،
ئەيلەگىل بارچەسىنى يەكقەلەمە[5].
تا جەھان ئەدل[6] ئىلە مەئمۇر ئۇلغاي،
زۇلملار ئەل باشىدىندۇر ئۇلغاي.
ھەممە ئىشلار رەۋاجى تاپقاي،
خەلق دەردىغە ئىلاجى تاپقاي.

## 27

## ھەزرەتى ئىمامۇززەمان ۋە خەلىفەتۇررەھمان ئەبۇلفەتھ مۇھەممەد شەيبانىخان بابۇر مىرزانى قوۋلاپ سەمەرقەندىغە كېلىپ، قەبۇل قىلغانى

چۇن باسىپ قوۋلادى خان بابۇرنى،
قىلدى بىنامۇ نىشان بابۇرنى.
ئۇل سەمەرقەند سارى ئەيلەدى ئەزم،
خان ئەزىمەت سوڭچە ئەيلەدى جەزم.
ئۇل تۇشۇپ قەلئە ئىچىندە تۇردى،
خان قەباب قەلئەسىنى ئۇلتۇردى.

تۇزۇپ ئەردى نەۋكەرى بابۇرنىڭ،
ئىرىپ ئەردى جىگەرى بابۇرنىڭ.
تۇرا ئالماس ئېدى ئۇل شەھەردە ئۇل،
ئەرتەراك[7]دىن ئالايىن دېدى يول.
بار ئېدى شەھەر ئارا شەيخۇلئىسلام،
سۆزلەرى بارچە سەقالىدەك خام.
بولمەكارىم ئېدى ئانىڭ ئاتى،
ئاڭا بار ئەردى يامانلىق زاتى.
ئىلمىدىن بەھرە[8]سى چەندان يوق ئېدى،
زاتىدا مەشرەبۇ ئىرفان يوق ئېدى.
ئاتانىپ ئەردى بۇزۇرگى ئەييام[9]،
ھەم سەمەرقەند ئارا شەيخۇلئىسلام.
بىراۋ ئانىڭ ئەۋگە يەتكەندۇر،
سەرى كويى[10]دا مەقام ئەتكەندۇر.
بىر زەمان ئۇل ئارا تۇرغاندۇر ئۇل،
بىر كىشىدىن بەسى سورغاندۇر ئۇل.
كىم: «بۇ خۇدكام[11] ئەۋدا بارمۇ،
شەيخۇلئىسلام ئەۋدا بارمۇ؟»
ئۇل دېگەندۇر ئاڭاكى: «ئەي نىكۇنام[12]،
شەيخ خۇد بار، ۋەلې يوق ئىسلام.»
بولمەكارىم ئۇل ئايتقاندەك ئېدى،
جەھل[13] يولىغا قايتقاندەك ئېدى.
ئۇل دېدىكىم: «نە قىلۇر خان بىزگە،
بولسا بابۇر كەبى سۇلتان بىزگە.
قەلئە بولسا سەمەرقەند كەبى،
تاملارى دەۋرىدە ئەلۋەند[14] كەبى.
يۈز مىڭ ئەۋلۇك كىشى ئانىڭ ئىچىدە،
بارچە يازۇ قىشى ئانىڭ ئىچىندە.
كىم بۇ قورغان سارى مايىل بولغاي،
مەيلىدىن ئاڭا نە ھاسىل بولغاي.
ئالسالار تاشقى مەھەللەتلەر[15]نى،
يېسەلەر ئانداغى نىئمەتلەرنى.
شەھەرنىڭ ئىچى نە يەتمەس بىزگە،

---

[1] يەدى بەيزا — ئاق قول، پارلاپ تۇرىدىغان قول؛ [2] سۇلايمانفەر — سۇلايمانغا ئوخشايدىغان، سۇلايمان سۆلەت؛ [3] سەرفەراز — ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك؛ [4] ستەم — زۇلۇم؛ [5] يەكقەلەم (پارسچە) — بىر قولللۇق ئىدارە قىلىش؛ [6] ئەدل (ئەرەبچە) — ئادالەت، ئادىل، توغرا؛ [7] ئەرتەراك — بالدۇرراق، ئەرتەرەك، سەھەررەك؛ [8] بەھرە (پارسچە) — قىسمەت، ئۈلۈش؛ [9] ئەييام (ئەرەبچە) — دەۋر، چاغلار، پەيت؛ [10] سەرى كوي (پارسچە) — دوقمۇش، كوچا بېشى؛ [11] خۇدكام (پارسچە) — كاج؛ [12] نىكۇنام (پارسچە) — نامى ياخشى ئادەم؛ [13] جەھل (ئەرەبچە) — بىلىمسىزلىك، جاھىللىق؛ [14] ئەلۋەند — ئىراندىكى مەشھۇر بىر تاغ ۋە تاغ تىزمىسىنىڭ نامى؛ [15] مەھەللەتلەر — مەھەللىلەر، ئورۇنلار.

تاشقى ياغى زەرەر ئەتمەس بىزگە.
ھەر قاچان ئەيلەدى ياغى تۇغيان،
دېدى دەرۋىشى مۇھەممەد تارخان[1].
كىم سەمەرقەند ئارا شاھ ئولغان،
شاھلىق تەۋرىدىن ئاگاھ ئولغان.
ئىككى قاپقا[2] ئارا بىشەكۇ گۇمان[3]،
قىرىق يىل شاھلىق ئەيلەر ئاسان.»
ئۇشبۇ سۆزلەر بىلە بابۇر مىرزا،
تۇردى ئول شەھر ئارا باشلاپ غەۋغا.
شەيخۇلئىسلام ئالىپ مىرزانى،
كەلدى شەھر ئىچرە سالىپ مىرزانى.
شەھرنىڭ ئورتاسىدا[4] قىلدى مەقام،
شەھرنىڭ خەلقى بىلە سۇردى كەلام[5].
دېدى: «ئەي خەلق، بىلىڭلار تەھقىق[6]،
كىم بۇدۇر خان شەيبانىيغا تەرىق[7].
كىم بۇ قورغاننى قولىغا ئالسا،
فەتھ[8]نىڭ كۇسىنى مۇندا چالسا.
بولۇر ئوغلانلارىڭىز بارچە ئەسىر،
ئەغنىيا[9] داغى بولۇر بارچە فەقر[10].
قولۇڭىزدىن چىقار ئەيۋانۇ سەراي،
فاقە[11]ۋۇ فەقر قىلۇر سىزنى گەداي.
بىر لەب نانغا بولۇرسىز مۇھتاج،
بارچە ئول خانغا بولۇرسىز مۇھتاج.
ئەزەمەتلەر بارى تەغيىر[12] تاپار،
تەرس[13] تۇشلار بارى تەئبىر تاپار.
كاتتا دەستار[14] تۇشەر باشلاردىن،
كۆز يۇمارسىز بارىڭىز ياشلاردىن.
ئىگەچى ۋە سىڭىل ۋە ئەھلۇ ئايال،
بارچە ئۆزبېككە بولۇرلار پامال.
ئىتتىفاق ئەيلەڭىز ئەمدى بىزگە،
تا جەفا يەتمەگەي ئاندىن سىزگە.
نېچە يۈز ئۆزبېكنى ئۆلتۈردۈك،

خەسىلىقنى ئاڭا ۋاجىب كۆردۈك.
تاشقارى ئۆلتۈرۈپ ئەردى ئول خان،
بىز سىزنىڭ بىرلە قىلىپ شەرت ۋە ئامان.
ئۇشبۇ مىرزانى كېچە كەلتۈردۈك،
شەھرنىڭ ئورتاسىغا يەتكۈردۈك.
باشلادۇق ئاسرۇ كۆپ ئىشلار ئەمما،
نىتەلى ئۆزگە ئېدى ھۆكمى خۇدا.
ئىش بۇ يەرلەرگە يېتىپدۇر ئەمدى،
كۆرەلى بىز نە يېتىپدۇر ئەمدى.
باشىمىز بارغۇچە ئەمدى تۇرالى،
ھەر نە كەلسە باشىمىزغا كۆرەلى.»
ئول بۇ سۆزلەرنى دېگەچ شەھر ئېلى،
دېمەگىل شەھر ئېلى، قەھر ئېلى.
بىر يولى ئەيلەدىلەر بارچە فىغان،
كىم: «بۇ ئەلگە كېرەكى يوق ئول خان.
ھەرنەكىم سەن دېسەڭ ئانداق قىلالى،
كېچە ـ كۈندۈز قاشىڭا يىغىلالى.
خان بىلە جەنگ ۋە جەدەل ئەيلەگەلى،
خان بىلە ھەرب ۋە قىتال[15] ئەيلەگەلى.
قەلئەمىزنى قىلالى مۇستەھكەم،
بولالى بولالى قەلئە سارىدىن بىغەم.
قوپالى كىن ۋە نىفاق ئەيلەپ فاش،
قەلئەنىڭ مەردەك[16]ى سانى يۈز باش.
نەفت[17] ياغى ۋە قەمىش جەمئ ئىتەلى،
بىر قەمىش باغىنى يۈز شەمئ[18] ئىتەلى.
تەخش ئەنداز[19]لارىمىز كۆپدۇر،
ھەرب ئۇچۇن سازلارىمىز كۆپدۇر.
ئول ئۇرۇش بىرلە نە ئىش قىلغۇسىدۇر،
ئىشلارى بارچە ئايتىلغۇسىدۇر.
دارى ئالمادى[20] بۇ سارى ئول خان،
ئۇرۇش ئەتمەكلىكى خۇد نە ئىمكان.
قىلۇر ئىشى قەباب ئۆلتۈرماقدۇر،

① مۇھەممەد تارخان ــ ئەسلى ئىسمى مىردەرۋىش مۇھەممەد تارخان بولۇپ، تېمۇرىلەر ھۆكۈمدارلىرىدىن؛ ② قاپقا ــ قوۋۇق، دەرۋازا؛ ③ بىشەكۇ گۇمان ــ شەكسىز، گۇمانسىز، شەك ـ شۈبھىسىز؛ ④ ئورتاسىدا ــ ئوتتۇرىسىدا؛ ⑤ كەلام (ئەرەبچە) ــ سۆز، گەپ؛ ⑥ تەھقىق (ئەرەبچە) ــ ھەقىقەت، راست؛ ⑦ تەرىق ــ يول، مەسلەك؛ ⑧ فەتھ ــ بويسۇندۇرۇپ ئېلىش؛ ⑨ ئەغنىيا (ئەرەبچە) ــ بايلار، غەنىلەر؛ ⑩ فەقر (ئەرەبچە) ــ كەمبەغەللىك، موھتاجلىق؛ ⑪ فاقە (ئەرەبچە) ــ بۇمۇ «فەقىر» سۆزى بىلەن ئوخشاش مەنىدە؛ ⑫ تەغيىر (ئەرەبچە) ــ ئۆزگەرتىش؛ ⑬ تەرس ــ تەس، قېيىن؛ ⑭ دەستار (ئەرەبچە) ــ سەللە؛ ⑮ قىتال (ئەرەبچە) ــ ئۇرۇش، جەڭ؛ ⑯ مەردەك ــ ئەرزىمەس، پەسكەش ئادەم، نان قېپى، رەزگى؛ ⑰ نەفت (پارسچە) ــ نېفىت؛ ⑱ شەمئ (پارسچە) ــ شام، چىراغ؛ ⑲ تەخش ئەنداز (پارسچە) ــ مەرگەن، كامانداز، ئوقياچى؛ ⑳ دارى ئالمادى ــ يېتىپ كەلمىدى.

شىيۋە[1]سى تاشقارىدا تۇرماقدۇر.
قەباسا ھەم قەباسۇن، شاد بولۇق،
سىز قەبال بەندىدىن ئازاد بولۇق.
ئالىشىپ قەلئەنى بىز ساقلاغالى،
سالىشىپ قەلئەنى بىز ساقلاغالى.
ئىتلەرىمىزگەچە ھاسىل سويالى،
ئىت ئەت[2]ى يېرگە[3] كۆڭۈل قويالى.
ئاڭاچە ساقلاغالى قورغانى،
جانىغا يەتكۈرەلى ئول خانى.

ھالىيىەن[4] ئاشلىغىمىزغا نە ھەسىب،
تۈزىمىزغا نە ھەسىب[5] ۋە نە كەتىب[6].
ئات بىلە تىۋەمىز ئاسرۇ كۆپتۇر،
قوي بىلە مېۋەمىز ئاسرۇ كۆپتۇر.
قەند يېسە ئۇلۇسۇمىز بىر يىل،
بۇ سەمەرقەند ئارا بولۇر ھاسىل.
ئۆزگەسىدىن نە ھىكايەت قىلالى،
ئەمدى ئايتساڭ قىلۇر ئىشنى بىلەلى.»

(نەشرگە تەييارلىغۇچى جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

① شىيۋە (پارسچە) ــ ئادەت، ئادىتى؛ ② ئەت ــ گۆش؛ ③ يېرگە ــ بۇ سۆز بۇ يەردە «يەيدىغانغا، يېيىشكە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن؛ ④ ھالىيىەن (ئەرەبچە) ــ شۇ تاپتا، شۇ پەيتتە؛ ⑤ ھەسىب (ئەرەبچە) ــ ھېسابچى، ھېساب تۇتقۇچى، نازارەتچى؛ ⑥ كەتىب (ئەرەبچە) ــ كاتىپ، پۈتۈكچى.

# قۇش تىلى ۋە لىسانۇتتەير

تۇرسۇن قۇربان تۇركەش

ئەلىشىر نەۋايى (1441 ــ 1501) يۇسۇپ خاس ھاجىپ (11 ـ ئەسىر)تىن كېيىنكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى، مۇتەپەككۇر شائىر. نەۋايى ئۆمرىدە ئەدەبىيات، تىل، تارىخ، ئەخلاق، دىن ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. شائىرنىڭ ئىجادىي مىراسلىرى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا كەڭ تارقالغان. زامانداشلىرى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئاۋۋال ئىتالىيەدە، كېيىن غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە نەۋايى ھەم نەۋايى ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات تەڭلا باشلانغان.

«لىسانۇت ـ تەير» (قۇش تىلى) ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەسەۋۋۇپلۇق دۇنيا قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر پەلسەپىۋى داستانى. شائىر بۇ ئەسەرنى پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى فەرىدىددىن ئەتتار (1150 ــ 1220)نىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» (قۇش نۇتۇقى) داستانىنى تۈركىي تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا تامامەن يېڭى بەدىئىي ئەسەر يارىتىش روھى بىلەن يېزىپ چىققان.

مەلۇمكى، نەۋايى ۋە ئەتتار داستانلىرىدا قۇشلارنىڭ سۇمۇرغ تەرەپكە قىلغان سەپەر ۋەقەلىكلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇئەييەن پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن.① لېكىن، قۇش تىلى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى سۈرەتلەشتەك مەسەللىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپ ئەسەر يېزىش شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا نەۋايى ۋە ئەتتاردىنمۇ بۇرۇن بار بولغان بەدىئىي ئۇسلۇب ئىدى. ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980 ــ 1037)نىڭ «تەير قىسسەسى» (قۇش رىسالىسى) ئەسىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى يازما ئەدەبىيات تارىخىدا قۇش تىلى ۋاستىسىدە يېزىلغان تۇنجى پەلسەپىۋى ئەسەردۇر. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەت غەززالىي (1040 ــ 1111)نىڭ ئىبن سىنا بىلەن ئوخشاش ئۇسلۇب ۋە ماۋزۇدىكى قۇشلار داستانى دۇنياغا كەلدى ۋە بۇ ئەنئەنىۋى تېما ئەتتاردىن نەۋايىغا ئۆتۈپ شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا يېڭىلىقى ۋە ئىجادىيلىقى بىلەن يۈكسەك سەۋىيە ياراتتى.

ئىبن سىنانىڭ «تەير قىسسەسى» نامىلىق ئەسىرى «تۇزاق ۋە قۇش كىتابى» نامى بىلەنمۇ شەرق خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلىنىدۇ: ئوۋچى تۇزىقىغا چۈ-

شۇپ قالغان بىر توپ قۇش ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا ئېتىپمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئەركىنلىكتىن ئۈمىد ئۈزۈشۈپ، بارا - بارا ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا كۆنۈپ قالىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىرمۇنچە قۇش ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. ئەسلىدە ئۇلارمۇ تۇزاققا ئېلىنغان قۇشلار بولۇپ، ئۇزۇنغىچە ئۇۋچىنىڭ قولىدىن تولۇق قۇتۇلمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باش ۋە قاناتلىرى ئۇلارنى ئازات قۇشلاردەك كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ جانىۋارلارنىڭ ئاياغلىرى بەندىلەنگەندى. ئۇۋچى تۇزىقىدىكى قۇشلار بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە باش ۋە قاناتلىرىنى توردىن مىڭ تەسلىكتە چىقارسىمۇ، لېكىن ئاياغلىرىدىكى باغلاقنى ئېلىۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ چەكسىز ۋادىلار ۋە ئېگىز تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، يىراقتىكى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ياردەم تىلەپ بارىدۇ، قەسىرگە كىرىش بىلەن سەھنىدىن پەردە كۆتۈرۈلۈپ، قۇشلارنىڭ كۆزى شاھقا چۈشىدۇ. شاھنىڭ سىماسى شۇنچىلىك نۇرلۇق ئىكەنكى، قۇشلار ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ھوشىنى يوقىتىپ، كېلىشتىكى ئەسلىي مەقسىتىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. شاھ كەرەم ۋە مەرھەمەتى بىلەن ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، جانىۋارلار ئىستەكلىرىنى بايان قىلىدۇ. شاھ ئۇلارغا: «ئاياغلىرىڭلاردىكى باغلاقنى ئۇۋچىدىن باشقا ھېچكىم يېشەلمەيدۇ. مەن بىر ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن سىلەرنى ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇشلار ئەسلىي ماكانىغا قاراپ ئۇچۇشىدۇ.

«تەير قىسسەسى»دىكى مەزكۇر ۋەقەلىك ئەدەبىياتتا ھەرخىل ئىزاھلانغان. بەزى تەتقىقاتچىلار ئەسەردىكى مەسەللىك خاراكتېر ياكى ئاللاگورىيەلىك (ئادەملەشتۇرۇش) ئىپادىلەشنى ئىبن سىنانىڭ شەخسىي ھاياتىغا دائىر ۋەقەلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۇرگەن، يەنى تۈرمىدىكى ھاياتىنى[2] قەپەستىكى قۇشقا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن بۇ ئەسەرنى، ئاپتور ئۆزىنىڭ كېيىن ئادالەتلىك ھەمدان ھاكىمى[3] تەرىپىدىن ئازات قىلىنغانلىقىغا تەقلىد قىلىپ يازغان. قىسسەدىكى تۇزاق مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ[4] چاڭگىلىغا، قۇشلارنىڭ باش - قاناتلىرىنىڭ ئازات بولۇشى خارەزمشاھنىڭ[5] ئالىملارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا بەرگەنلىكىگە، ئاياغلىرى باغلاقلىق قۇشلارنىڭ تاغۇ ۋادىلاردا تىنىمسىز ئۇچۇپ يۈرۈشى بولسا زالىم پادىشاھنىڭ تەقىبى بىلەن ئىبن سىنانىڭ يۇرتمۇيۇرت تىنىمسىز قېچىپ يۈرۈشىگە سىمۋول قىلىنغان[6] دەپ قاراشقان. لېكىن، شەرقشۇناس ئالىم س. خ. گرىگورىيان بولسا ئەسەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئاساسىي تېماتىك غايە بويىچە «تەير قىسسەسى»نى ئىجتىمائىي - سىياسىي مەزمۇندىكى ئەسەر سۈپىتىدە تەھلىل قىلغان. ئۇنىڭچە، ئىبن سىنا ئۇشبۇ داستاندا ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە فېئودال دۆلەتنىڭ ئاۋامغا سالغان زۇلۇملىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. ئەسەردىكى قۇش خەلققە، تۇزاق فېئودال زۇلۇمغا، شاھ ھۆكۈمدارغا سىمۋول قىلىنغان. داستاندىكى قۇشلارنىڭ شاھقا قىلغان ئىلتىجاسى نەتىجىسىز قالغاندەك، فېئوداللىق دەۋردە خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىن ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشىمۇ ئوخشاشلا ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال دەپ قارالغان.

بىزنىڭچە، بۇ ئىبن سىنانىڭ «سالامان ۋە ئىبسول»، «ئۇيغاق ئوغلى تىرىك» رىسالىلىرىگە ئوخشاش چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇندىكى بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىش ئۈچۈن قىسسەدىكى مەجازىي (كۆچمە مەنىدە، يوشۇرۇن ئوخشىتىپ ئىپادىلەش) ئوبرازلارغا يوشۇرۇنغان ئىچكى مەنىلەر ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ئىنساننىڭ جېنى(روھى) ئەركىن قۇش سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ كەلگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن «جان قۇشى»، «كۆڭۈل قۇشى» ئىبارىلىرى ئەلۋەتتە مۇشۇ خىل چۈشەنچىلەر بىلەن باغلىق. ئىبن سىنا داستاندا مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى پىكىرلەرگە ئاساسلىنىپ، قۇشلارنى ئىنسان جېنىنىڭ مەجازىي ئوبرازى سۈپىتىدە تەلقىن قىلغان. شۇنىڭدەك، بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى دىنىي تەلىماتلارغا تايىنىپ، جان

تەن ئىچىدە مەۋجۇت، تەن جان ئۈچۈن بىر قەپەس ياكى تۇزاق، ئۇنى چېقىپ تاشلاپ ئەركىن قۇشقا، يەنى ئۆزلۈككە ئېرىشمەك لازىم، دېگەن سۇپىستىك پىكىرنى ئالغا سۈرگەن. دېمەك، نەچچە مىڭ يىللىق شەرق فولكلورى جۈملىدىن، ھىندى خەلقىنىڭ مەشھۇر داستانى «كەلىلە ۋە دىمنە» دىكى مەسەل - چۆچەكلەر ئاساسىدا يېزىلغان مەزكۇر قىسسەدىكى قۇشلار ئىنسان روھىنىڭ، تۇزاق ئادەم تېنىنىڭ، ئوۋچى تەبىئەتنىڭ، پادىشاھ بولسا تەڭرىنىڭ مەجازىي ئوبرازىدۇر. «تەير قىسسەسى»نىڭ دۇنياغا كېلىشى شەرق بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي پىكىرلەر تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ، تۈركىي، ئەرەب ۋە پارس خەلقلەر ئەدەبىياتىدا قۇشلار سىمۋولىدا پەلسەپىۋى ئەسەر يېزىشنىڭ ئۈلگىسى ۋە ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئىبن سىنادىن ئىلھاملانغان غەززالىيمۇ «رىسالەتۇت - تەير» ئەسىرىنى يېزىپ، سۇپىزم بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ماسلاشتۇرۇش غايىسىنى ئىپادىلىدى. لېكىن، ئۇ ئىنسان دۇنياۋى پائالىيەتلەردىن قول ئۈزۈپ زاھىدلىق ۋە رىيازەت يولىغا كىرگەندىلا ئۇنىڭ روھى يۈكسەك بەخت ۋە مۇتلەق روھنىڭ مۇجەسسىمى بولغان خۇدا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ، دەيدىغان دۇنيانى تەرك ئېتىشتەك پاسسىپ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭلاشقا، غەززالىي داستانىدىكى شاھنى ئىزلەپ يولغا چىققان قۇشلارنى ئەمەلىيەتتە تەڭرىنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشمەك ئۈچۈن تەرىقەت يولىغا كىرگەن سۇپىلار، ئەنقانى بولسا ئۇلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىدېئالى بولغان تەڭرىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى قىلىپ ئىپادىلەپ، ئۆزىدىن كېيىنكى شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى ۋە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

«مەنتىقۇت - تەير» پارس - تاجىك مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى زور ھەجىملىك ئەدەبىي مىراسى ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە مەشھۇر ئەسەر. داستان ئىبن سىنا ۋە غەززالىي رىسالىلىرىگە نەزىرە قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن ئىجادىي رىقابەتلىشىش ئارقىلىق يېزىلغاچقا، ئەتتار ئاۋۋالقىلار ئەسەرلىرىدىكى مەسەللىك سۇژېتنى ھەر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرغان. بولۇپمۇ ئەتتار داستاندىكى ئابستراكىت ئۇقۇمدىكى قۇشلارغا ئۆزى ياشاۋاتقان زامان رېئاللىقى ئاساسىدا ئىجتىمائىي - سىياسىي قىممەت يۈكلىگەن. ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، غايىسى، مەشغۇلاتى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر تىپىنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئۆز نۇقسانلىرىنى تۈزىتىش بەدىلىگە مۇكەممەللىشىشكە چاقىرغان. بۇ ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئېتىقاندا زور ئىلغارلىق ۋە جاسارەت ھېسابلىناتتى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە سىقىق بىر زاماندا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. يەنى شائىر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇشلىرى كۈچەيگەن، ئىقتىساد تەرەپتىن شەھەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سودا نىسپىي گۈللەنگەن، مەدەنىيەت ھەم سەنئەتتە ياۋروپا تارىخىدىكى ReHeccaHc — ئويغىنىش دەۋرى دەپ ئاتالغان دەۋرگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان زاماندا ياشىدى ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەكىللىرى قاتارىدا تونۇلدى.[7] نەۋائىينىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «لىسانۇت - تەير» شائىرنىڭ پەلەكتىن ناتىۋانلىغ[8] كۆرگەن دەۋرلىرىدە يېزىلغان. نەۋائىي داستاننى ئىجاد قىلىشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە توختىلىپ، ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا مۇنداق يازغانىدى: «قۇشلار تىلىنى بىلىدىغانلاردىن بىرسى سۇلايمان پەيغەمبەر ئىدى. ۋەزىرى ئاساف ئۇنىڭدىن قۇش تىلىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ھېچكىمنى خەۋەردار قىلمىدى. پەلەك تېز سۇرئەتتە ئايلىنىپ مىڭ يىلدىن كېيىن ئاجايىپ مەنىلىك نۇتۇق كۈيلىگۈچى بىر قۇش (ئەتتارنى دېمەكچى) دۇنياغا كەلدى. ئۇ بارچە قۇشلار تىلىنىڭ داناسىدۇر! ھەقىقەت سىرلىرىنى

بايقاشتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر... پارس تىلىنى بىلىدىغانلار ئەتتارنىڭ ئەسىرىدىكى بارچە ئىنچىكە مەنىلەردىن بەھرىمەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنى بىلمەيدىغان ساددا تۈركىيلەر ئەسەرنى ئوقۇپ پايدىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى... مەنمۇ شۇنداق بىر قۇش ئىدىمكى، كېچە - كۈندۈز ئەتتارنىڭ دۇكىنىدىن شېكەر ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم... تۇنجى مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىمدا، مېنىڭ قىزىقىپ تەبىئىتىم ئۇنىڭ «مەنتىقۇت - تەير» داستانىغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم ئۇنىڭدا يېزىلغان سۆزلەرگە ئاشنا بولغاچ... ئۇ خىلۋەتتىكى ئەڭ قەدىردان سىردىشىمغا ئايلاندى... پۈتۈن خىيالىم قۇش تىلى بىلەن بەند ئىدى... لېكىن بىر ئارزۇ ئۆمرۈم بويى ماڭا ئارام بەرمەي كەلدى. يەنى ھەق مەدەت بەرسە تەرجىمە يولى بىلەن ئەسەر يازسام... شۇنىڭدىن كېيىن 60 يېشىمدا قۇش تىلىنى شەرھلەش ئۈچۈن قەلىمىمنى ئۇچلىدىم. بۇ ئىشتا شەيخ روھىدىن (ئەتتاردىن) مەدەت سورىدىم ۋە ئەسىرىمنى قىسقا ۋاقىتتا يېزىپ تاماملىدىم.[9] بۇ نۇقتىنى نەۋائىينىڭ «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە بىر پۈتۈن ئىجادىي ھاياتىدىن خۇلاسە قىلىپ مەزكۇر ئەسەر ھەققىدە ئېيتقان «چۈن ‹لىسانۇت - تەير› ئەلھانى بىلە تەرەننۇم تۈزۈپمەن، قۇش تىلى ئىشارىسى بىلە ھەقىقەت ئەسرارىن مەجاز سۈرەتىدە كۆرگۈزۈپمەن»[10] دېگەن بايانلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەتتار «مەنتىقۇت - تەير»نىڭ ئىلھامى شائىر داستانىنىڭ يېزىلىشىغا تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، لېكىن نەۋائىيغا باللىقىدا تۇتاشقان ئوت ئەللىك يىللار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا گۇلخانلاپ تۇرغان. گۆدەكلىكتىكى مۇپتىلالىقىنىڭ كۆڭۈل يارىسى شائىرنى زامان - زامانلار ئارامسىزلاندۇرۇپ ۋە كۈچ - ماغدۇرىنى خورىتىپ بوۋايلىقىدا ئېغىز ئالغان. دېمەك، شائىر بىر ئۆمۈر گېلىدا تۇرۇپ قالغان نەرسىنى فانالىقىنىڭ ئالدىنقى بېكىتىدە «قۇش تىلى» شەكلىدە زور غەيرەت بىلەن رېئاللاشتۇرغان.

«لىسانۇت - تەير» نەۋائىينىڭ «خەمسە»دىن كېيىنكى ئالتىنچى داستانى. بۇ ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن كىچىكرەك بولۇشىغا قارىماي، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ. داستان 1498 — 1499 - يىلى يېزىلغان. ئۆزبېكچە نۇسخا بىرقەدەر مۇكەممەل نۇسخا بولۇپ، 193 باب، 3598 بېيىت شېئىردىن تەركىب تاپقان. ئۇيغۇرچە نەزمە ۋە نەسىر ۋارىيانتىنىڭ باب ۋە بېيىت سانى بۇنىڭدىن ئازراق. شائىر ھەر بابنىڭ بېشىدا تەڭرى، تەبىئەت، ئىنسان، تەسەۋۋۇپ، بىلىم، ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارقىدىنلا بۇ كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن تۈرلۈك ئەقلىي - مەنتىقىي نەسرىي پارچىلارنى مىسال كەلتۈرگەن. بۇلار شەكلى خىلمۇخىل، مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى شېئىرىي شەكىلدىكى 65 پارچە ھېكايە، مەسەل ۋە رىۋايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، نەۋائىي مەزكۇر پەلسەپىۋى داستانىنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسىنى تەشكىللەشتە مەشھۇر «خەمسە»دىن، جۈملىدىن ئۇنىڭدىكى «ھەيرەتۇل - ئەبرار»، «سەددى ئىسكەندەرىي»لەرنى يېزىشتا توپلىغان مول تەجرىبىلەردىن پايدىلانغان.

ئاۋۋالقى 13 باب ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بويىچە ئالەمنىڭ يارىلىشى، تەڭرى، تەبىئەت ۋە ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقىدارلىق ھەم ماسلىق مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختالغان. بۇ جەھەتتىن نەۋائىي گۈزەللىك قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت مۇھىم بەدىئىي ئېستېتىك پىرىنسىپقا ئاساسلانغان. شائىر قارىماققا بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدا تەڭرى - تەبىئەت روھىدىكى ئالىي ماھىيەت، بۇلار ئۆزئارا سىڭىشكەن بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدە مەۋجۇت، دەيدىغان پانتېزملىق كونا قاراشنى تەكرارلاۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاساسىي مەقسەت ئىنسان، بارچە مەۋجۇدات ئادەم ئۈچۈن، دېگەن ئىلغار گۇمانىزملىق پەلسەپىۋى ئىدىيەنى ئالغا سۈرگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دۇلدۇلغا مىنىپ ئەرشكە چىققانلىقى ھەققىدىكى دىنىي

ۋەقەلىك، تۆت خەلىپە قاتارلىق ئۇلۇغ كىشىلەر مەدھىيەسى ۋە شائىرنىڭ شەخسىي ھاياتى ھەققىدىكى مەزمۇنلارمۇ مۇقەددىمىدىن ئورۇن ئالغان.

172 بابتىن ئاخىرغىچە بولغان 21 باب داستاننىڭ خاتىمىسى بولۇپ، بۇ قىسىم تەرىقەتتىكى يەتتە باسقۇچقا بېغىشلانغان مۇناجات، داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبى، يېزىلغان ۋاقتى، ئەسەردە نېمە ئۈچۈن «فانىي»[11] تەخەللۇسىنىڭ قوللىنىلغانلىقى ۋە پادىشاھ ھۈسەين بايقارا تەرىپى قاتارلىق مەزمۇنلارغا بېغىشلانغان.

داستاننىڭ يادرولۇق ئىدىيەسىگە ئائىت قۇشلار ۋەقەلىكى 14 ـ بابتىن باشلانغان بولۇپ، بۇ قىسىم جەمئىي 158 باب ھەجىمدىكى نەچچە مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن. «لىسانۇت ـ تەير»نىڭ بۇ بۆلىكى ئەنئەنىۋى ئىسلام شەرق ئەدەبىياتىدىكى ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە چىقىرىش ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان. ئەسەر قۇشلارنىڭ بىر توغىنىڭ ئاستىدا ئىتتىپاقلىشالماي ھەممىسى ئۆزىنى «مەن پادىشاھ» دەپ ئورۇن ۋە مەنسەپلىك تالىشىشىدىن ئىبارەت كەسكىن دراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن ھۆپۆپ (ھۇدھۇد)، بۇلبۇل، كەكلىك (كەبك)، شۇڭقار، لاچىن (شاھباز)، تۇتى، ئۆردەك، سوپىسوپىياڭ، يازەرب (بايقۇش، بۇم)، پاختەك، بۈركۈت (ئۇقاب)، كەپتەر، توخۇ (خوراز) قاتارلىق تەبىئىتى ۋە تۈرلىرى خىلمۇخىل بولغان قۇشلار[12] يىغىلىشىپ، ئۆزلىرىگە پادىشاھ سايلاش قارارىغا كېلىدۇ. داستاندا قۇشلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئۇلارنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق بېرىلگەن:

شاھسىز ئەردۇك بەغايەت كۆپ سىپاھ،
نە سىپاھ بولغايكى يوقتۇر ئاندا شاھ...
تا بۇ كىم سۇمۇرغ بولغاي شاھىمىز،
بارچە شەررۇ خەيردىن ئاگاھىمىز...
شاھقا بولسا بۇ مەئنى دىلفەزىر،
بەندە بولغايمىز نېچە زارۇ ئەسىر...[13]

(بىز پادىشاھسىز قالغان بىر توپ قۇشلارمىز. ئەگەر قوشۇندا پادىشاھ بولمىسا، ئۇ قانداقمۇ قوشۇن بولسۇن! ئىستىكىمىز سۇمۇرغ بىزگە باش بولۇپ، بىزنى بارچە ياخشى ـ يامانلىقىمىزدىن ئاگاھ قىلسا، بىزلەرمۇ بەجانىدىللىق بىلەن ئۇنىڭ قۇللۇقىنى قىلاتتۇق.)

شۇنداق قىلىپ، قۇشلار كېڭىشىپ غەرب تەرەپتە ياشايدىغان سۇمۇرغ (ئەنقا)نى پادىشاھلىققا ئەڭ مۇۋاپىق نامزات دەپ قارايدۇ ۋە سۇمۇرغنىڭ ئاشۇ تەرەپتىكى ئاراللارنىڭ بىرىدە ياشايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى بۇ ھەۋەس كۈچلۈك ئارزۇغا ئايلىنىپ، پادىشاھنى ئىزلەپ تېپىش ھەققىدە ئەھدۇپەيمان قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا سۇمۇرۇغنىڭ بۇ جاھاندىكى مانىنىڭ سۈرەتخانىسى[14] دەپ ئاتالغان مەشرىقتىكى ئۇلۇغ چىن زېمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ ئەلگە ساياھەتكە كېلىشىدۇ، قۇشلار رىيازەت چېكىپ سۇمۇرغنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى ئۆزلىرىگە بەخت ـ سائادەت ھېسابلايدۇ. ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن ئاتلانغان سانسىز قۇش سەپەر جەريانىدا تەلەپ (تىلاۋەت)، ئىشق، مەرىپەت (تونۇش)، ئىستىغنا (ئېھتىياجسىزلىق)، تەۋھىد (يەككىلىنىش)، ھەيرەت، فەقرۇ فانا (يوقىلىش) دەپ ئاتالغان «يەتتە ۋادا»، ئېگىز تاغ ۋە چۆللەردىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. داستاندىكى مەسەللىك سۇژىتنىڭ كولمىناتسىيە قىسمىدا سۇمۇرغ ۋەسلىگە تەشنا ئۇزۇن سەپەر قىلغان ئۇچارقاناتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ، پەقەت ئوتتۇز قۇش ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار قەيەرگىلا قارىسا ئۆزلىرى كۆرۈنىدۇ. ئۆزلىرى سۇمۇرغ سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. نەۋايىنىڭ مۇھاكىمىسىچە، قۇشلار (ئىنسانلار) مەنىۋى ئەخلاقى جەھەتتىكى تاكامۇللۇقنىڭ يەتتە سىناق باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاجايىپ بىر سۈپەتتە ئۆز ماھىيىتى-

دىكى سۇمۇرغنى، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي گۈزەللىك ۋە كامالەت تىمسالى بولغان سۇمۇرغ بىلەن بىر تەندە مەۋجۇتلۇقىنى تونۇپ يېتىدۇ. يورۇقلۇق قوياشقا قايتقاندەك، تۇرلۇك قۇشلار بىر قۇشقا ئايلىنىدۇ. يەنى ئالەمدىكى ھەممە نەرسە جەۋھەرلىنىپ يارانقۇچىغا مەركەزلىشىدۇ. دېمەك، ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسان ئىلاھلىشىدۇ! قۇشلار «ئاللا، ئاللا» دېيىشىپ، بۇنداق مۆجىزىۋى كارامەتتىن ھەيران بولۇشىدۇ. «لىسانۇت - تەير»نىڭ 165 - بابىدا بۇ پىكىرلەرنىڭ نەزمى شەكلى كەلتۈرۈلگەن:

كۆردىلەر ئۆزنى قايانكىم چۇشتى كۆز،
ئەللاھ - ئەللاھ نە ئاجايىبتۇر بۇ سۆز...
كىم سەن - ئۇقسەن ھەرنەكىم مەقسۇد ئېرۇر،
سەندىن ئۆزگە ھەرنەكىم مەۋجۇد ئېرۇر.
ئۆز ۋۇجۇدۇڭغا تەفەككۇر ئەيلەگىل،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل.[15]

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بېيىتلار داستاننىڭ جەۋھىرى. شائىر بۇ يەردە پارسچە سۆز «سۇمۇرغ»نىڭ شۇ ناملىق بىر قۇش ۋە ئوتتۇز قۇشنى كۆرسىتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەجنىسلىك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدا «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن ھەدىسكە ئىشارە قىلغان. بىز ئىنچىكە كۆزەتسەك، نەۋايىنىڭ ئاددىي سۆز ئويۇنى قىلغان «سۇمۇرغ» سۆزىنى خاسىيەتلىك قوتا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە داستاننىڭ جېنى، يەنى ئوتتۇز ياكى سانسىز قۇشنىڭ ئاقىۋەتتە بىر قۇشقا قايتقانلىقىدىن ئىبارەت يادرولۇق ئىدىيەنى يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مۇتەپەككۇر شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇت» ۋە تەجەللىيلىك پەلسەپىسى قارىشىنى ئوبرازلىق ھەم مەركەزلىك ئىپادىلىگەن. قىسقىسى، قۇشلارنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئىزلەپ قىلغان سەپىرىنى ئالەمنىڭ يارىلىشىدىكى ئاساسى سەۋەب ئىنسان، دۇنيادىكى بارچە شەيئىلەر ئىنسان تۈپەيلى مەۋجۇت ۋە قىممەتكە ئىگە، ئىنسان ئۆز ھاياتى داۋامىدا تەقدىرنىڭ قولى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىستىقبالىنىڭ ئاكتىپ ئىجادكارى بولۇشى كېرەك، ئۇ ئۆز بەخت - سائادىتى ۋە تەقدىرىنى يارىتىشتا ھېچقاچان تاشقى كۈچتىن نىجاد تىلىمەي، كۈچلۈك ئىرادە تىكلەپ مۇستەقىل كۈرەش قىلىشى لازىم، ھەقىقەت ئىنساندا پاتېنسىئال تەرزدە مەۋجۇت، شۇڭا ئىنسان ئۇنى تاشقىرىدىن ئەمەس بەلكى ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئىزدىشى زۆرۈر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزلۈكىنى تونۇشى ۋە ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى شەرت، دېگەن گۇمانىزملىق نۇقتىدىن تەلقىن قىلىش ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ئىدىيەسىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن.

داستاندىكى يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇزاق يىل داۋاملاشقان مەنىلىك ئەمما مۇشەققەتلىك سەپەردە بەزى قۇشلار ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ يېرىم يولدا توختاپ قالماقچى بولسا، يەنە بەزىلىرى كېسەل بولۇپ ھالسىزلىنىدۇ، ئىرادىسى بوشىشىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا قۇشلار باشچىسى ھۆپۆپ بىلەن ئۆز نىشانىغا يېتىشتىن يالتايغان قۇشلار ئوتتۇرىسىدا ئىبرەتلىك سوئال - جاۋابلار بولىدۇ. سۆھبەت ئاساسەن ئىشق، دىن، ئىرادە، غايە، سەۋر - تاقەت، چىدام، نەپسى بالالىق ۋە شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئەخلاقىي ئىللەتلەر مۇھاكىمىسىگە بېغىشلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر قۇش ھۆپۆپتىن ھىممەت (ياخشىلىق، مەردلىك) ھەققىدە: «زەئىپمەن، ئەمما ھىممەتلىكمەن، دېگەن سۆزدە قانداق مەنە بار؟» دەپ سوئال سورىغاندا، ھۆپۆپ: «ھىممەت ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئالىي پەزىلەت. ئادەم ئەسلى سەدەپ بولسا، ھىممەتتىن گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. ھىممەتلىك گادايى ھىممەتسىز پادىشاھتىن ئەۋزەل» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شائىر بۇ يەردە قۇشلار ئوبرازىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئادەملەر-

دىكى زامان ۋە تۈزۈمدىن كەلگەن، مەنىۋى يۈكسەكلىككە توسقۇنلۇق قىلغۇچى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى تەنقىتلەيدۇ. ئىنسانلارنى پەزىلەتلىك بولۇشقا، ئالىيجاناب غايىسى ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ! ئادەملەرگە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، بايلىقى ۋە تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي پەزىلىتىگە قاراپ باھا بېرىش كېرەك، دېگەن مۇھىم ئەخلاقىي ـ ئېتىكىلىق ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مۇھەببەت نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ، بۇ ماۋزۇ «لىسانۇت ـ تەير»دىمۇ يېڭىچە رەڭ ۋە ئۆزگىچە ئاھاڭلار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. داستاندا سۆزلەنگەن سۆيگۈ ۋەقەلىكلىرى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھەببەت دەرياسىنى تېخىمۇ ئۆركەشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى شائىرنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ماھارەتنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبەلىك رول ئوينايدۇ. ئەسەرگە «مەجنۇن»، «ئارىستو ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى»، «ھەيرەتتە قالغان ئاشىق»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق كىچىك ھەجىمدىكى ھېكايىلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن «شەيخ سەنئان» ئالغا سۈرگەن غايىۋى تېماتىك مەزمۇنىنىڭ، ھەجىمىنىڭ، ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىكى، پىسخىك تەھلىللەرگە بايلىقى ۋە تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەت ماجىراسىنىڭ ھەيران قالارلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مەزكۇر ھېكايىنى داستاندىكى ئادەتتىكى قىستۇرما پارچە قاتارىدا ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل ۋە ئاجايىپ مۇھەببەت قىسسىسى سۈپىتىدە تەھلىل قىلىش بىز ئۈچۈن يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئوتلۇق سۆيگۈ ساھىبى بولمىش شەيخ سەنئان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ مەلۇم ۋە مەشھۇر بولغان. بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەر ھەر خىل خەلق كىتابلىرىدىن ئورۇن ئالغان. ئەمما بۇ ئاجايىپ رىۋايەتنى بىرىنچى بولۇپ نەزمىگە سېلىش شەرىپى پەرىدىددىن ئەتتارغا مەنسۇپتۇر. لېكىن نەۋايىنىڭ داستانى 514 بېيىت بولۇپ، ئەتتارنىڭكىدىن تەخمىنەن يۈز بېيىت ئارتۇق. ئەسەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى باشقىدىن تەشكىللەنگەن، ئوبرازلار كېڭەيتىلگەن. رۇس شەرقشۇناسى بېرتېلس نەۋايى بىلەن ئەتتار ئىجادى ئۈستىدە چوڭقۇر سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇنداق بىر قاتار گەۋدىلىك ئۆزگىچىلىكلىرىگە ئاساسەن «لىسانۇت ـ تەير»نى «مەنتىقۇت ـ تەير»دىن پەرقلىق ئارگىنال ئەسەر، دەپ كۆرسەتكەن.[16] يەنى داستان تەرجىمە كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ كەتكەن.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى شەيخ سەنئان ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى كەبىدىكى باش شەيخ. نەۋايى شەخسلەر ھەققىدىكى تەزكىرە ئەسىرى «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»تە بۇ پېرسوناژنى ئۆز دەۋرىدە ياشىغان شەيخ سەنئاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھەرقانچە يازسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇ كامالەتكە يەتكەن تۆت يۈز مۇرىتى بىلەن ئەللىك يىل ھەرەمدە ياشىدى،[17] دەپ يېزىپ، ئۇنى رېئال تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ئىزاھلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزنىڭچە باشقىلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىشنى شەيخ سەنئاننىڭ نامىغا يۈكلەپ يازغان توقۇلما شەخستۇر. قىسسىدە ئېيتىلىشىچە، شەيخ سەنئان چۈشىدە كۆرگەن رۇم شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان گۈزەل بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. شەيخ مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا، قىز تۆت شەرت، ئىككى جەرىمانىنى ئادا قىلسا، ئۇنىڭ سۆيگۈ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شەيخ ھېچ ئىككىلەنمەستىن بۇتپەرەسلەر مۇراسىمىدا خۇدىنى يوقاتقۇچە ھاراق ئىچىدۇ؛ دىنىدىن ۋاز كېچىپ، خىرىستىيان بولىدۇ؛ مۇقەددەس كىتابنى ئوتقا تاشلايدۇ؛ شەيخلىق ئۈستىبېشىنى خىرىستىيانلىق كىيىملىرىگە ئالماشتۇرۇپ، بېلىگە زۇننار باغلايدۇ. جەرىمانە سۈپىتىدە كېچىسى ئاتەشدانغا ئوت ياقسا، كۈندۈزلىرى چوشقا باقىدۇ. گەرچە داستاننىڭ ئاخىرىدا شەيخ بىر سادىق مۇرىتىنىڭ دەۋىتى بىلەن تۆۋە قىلىپ، ۋەتىنى ۋە ئېتىقادىغا قايتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئېتىقادى يولىدا دىن، ئىرق ۋە مەدەنىيەت چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر ئاشىق ئۆلىمانىڭ ئوبرازى

كۆز ئالدىمىزدىن زادىلا كەتمەيدۇ. شەيخ سەنئاننىڭ دىلىغا چۈشكەن مۇھەببەت سەۋدالىقى ئەمەلىيەتتە ياراتقۇچىنىڭ شەيختىن ئىبارەت بۇ تەسەۋۋۇپ ۋە ئىشىق ئەھلىنىڭ كامىل ئىنسانغا ئايلىنىش يولىغا قويغان سىناق تېشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن تەڭرى ئىنساننى ئوخشاش ياراتتى ۋە ھەممە دىن خۇدانىڭ نەزىرىدە ھاسىل بولغان دەپ قارىسا، يەنە بىر ياقتىن، شەيخ ئازغۇنلۇقتىن قايتىپ، ئاللا يولىدا تۆۋە - ئىستىغپار قىلىدۇ. ناسارا قىز دىنىدىن چىقىپ، دىلىدا ئىمان نۇرى پارلاپ مەككىدە ئىسلامغا كىرىدۇ. قىز تاڭدا، بوۋاي (يىگىت) چۈشتە جان تەسلىم قىلىپ يانمۇيان قەبرىلەردە ياتىدۇ، روھلىرى ۋىسال شارابى ئىچىشىدۇ. دېمەك، جان بىلەن جانان يەنى ئاشىق بىلەن مەشۇق «ۋەھدەتىل ۋۇجۇد» دا بىر ئاللانىڭ نۇرىغا چۆمۈلىدۇ. شائىر شەرىئەتتە ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن شەيخ سەنئاننىڭ ھېكايىسىنى ژانىر، ئۇسلۇب جەھەتتىن پەرقلىق، ئەمما ماھىيەت جەھەتتىن يېقىن «لىسانۇت - تەير»گە قىستۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق داستاننىڭ تەسەۋۋۇپلۇق خاھىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. بۇ ئارقىلىق كامىللىقنىڭ يەتتە باسقۇچىغا سىمۋول قىلىنغان يەتتە ۋادىدىن ئىبارەت ھايات - ماماتلىق سەپەر ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىگەن قۇشلارنىڭلا سۇمۇرغ (تەڭرى) ۋەسلىگە، يەنى ئۆزلۈككە ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى يان تەرەپتىن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. شەيخنىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرى ئارقىلىق ئىنساننى مەنىۋى كامالەت يولىدا نەفسى بالاسى بىلەن قەتئىي كۈرەشكە چاقىرغان. بۇلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ۋە ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيەسى مۇتلەق ھۆكۈمران بىر دەۋردە شەيخ سەنئاندەك مەجنۇن ئۆلىمانىڭ بولۇشى ماكان ۋە زامان مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، لېكىن شائىر بۇ ئوبراز ئارقىلىق تەقدىرچىلىك ۋە خۇراپىي دوگماتىزمغا قارشى كۈچلۈك شەخسىي ھەم ئىنسانىي مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئىدىيەسىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئىجتىمائىي، مىللىي ۋە دىنىي كەمسىتىشكە قارشى تۈرلۈك ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ باراۋەر ۋە ئىناق ياشىشى دىننىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىككە تېخىمۇ ئۇيغۇن دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، نەۋايى «لىسانۇت - تەير» دىكى قۇشلار ۋە شەيخ سەنئان مەجازى ۋەقەلىكلىرى ئارقىلىق نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» ۋە «سەپەر دەر ۋەتەن» (خىيالدا ئاللا زىكرى، رېئالدا ۋەتەن سەپىرى) شوئارىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، ئەجدادلار قەلەمگە ئالغان بۇ كونا تېما ۋە سۇژېتنى «زامانىۋىلاشتۇرغان»، بۇ ئارقىلىق ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ روھىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭغا ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ تامغىسىنى باسقان. نەتىجىدە «خەمسە»گە ئوخشاش ئەنئەنىۋى ۋەقەلىك ماھىيەت ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭغا ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى بولغان ئىنساننى ئۇلۇغلاش، شەخس ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكتىن ئىبارەت چوڭقۇر گۇمانىستىك روھ بېغىشلانغان. شۇنىمۇ ئەسكە سېلىش ھاجەتكى، «لىسانۇت - تەير» نەۋايىنىڭ شۇنچە كۆپ ھەجىمدىكى مەنىۋى بىساتى ئىچىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇھەببىتى ھەققىدە ئۇچۇر يوشۇرغانلىقى بىلەنمۇ قىممەتلىك ئەسەردۇر. نەۋايى داستاندىكى «شەيخ سەنئان» قىسسەسىنىڭ تۈگەنچىسىدە ئۆز سۆيگۈسى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يېزىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئاشكارىلىغان:

كەل، نەۋايى، سۆزنى ھالا خەتم قىل،
ئىشق ئارا ئىزھارى دەئۋا قىلماغىل.
بىر نېچە كۈن ئۆمردىن تاپسام ئامان،
شەرھى ئىشقىم نەزم ئېتەي بىر داستان.
ئاندا بىلگەي كىمگەكىم ئىنسافدۇر،
كىم سۆزۈم چىنمۇدۇر يا لافدۇر.[18]

ئىندىۋىدۇئال لىرىكىغا خاس بۇنداق كۆلەمدىكى شائىر داستانلىرىدىكى ئۇنىلغان پىنھان لەۋھەلەر بىلەن يۇزلىگەن غەزەللىرىدىكى يارقىن مەنزىرىلەردە دەردلىك سادا قايتۇرۇپ تۇرغانكى، نەۋايىنىڭ مۇھەببىتى ۋىسال تاپمىغان. نەۋايىشۇناسلىقتىكى بۇ «قىزىق نۇقتا»دا ئېيتىلىشىچە، شائىر ياشلىقىدا مېھىر قويغان قىز پاجىئەگە يولۇققان ياكى ئۆزگە يۇرتقا كۆچۈپ كېتىپ، نەۋايىغا ئۇنى قايتا كۆرۈش نېسىپ بولمىغان. كېيىن شائىر ئۇمۇر بويى باشقا بىر «گۈل»گە كۆڭۈل بېرەلمىگەن. ۋاقىتسىز ئەجەل سەۋەبىدىن نەۋايىنىڭ بەختسىز سۆيگۈسى ھەققىدە داستان يېزىش پىلانىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغان. دېمەك، «لىسانۇت ـ تەير» ھەق ئىشقىغىلا بېغىشلىنىپ قالماستىن، بەلكى شائىرنىڭ چىن ئىنسان سۆيىتىدىكى شەخسىي مۇھەببىتىدىن بېشارەت بەرگۈچى لىرۇ ئېپىك داستاندۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، داستاندىكى شەيخ سەنئان قىسسەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايەتلەر ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەلىشىر نەۋايى پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ كېيىنكى دەۋرلەر تۈركىي ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرا، كىچىك ئېپىك ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

نەۋايى ئەسەردە «گەرچە ‹لىسانۇت ـ تەير›دە ئىپادە ئېتىلگەن مەقسەتنى بىلىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن قۇش تىلىنى ئەل كۆڭلىگە ئايان قىلغىل»[19] دەپ يازغان. شۇڭا، «قۇش تىلى» نىڭ مەخپىي «سىفىرى»نى يېشىشتە، ئەسەردىكى قۇشلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلماي تۇرۇپ ئاساسىي مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. داستان پېرسوناژلىرى بولغان قۇشلار ئوبرازىنى ئۇلارنىڭ ئەسەرنىڭ مۇھىم تېماتىك مەزمۇنىدا تۇتقان ئورنى ۋە ۋەزىپىسىگە قاراپ ئۈچ تىپقا بۆلۈش مۇمكىن. بۇلار سۇمۇرغ ئوبرازى؛ ھۆپۈپ ئوبرازى باشقا قۇشلار ئوبرازىدىن ئىبارەت.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «لىسانۇت ـ تەير»نى نەۋايى نەقشبەندىيە غايىلىرىنىڭ تەرغىباتى ئۈچۈن يازغان، دېيىشكە بولىدۇ. سۇمۇرغ ئەسەرنىڭ باش ۋە يېتەكچى ئوبرازىدۇر. گەرچە سۇمۇرغ داستاندىكى كونكرېت ۋەقەلەرگە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن ئەسەردىكى ھەممە تەرەپ ئۇنىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ قۇشلارنىڭ غايىۋى مەقسىتى، مۇتلەق گۈزەللىك ۋە بەخت ـ سائادەت سىمۋولى سۈپىتىدە داستاندا ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. يەنە كېلىپ داستاندىكى سۇمۇرغدا «نەقش» تەسۋىرى ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان. ئۇنىڭ ھۆپۈپ تىلىدىن بېرىلگەن خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ گەۋدىلىك تەرەپلىرى مۇنداق:

هەر پەردە يۈز تۈمەن رەڭگى ئەجەب،
لېك ھەر رەڭدە يۈز نەقشى غەرىب...
ئۇل سىفەت ئافاق ئارا شايىئ بولۇپ،
بارچە ئانىڭ زاتىغا راجىئ بولۇپ...

سۇمۇرغنىڭ بۇ خاراكتېرىدىن ئۇنىڭ ھەم ئەپسانىۋى گۈزەل قۇش، ھەم ئىلاھنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. شائىرنىڭ مۇلاھىزىچە، سۇمۇرغ تەبىئەتتىكى نەرسە، ھادىسە ۋە ئۆزگىرىشلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان ماھىيەتتۇر. ئەسەردە ئۇ ئاۋۋال يوشۇرۇن ھۆسنگە ئىگە ئەسلى زات تەرزىدە كۆرۈلسە، كېيىن ئىچكى قۇدرەت تۈپەيلى راۋاجلىنىپ، شەيئىلەردە تەجەللى بولغۇچى روھىي كۈچ سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەۋايى پەقەت خۇداغىلا خاس دەپ قارىغان سۈپەتلەرنى تەبىئەتكە، مۇھىمى ئىنسانغا كۆچۈرىدۇ. نەتىجىدە خۇدانى ئۇلۇغلاش شائىر ئۈچۈن تەبىئەت ۋە ئىنساننى ئۇلۇغلاش ۋاستىسىگە ئايلىنىدۇ. ئومۇمەن، نەۋايىنىڭ تەلقىنىچە، سۇمۇرغ گۈزەللىك ۋە مەنىۋى يۈك-

سەكىلىكنىڭ سىمۋولى بولغان ئىلاھىي ئوبراز بولۇپ، شائىر بۇ قۇشنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلاھىيەت، تەبىئەت، ئىنسانىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ھەققىدىكى پانتېيستىك پەلسەپىۋى قارىشى ھەم غايىۋى - ئېستېتىك چۈشەنچىسىنى رەمزى شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئەسەردە شائىرنىڭ ھەم «ۋەھدەتۇل مەۋجۇت»لۇق ھەم «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇت»لۇق پانتېيزم ئىدىيەسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئەسەردىكى مەركىزى ئوبرازلاردىن يەنە بىرى ھۆپۈپتۇر. ئىبن سىنا ياكى غەززالىينىڭ شۇ ناملىق ئەسەرلەردە ھۆپۈپ ئوبرازى بولمىغان. مۇقەددەس كىتابلاردىن «قۇرئان» (27 ـ سۈرە 20 ـ ئايەت)دا بۇ قۇش بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئېلىنغان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ھۆپۈپ ئوبرازىنى «مەنتىقۇت ـ تەير»دە بىرىنچى بولۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇنى شەرق ئەدەبىيات گۈلشىنىگە ئېلىپ كىرگەن ئاپتور ئەتتاردۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھۆپۈپ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ يېقىن سىردىشى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇپ، سۇلايمان پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بىلقىسنىڭ مۇھەببەت مۇناسىۋەتلىرىدە ئالاقىچىلىك رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىنغان ئىمىش. «ھۆپۈپ نېمىشقا سايرايدۇ؟» دېگەن بىر رىۋايەتتە سۆزلىنىشىچە، سۇلايمانغا ۋەزىر بولغان بۇ قۇشنى كېيىنكى پادىشاھ پىتنىچىلەر سەۋەبىدىن ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

ناھەقچىلىققا چىدىمىغان ھۆپۈپ توختىماي «ھۆپۈپۈپ» دەپ سايراپ نالە قىلىدىغان بوپتۇ. «ھۆپۈپۈپ» دېگىنى ئۇنىڭ «ئاللا، ئاللا» دەپ نىدا قىلغىنى، بېشىدىكى چىرايلىق تاجىسى بولسا ۋەزىرلىك مەنسىپىنىڭ يالدامىسى ئىكەن. يەنە بەزى ھېكايىلەردە ھۆپۈپ دانىشمەن ۋە يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەردار قۇش سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ئەتتار بۇ قۇشنىڭ ياخشىلىقىدىن ئىبارەت كونا ئەقىدىلەردىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ھۆپۈپنى سۇمۇرغ تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان قۇشلارنىڭ يولباشچىسى قىلىپ تەسۋىرلەگەن. نەۋايى «لىسانۇت ـ تەير»دە ئۇنىڭ تەرغىباتچىلىق ۋە ماھىر ناتىقلىق ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ قۇشلار سەپىرىدىكى يادرولۇق پېرسوناژ بولۇپ، ئادەملەشتۈرۈلگەن دانىشمەن ئوبراز سۈپىتىدە باشقا قۇشلار (كىشىلەر) بىلەن سۈپىزمنىڭ مۇھىم نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي پىرىنسىپلىرى، ئۇنىڭ ھاياتقا، جەمئىيەتكە، كىشىلەر تۇرمۇشى ۋە ئەخلاققا بولغان كۆزقاراشلىرى، دىن ۋە تەرىقەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. نەۋايى قەلىمى ئاستىدىكى ھۆپۈپ يۈكسەك ماھارەت بىلەن يارىتىلغان ئوبراز بولۇپ، ئۇ دىيالوگلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى ھايات گۈزەللىكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا چاقىرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەڭرى ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ تەركىدۇنيا بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قوش بىسلىق خاراكتېرگە ئىگە مۇرەككەپ بەدىئىي ئوبرازلىقىنى دەلىللەيدۇ. قىسقىسى، داستاندا شائىرنىڭ سۇمۇرغ ھەققىدىكى پانتېيستىك پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن. دېمەك، نەۋايى ئەنئەنىۋى قىسسەلەردىكى ئادەتتىكى قۇش ھۆپۈپنى ئۆز ئەسىرىدە يۈكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشكەن لىرىك قەھرىمانغا ئايلاندۇرغان.

داستاندىكى ئۈچىنچى تۈر بولغان باشقا قۇشلار ئوبرازىنى، يەنى ئومۇمىي قۇشلار (يۈز تۈمەن مىڭ قۇش) ئوبرازى، كونكرېت قۇشلار (ئەتتاردا ئون، نەۋايىدا ئون تۆت) ئوبرازى ۋە ئوتتۇز قۇش ئوبرازى، دېگەن تۈرلەر بويىچە تەھلىل قىلىش مۇمكىن. قۇشلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز تەبىئىتى، تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە باشقا سۈپەتلىرى بىلەن تەسۋىرلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئەسەردە بىيولوگىك «قۇشلۇقى» بىلەن گەۋدىلەنسە، يەنە بىر ياقتىن خاراكتېرى، مەنىۋى قىياپىتى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە تۇرمۇش شارائىتى پەرقلىق بولغان كىشىلەرنىڭ مەجازى ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەلۇمكى، تۇتى بولسا شەرق فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا دانىشمەن، شېرىن سۆز ۋە تەقلىدچىنىڭ ئوبرازى بولۇش بىلەن مەشھۇر. داستاندا ئۇ مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە باي ـ غوجاملارنىڭ ھويلا ـ باغلىرىدا

سايراپ، تۇرمۇشتا ھېچقانداق ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرمىگەن شەخسىيەتچىنىڭ ئوبرازى قەياپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. قۇشلار ئىچىدە تاۋۇس بىلەن قىرغاۋۇل تەبىئىي تاشقى گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. ئەمما، نەۋايى ئەسەردە ھۆپۈپ تىلى ئارقىلىق بۇلارنى تەنقىدلەپ، ماختانچاقلىق ۋە قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ كىشىگە يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ھۆپۈپ ئۆز سۆھبىتىدە قۇشلار پېشىلىدىكى تۇرلۇك نۇقسانلارنى تەنقىدلەپ، ئۇلارنى سىمۇرغ تامان بولىدىغان سەپەرگە دالالەت قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئوتتۇز قۇش سىمۇرغقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. نەۋايى بۇ ئارقىلىق «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ»، «ئىنسان قاچان ئۆز ئاجىزلىقىنى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرسا، ئۆزلۈكىنى تونۇپ مۇكەممەللىشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ» دېگەن ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەيدۇ.

ھەرقانداق سۆز سەنئەتكارىنىڭ تالانتى ئۇنىڭ ئەسەرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، «لىسانۇت - تەير»نىڭ كومپوزىتسىيە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى تۈركىي ئەدەبىياتتا «خەمسە»دىن كېيىنكى زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال داستاننىڭ قۇرۇلما ئامىللىرى بولغان مەسەللىك قىسسە، پېرسوناژ ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تۈرلۈك ھېكايىلەر نەۋايىنىڭ داستاندا ئەكس ئەتكۈزمەكچى بولغان توپ مەزمۇن، ئاساسىي غايىسىگە ماسلاشتۇرۇلغان: ئىككىنچى، نەۋايى ئەتتار داستانىغا نەزىرە قىلغاندا، ئەسەرنى ئۆز دەۋرىگە خاس رومانتىك تەسۋىر، رېئالىستىك ئامىل ۋە سىمۋولىستىك ئۇسۇللار بىلەن بېيىتقان. ئەتتار ئەسىرىدىكى ئۆز مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلەرنى تاشلىغان، ماتېرىياللارنى قايتىدىن تەشكىللىگەن، يېڭىچە دېتال ۋە ئۆزگىچە مۇلاھىزىلەرنى قوشقان. داستاندا نۇرغۇن ئىندىۋىدۇئال تىپلارنى يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوبرازلار سىستېمىسىنى بېيىتقان. ئۈچىنچى، شائىر «لىسانۇت - تەير»دە تۈرلۈك ئۆزگىرىشچان قۇرۇلمىۋى ئامىللاردىن، مەسىلەن، ئېپىك تەسۋىر، ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە چىقىرىش، مۇنازىرە، دىئالوگ - نەسىھەت قاتارلىقلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى رەڭگارەڭلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان. تۆتىنچى، داستاندىكى كۆپ تەرەپلىمە يۈكسەكلىكنى ئۇنىڭدا يۇقىرى ماھارەت بىلەن قوللىنىلغان ئەنئەنىۋى تەسۋىر ۋاستىلىرىنىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەلۇمكى، بەدىئىي تەسۋىر ئۇسۇللىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە پىكىرنى بالاغەتلىك، راۋان ۋە نەپىس ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىدىغانلىرى يۈز خىلدىن ئاشىدۇ. مەجاز لۇغەتلەردە ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە كەلمەي «يوشۇرۇن ئوخشىتىش» ياكى «كۆچمە مەنىدە ئىپادىلەش» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «لىسانۇت - تەير» ئالدى بىلەن مەجاز سەنئىتىنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئەسەردىكى قۇشلار نۇتۇق ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنىپ پۈتۈنلەي ئادەملەشتۈرۈلگەن. داستاندا ئوخشىتىشنىڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى بار. مەسىلەن، نەۋايى ئەتتارنى ئانا قەقنۇسقا، ئۆزىنى بولسا بالا قەقنۇسقا ئوخشاتقان ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەسەردە قەقنۇسلار ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئەسەردە يەنە زىتلاشتۇرۇش (قىش - ياز، خازان - بوستان)، شەكىلداشلىق (بىر ئاي - ۋاقىت ۋە گۈزەل قىز)، تەكرارلاش ۋە تەمسىل كەلتۈرۈشتەك نەچچە ئون خىل ئىستىلىستىك سەنئەتنىڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى بار. ھەتتا نەۋايى بەزىدە بىر بېيىتتا نەچچە تۈرلۈك سەنئەتنى تەڭلا قوللىنىپ ئالەمشۇمۇل مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن. بەشىنچى، داستان ئارۇزنىڭ رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، ۋەزنىن ئىسخېمىسى مۇنداق:

تۈركىي نەزمىدە چۇ مەن تارتىب ئەلەم،

ئەيلەدىم ئول مەملەكەتنى يەكقەلەم.[20]

|- V - - | - V - - | - V -

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بۇ شەرق كىلاسسىك داستانچىلىقىدا پەلسەپىۋى ـ دىداكتىك مەزمۇندىكى ئاممىباپ ئەسەرلەرگە ماس كېلە-دىغان ۋەزىن. ئۇ ئېپىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئاساسلىق ژانىر مەسنەۋى شەكلىدە قاپىيەلەنگەن.

كىلاسسىك قاپىيە ئىلمى بىزدە تېخىچە ئۆگىنىلمىگەن بولۇپ، قاپىيەلەر بېيىتلاردىكى مەزمۇننى چوڭقۇر ئىپادىلەيدىغان ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇلار مىسرا، بېيىت ۋە بېيىتلار ئارىسىدىكى مۇزىكىلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، رىتىم ئاساسىدا شېئىرىي پىكىرنى مەركەزلىك ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەۋايى ئەسەردە مەزمۇن ۋە ھەسسىياتنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگۈچى خەلق تىلىدىكى جانلىق سۆزلەرنى قاپىيە قىلىپ تاللىغان. داستاندا قاپىيەنىڭ توق قاپىيە، ئاچ قاپىيە، ئىچ قا-پىيە، ئالماش قاپىيە، قوش قاپىيە، تەجنىسلىك قاپىيە، رادىفلىق قاپىيە ۋە ھەر ئىككى مىسرا ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تەرسىلىك قاپىيەدىن ئىبارەت ئاددىي، مۇرەككەپ شەكىللىرى قوللىنىلغان.

قىسقىسى، قارىماققا «لىسانۇت ـ تەير» قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان ئاددىي مەسەلدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى ھەققىدە تەپەك-كۇر يۈرگۈزگۈچى پەلسەپىۋى داستاندۇر. نەۋايىنىڭ تۈركىي ـ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەدىئىي بالاغەتتە پارس ـ تاجىك تىلى بىلەن گۈزەللىك تالىشالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى ۋە تۈركىي ئەدەبىياتنى شەرقتىكى راۋاجلانغان ئەدەبىياتلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى «لىسانۇت ـ تەير»نىڭ يېزىلى-شىغا سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ ئەتتارغا نەزىرە قىلىنغان بۇ ئەسىرىنى قوش تىلى ۋاستىسىدە ئۆزىنىڭ پانتېستىك تەلىمات ساھەسىدىكى كۆپ يىللىق ئىجادىي قاراشلىرىنىڭ مەلۇم سىستېمىغا سېلىنىشى، شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك مەنىۋى پائالىيىتى داۋامىدا ئىلگىرى سۈرگەن ئىلغار ئىج-تىمائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. نەۋايى ئۆزىدىن بۇرۇنقى مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ئۇتۇقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تېما، ئوبراز، ماتېرىيال، قۇرۇلما، ئېقىم، ئۇسلۇب، بالاغەت، ئارۇز، قاپىيە ئىلمى قاتارلىق بارچە تەرەپلەردىن ئەدەبىياتىمىزنى ئىلغار ئەدەب-ياتلار بىلەن تەڭلەشتۈردى. نەۋايىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات مەكتىپى بولدى. جۈملىدىن نەۋايىنى ئۇستاز تۇتمىغان، ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلمىغان، ئۇنىڭدىن بەدىئىي قۇۋۋەت ئالمىغان ئۇيغۇر ئەدىب يوق دېيەرلىك. «گۇل ۋە بۇلبۇل» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە نەۋايى-نىڭ تەسىرى يۇققان. بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەر يازغان ئۆزبېكىستان ئەنجان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر دوكتورى ھەنىپە سالىھاۋانىڭ پىكرىچە، 18 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى ھىرقەتىينىڭ «مۇھەب-بەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان نەۋايى ئەسەرلىرى، جۈملىدىن «لىسانۇت ـ تەير» داستانىنىڭ بەدىئىي ئەنئەنىلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.[21] بىزدە شۇ ناملىق داستان يازغان شائىر تۇرسۇن مۇھەممەت ئەلەم غۇربەتىي ھەققىدە يېڭى ئىزدىنىشلار يوق. «گۇل ۋە بۇلبۇل»نىڭ ئاپتورى سالاھىي ئۆز ئەسىرىدىكى ۋەقەلىك ئاساسىنىڭ نەۋايىنىڭ «لىسانۇت ـ تەير»دىن كەلگەنلىكى ھەققىدە توختالسا،[22] ئىبراھىم خوتەنىي «مەنتىقۇت ـ تەير» داستانىدا ئەتتاردىن ئىلھاملانغانلىقىنى ياز-غان.[23] نۆۋەتتە نەچچە خىل ۋارىيانت ئاساسىدا «لىسانۇت ـ تەير»نىڭ ئاكادېمىك نۇسخىسىنى تەييارلاش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇشۇ ئاساستا ئوخشاش موتىفلىق ئەسەرلەر ئۈستىدە مەنبەشۇناسلىق، تېكىستولوگىيە، تېماشۇناسلىق بويىچە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىز ئۈ-چۈننى كېڭەيتىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھاتلار:

① نەۋايى: «لىسانۇت ـ تەير»، تاشكەنت، 1991 ـ يىلى، 224 ـ، 225 ـ، 266 ـ بەتلەر.

② ئىبن سىنا ـــ 1019 ـــ 1021 ـ يىللىرى ھەمەداندا ۋەزىر بولغان ۋە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تۆت ئاي تۈرمىدە ياتقان.

③ ھەمەدان ھاكىمى ـــ ئىبن سىنانىڭ بۇ يەردە كىمنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق ئەمەس.

④ مەھمۇت غەزنەۋىي ـــ غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ تۈرك سولتانى (999 ـــ 1030) بولۇپ، ئۇ سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى، جۈملىدىن ئىبن سىنانىڭ يۇرتى بۇخارانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئالىمنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى باشلانغان.

⑤ خارەزمشاھ ـــ مۇھەممەت خارەزمشاھ بولسا كېرەك.

⑥ سولتان مەھمۇت غەزنەۋىي1017 ـ يىلى خارەزمنى بېسىۋالغان. كېيىن خارەزمشاھ ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ قولىدىن بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى قايتۇرۇۋالغان.

⑦ ئىززەت سولتان: «‹نەۋايى ۋە زامانىمىز› ـــ ‹نەۋايى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى›»، تاشكەنت، 1968 ـ يىلى، 39 ـ بەت

⑧ ئا. ئىرسوف: ئىبن سىنانىڭ «سالمان ۋە ئىبسول قىسسەسى»، تاشكەنت، 1973 ـ يىلى، 18 ـــ 19 ـ بەتلەر.

⑨ موللا سىددىق يەركەندى: «لىسانۇت ـ تەير» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تەييارلىغان نەسرىي نۇسخا)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان، 76 ـ، 77 ـ، 86 ـ، 87 ـ بەتلەر.

⑩ نەۋايى: «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» (خ.تۆمۈر، ئا.پولات نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، 83 ـ بەت.

⑪ نەۋايى تۈركىي ـ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلىرىدە «نەۋايى»، پارس تىلىدىكى ئەسەرلىرىدە «فانىي» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. بۇ يەردە «لىسانۇت ـ تەير»نى تۈركىي تىلىدا يازغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن «فانىي» تەخەللۇسنى قوللانغانلىقى ھەققىدە توختالغان.

⑫⑬⑮⑳ نەۋايى: «لىسانۇت ـ تەير» (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن تەييارلىغان نەزمىي نۇسخا)، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان، 70 ـ، 81 ـ، 94 ـ بەتلەر. 15 ـ ئىزاھاتنىڭ 3 ـ بېيىتى ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا يوق، ئۆزبېكچىسىدە بار.)

⑭ مانى (216 ـ 276) مانىيلىق تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان. شەرق رىۋايەتلىرىگە كۆرە، مەشھۇر رەسسام ۋە نەققاش بولۇپ، چىن دۆلىتى غايەت گۈزەللىكىدىن ئۇنىڭ سۈرەتخانىسى بولغانمىش.

⑯ بېرتېلس: «نەۋايى ۋە ئەتتار»، موسكۋا، 1965 ـ يىلى، 389 ـــ 390 ـ بەتلەر.

⑰ نەۋايى: «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»، تاشكەنت، 2001 ـ يىلى، 430 ـ بەت.

⑱ نەۋايى: «لىسانۇت ـ تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى (ئابدۇرەھىم توختى نەشرگە تەييارلىعان ئىزاھلىق نۇسخا)، ئومۇمىي 11 ـ سان، 31 ـ بەت.

㉑ ھەنىپە سالىھاۋا: «نەۋايى ئىزداشلىرى»، تاشكەنت، 2005 ـ يىلى، 106 ـ بەت.

㉒㉓ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، 2006 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2 ـ توم 625 ـ، 657 ـ بەتلەر.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

قۇربانجان ئابدۇقادىر

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى كۆپ بەندلىك شېئىرلار

14 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دىۋان ئەدەبىياتى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. كۆپ بەندلىك شېئىرلار دىۋاننى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەردىندۇر. لىرىك ژانىرلارنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە مىسرا، بېيت، بەند (كۇبلىت) ۋە قاپىيەلەر مۇھىم ئۆلچەملەر بولۇپ، شېئىرلار بېيت ياكى بەندتىن تەركىب تاپقانلىقىغا قاراپ، بېيتلىك شېئىرلار ۋە بەندلىك شېئىرلار دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بېيتتىن تەركىبلەنگەن شېئىرلار ئەينى قاپىيەلىك ياكى ئايرى قاپىيەلىك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدىغان بولۇپ، ئەينى قاپىيەلىك شېئىرلار قەسىدە، غەزەل، مۇستەھزاد، ئايرى قاپىيەلىك شېئىرلار مەسنەۋى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. بەندتىن تەركىبلەنگەن شېئىرلار بولسا بىر بەندلىك ۋە كۆپ بەندلىك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بىر بەندلىكلەردىن رۇبائىي، تۇيۇق قاتارلىقلار بار. كۆپ بەندلىك شېئىرلاردىن مۇسەممەت، تەرجىئات، ساقىينامە قاتارلىقلار بار. مۇسەممەت كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئۈچ مىسرالىقتىن ئون مىسرالىققىچە بولغان كۆپ بەندلىك شېئىرلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، بۇلاردىن مۇسەللەس، مۇرەببەئ، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببەئ، مۇسەممەن، مۇتەسسەئ، مۇئەششەر قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە غەزەلنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا يېزىلغان مۇسەممەتلەر بولۇپ، بۇلار غەزەلدىن راۋاجلاندۇرۇلغان شەكىللەر دېيىلىدۇ. بۇنداق شەكىللەردىن تەربىئ، تەخمىس، تەسدىس، تەسبىئ، تەسمىن، تەتسىئ، تەئشىر قاتارلىقلار، ئالاھىدە ژانىرلاردىن تەرجىئات (تەركىبئەند، تەرجىئبەند)، فەرد، قىتئە، ساقىينامە، مۇئەمما، لۇغز، تۆتلۈك، ئازادە (بىر مىسرالىق) قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان ئەلشىر نەۋايى «بەدايىئۇل ـ بىدايە»نىڭ دىباچىسىدە دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك ژانىرلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «...يەنە مەسنەۋىلەردىن، قەسىدىلەردىن باشقا ـــ تەڭرى خالىسا ئۇلار ھەر قايسىسى ئايرىم كىتاب بولغۇسى ـــ ھەر تۈرلۈك شېئىردىن، مەسلەن، روھنى كۆتۈرىدىغان مۇخەممەسلەر ھەممىسى بەش زىننەتلىك، راۋان مۇسەددەسلەر ھەممىسى ئالتە قەۋەتلىك، مەنپەئەتلىك رۇبائىيلار ھەممىسى لاتاپەتلىك، پايدىلىق قىتئەلەر ھەممىسى مەنپەئەتلىك، كۆڭۈلگە يېقىملىق مۇستەھزادلار بارچىسىنىڭ سۈپەتلىرى خەتتىن زىيادە، تەڭداشسىز فەردلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ۋە راۋانلىقتا يىگانە، نامىغا ئائىت مۇئەممالار بارچىسى ئات يوشۇرماقتا چاققان، قىزغىن نەپەرلەرگە بارچىنىڭ مەپتۇنلۇقى ئايان، بىر ـ بىرىگە باغلانغان تەرجىئبەندلەر ھەممىسى يېقىملىق، مۆتىدىل تۇيۇقلار بارچىسى تۈركچە ئۇسلۇبتا بولۇپ، بۇ بېيتلار تەۋەسىدە ھەمراھ

بۇ شېئىرلار گۈرۈھىدا تەۋە بولدى.» دېمەك، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەربىر شېئىرىي تۈر بەئەينى بىر دەستە گۈل، بۇ گۈللەرنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇ تۈرلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. مۇسەممەتلەر: «مۇسەممەت» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «سەمت»دىن تۈرلىنىپ چىققان. «سەمت»نىڭ مەنىسى «ئۈنچە تىزىدىغان يىپ» بولۇپ، مۇسەممەت ــ «يىپكە تىزىلغان ئۈنچە» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

كىلاسسىك شېئىرىيەتتە ئۈچتىن مىسرالىقتىن ئون مىسرالىقچە بولغان كۆپ مىسرالىق كۇبلېت (بەند)لاردىن تەركىب تاپقان شېئىرلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ مۇسەممەتلەر دېيىلىدۇ. مۇسەممەتلەر ھەر بىر كۇبلېتنىڭ مىسرا سانىغا قاراپ ئايرىم ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىدۇ. يەنى ھەر كۇبلېتى ئۈچ مىسرادىن تەركىب تاپسا مۇسەللەس، تۆت مىسرادىن تەركىب تاپسا مۇرەببەئ، بەش مىسرادىن تەركىب تاپسا مۇخەممەس، ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپسا مۇسەددەس، يەتتە مىسرادىن تەركىب تاپسا مۇسەببەئ، سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپسا مۇسەممەن، توققۇز مىسرادىن تەركىب تاپسا مۇتەسسەئ، ئون مىسرادىن تەركىب تاپسا مۇئەششەر دېيىلىدۇ.

مۇسەممەتلەردە بىرىنچى كۇبلېتنىڭ ھەممە مىسرالىرى ئەينى قاپىيەدە كېلىدۇ، ئىككىنچى كۇپلېتتىن باشلاپ، ھەر بىر كۇبلېتنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدىن باشقا مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەلىنىدۇ، ئاخىرقى مىسراسى بىرىنچى كۇبلېت بىلەن قاپىيەلىنىدۇ. بەزىدە بىرىنچى كۇبلېتنىڭ ئاخىرقى مىسراسى باشتىن ـ ئاخىر ئوخشاش تەكرارلىنىدۇ. ئەگەر كۇبلېتلارنىڭ ئاخىرقى مىسراسى پەقەت قاپىيە جەھەتتىنلا باغلىنىشلىق بولسا «مۇزدەۋىج مۇسەممەت»، ئاخىرقى مىسرا ئەينەن تەكرارلانسا «مۇتەكەررىر مۇسەممەت» دېيىلىدۇ. تەكرارلانغان مىسرا «نەقراد» دېيىلىدۇ. مۇسەممەتلەرنىڭ كۇبلېتلىرى قاپىيە جەھەتتىنلا باغلىنىشلىق بولۇپ قالماي، تېما جەھەتتىنمۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم مۇسەممەتلەر غەزەلنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا يېزىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىلدىكى مۇسەممەتلەر تەربىئ (تۆتلۈك)، تەخمىس (بەشلىك)، تەسدىس(ئالتىلىك)، تەسبىئ (يەتتىلىك)، تەسمىن (سەككىزلىك)، تەتسىئ (توققۇزلۇق)، تەئشىر (ئونلۇق) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

مۇسەممەتلەرنىڭ ئاخىرقى كۇبلېتىدا شائىرنىڭ تەخەللۇسى يېزىلىدۇ. مۇسەممەتلەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھرلىرىدە يېزىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇخەممەس بىرقەدەر كۆپ يېزىلغان. كۆپىنچە شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىغا مۇخەممەسلەر كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە مۇسەممەتنىڭ تۈرلىرى بويىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1) مۇسەللەس: ھەر بىر كۇپلېتى ئۈچ مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر مۇسەللەس دېيىلىدۇ.

2) مۇرەببەئ: ھەر بىر كۇپلېتى تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر مۇرەببەئ دېيىلىدۇ. ئەگەر غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيىتىگە ئىككي مىسرا قوشۇش ئارقىلىق مۇرەببەئ شەكلىگە كەلتۈرۈلسە تەربىئ بولىدۇ. مەسىلەن:

ئى بادى سەھەر بەر خىيز،
مۇشكىن دەمۇ ئەترۇ ئامىز،
زەۋقۇ ئاۋرۇ شەۋقۇ ئەنگىز،
بەرزەن بەكەمەرەد دامەن.

(ئەي سەھەر شامىلى، ئورنىڭدىن تۇر، نەپسىڭگە ئىپار ۋە ئەتىرلەرنى ئارىلاشتۇر، زەۋقىڭنى كەلتۈر، شەۋقىڭنى قوزغا، بېلىڭگە سەپەر كەمىرىنى باغلىغىن.)

دەر رەھ قەدەم ئەز سەركۇن،
ۋەز خاتىرى مەن پەركۇن،
رۇخ جانىبى كاشغەر كۇن،
بەر تۇھفە سالام ئەز مەن.

(يولۇڭدا بېشىڭنى پۇت قىلىپ ماڭ، مېنىڭ خاتىرەمنى ئۆزەڭگە قانات قىلىۋال، يۈزۈڭنى قەشقەر تەرەپكە قىل، مەن تەرەپتىن سالام سوۋغىسىنى ئېلىپ بار.)

3) مۇخەممەس: ھەر بىر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر مۇخەممەس دېيىلىدۇ. ئەگەر غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيىتىگە ئۈچ مىسرا قوشۇش ئارقىلىق مۇخەممەس شەكلىگە كەلتۈرۈلسە تەخمىس بولىدۇ. كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە مۇخەممەس كۆپ يېزىلغان ژانىرلارنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

جىلۋە قىلدى دەھر ئارا كۆپ ھۆسنى بىپەرۋا يىگىت،
گۈل كەبى نازۇك بەدەنلىك سەرۋەدەك رەئنا يىگىت،
ئۈشبۇ مەجمەئدىنكى بولغاي ئەردى مىڭ زىبىا يىگىت،
كۆڭلۈم ئالدى بىر پەرى پەيكەر مەلەك سىيما يىگىت،
كىم بەنىي ئادەمدە ئانداق بولمامىش پەيدا يىگىت.

سەركەش ئەبلەق سەكرەتىپدۇر ئايدەك خۇرشىدۋەش،
ئېگنىدە زەركەش لىباسى، داغى ئانداقكىم قۇيەش،
ھۆسنى دىلكەش، خەلقى خەش، ئۆزى داغى ھەم جۇرئە چەش،
ئاتى سەركەش، تونى زەركەش، ھۆسنى دىلكەش، خەلقى خەش،
كۆرمەدۈك بۇ نەۋئ مەھۋەش، چابۇكۇ رەئنا يىگىت.

4) مۇسەددەس: ھەر بىر كۇپلېتى ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر مۇسەددەس دېيىلىدۇ. ئەگەر غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيىتىگە تۆت مىسرا قوشۇش ئارقىلىق مۇسەددەس شەكلىگە كەلتۈرۈلسە تەسدىس بولىدۇ. مەسىلەن:

زۈلفى سىيمىن جىسمىڭ ئەفئى گەنجى قارۇن ئۈستىنە
گەنج ئۆزە ساھىر كۆزۈڭ ئەفئىغە ئەفسۇن ئۈستىنە
دەردى ئىشقىڭ ئۇلكى قويدى جانى مەھزۇن ئۈستىنە
دېدى كۆرگەچ ئارەزىڭ ئول قەددى مۇزۇۋى ئۈستىنە
ئەي قەدىڭ تۇبىيۇ جەننەت خەددى گۈلگۈن ئۈستىنە
كۆرمەدى دەۋران سېنىڭدەك ئاي گەردۇن ئۈستىنە

تاپتى جان ھەر دەم ئۆلەر ھالەتدە بۇ جىسمى زەئىف
لەئلىدىن جان بەخش سۆز ئايتۇردا ئول شۇخى زەرىف
قالدى كۆزۈم تىرە جىسمىم خەستەۋۇ جانىم نەھىف

زۇلفۇ كۆزى لەئل ھەجرىغە بولا ئالماي ھەرىف
بولدى سۆزۇم نازۇكۇ كۆڭلۈم خوشۇ تەبئىم لەتىف
ھەر قاچان سالدىن نەزەر ئول شەكلى مەۋزۇن ئۈستىنە

5) مۇسەببەئ: ھەر بىر كۇبلېتى يەتتە مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر مۇسەببەئ دېيىلىدۇ. ئەگەر غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيتىگە بەش مىسرا قوشۇش ئارقىلىق مۇسەببەئ شەكلىگە كەلتۈرۈلسە تەسبىئ بولىدۇ.

6) مۇسەممەن: ھەر بىر كۇبلېتى سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر مۇسەممەن دېيىلىدۇ. ئەگەر غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيتىگە ئالتە مىسرا قوشۇش ئارقىلىق مۇسەممەن شەكلىگە كەلتۈرۈلسە تەسمىن بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەر تەرەف ئەزم ئەيلەپ ئول شۇخ ستەمكار، ئەي كۆڭۈل،
تىغى ھەجرىدىن نېچە بولغاي بىز ئەفگار، ئەي كۆڭۈل،
چۈن سەفەر ئەيلەپ ئېدى بىر قاتلا دىلدار، ئەي كۆڭۈل،
دەردۇ ھەجرىغە بولۇپ ئەردۇك گىرىفتار، ئەي كۆڭۈل،
بۇيلەكىم تەئرىف ئېتىپ غۇربەتنى بىسيار، ئەي كۆڭۈل،
شەھرۇ كىشۋەردىن مەلالەت ئەيلەپ ئىزھار، ئەي كۆڭۈل،
ئاڭلادىڭ يا يوقمۇكىم ئەيلەر سەفەر يار، ئەي كۆڭۈل،
ۋەھكى، بولدۇڭ يانا بىر ھەجر ئېلكىدىن زار، ئەي كۆڭۈل.

ئەھلى ئىشق ئىچرە ماڭا دەردۇ فىراق ئولمىش نەسىب،
بۇ ئېمەس دەردىكى ئانى دەفئ ئېتە ئالغاي تەبىب،
يارنى غۇربەت سارى تەرغىب ئېتەر ھەر دەم رەقىب،
ۋەھكى، ئول گۈل فۇرقەتىدىن ئۈلگۇسى بۇ ئەندەلىب،
چۈن سەفەر ئەسبابىنى ئامادە ئەيلەپتۇر ھەبىب،
بىر تەرەف گۇيا ئەزىمەت قىلغۇدەكتۇر ئەنقەرىب،
ئول خۇد ئەيلەپ ئەزم مەن ھەم خەستەدۇرمەن ھەم غەرىب،
گاھ گاھىي بولغاسەن مەندىن خەبەردار، ئەي كۆڭۈل.

7) ھەر بىر كۇبلېتى توققۇز مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر مۇتەسسەئ دېيىلىدۇ. ئەگەر غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيتىگە يەتتە مىسرا قوشۇش ئارقىلىق مۇتەسسەئ شەكلىگە كەلتۈرۈلسە تەتسىئ بولىدۇ.

8) ھەر بىر كۇبلېتى ئون مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر مۇئەششەر دېيىلىدۇ. ئەگەر غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيتىگە سەككىز مىسرا قوشۇش ئارقىلىق مۇئەششەر شەكلىگە كەلتۈرۈلسە تەئشىر بولىدۇ.

**2. تەرجىئات:** بىر خىل لىرىك شېئىرلار تۈپىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلار ئوخشاش ۋەزىندە ئەمما ئوخشىمىغان قاپىيەلەردە يېزىلىدۇ. بۇخىلدىكى شېئىرلار ئورتاق ۋەزىندىن باشقا يەنە ئالدى بىلەن كەينىنى باغلاش رولىنى ئوينايدىغان مەخسۇس بېيتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نەچچە بۆلەكتىن تۈزىلىدۇ. ھەر بىر بۆلەك (بەند) بەشتىن ئونغىچە بېيتتىن تەركىب تاپىدۇ. بېيتلارنىڭ قاپىيەسى غەزەلنىڭ قاپىيەسىگە ئوخشاشلا بىرىنچى بېيت ئۆز ئارا قاپىيەداش، قالغان بېيتلارنىڭ ھەر ئىك-

كىنچى مىسراسى بىرىنچى بېيت بىلەن قاپىيەداش بولىدۇ. تەرجىئاتلاردىكى باغلاش رولىنى ئوينايدىغان بې- يىت «ۋاستە بېيىت» دېيىلىدۇ. تەرجىئاتلار ۋاستە بېيىتلارنىڭ ئەينەن تەكرارلانغان ياكى ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقىغا قاراپ تەرجىئىبەند ۋە تەركىئىبەندتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

1) تەرجىئىبەند: ۋاستە بېيتى ئەينەن تەكرارلىنىدىغان تەرجىئاتلار تەرجىئىبەند دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(1)

خەرابات ئارا مەن دۇرد ئاشام  چەكتىلەر زاھىر ئېتىپ زۇلم تەمام
مەستلىغ بىرلە ئىشىم ئەيش مۇدام  قىلدىلار شەيخى رىيايىغا زەلىل
رىندلەر خىزمەتىدىن كامىم بۇ  بېرىبان سەۋمەئە كۇنجىدا مەقام
كى فەنا كەسبىغە قىلسام ئەقدام  مۇددەتى رەنجۇ رىيازەت چەكتىم
كىم ئەگەر ساقىيئى مەھۋەش تۇتسا  قىلىپ ئۆزۈمگە تەنەئئۇمنى ھەرام
مەي قۇياشىنى تولا ئەيلەپ جام  شەيخدىن يەتمەدى نافىئ ئىرشات
سالسا مەي كۆزگۈسىدە ئارەزى ئەكس  خىلۋەت ئۇزرە داغى يۈزلەنمەدى كام
كۆزگۈنى ئەكس ئىلە قىلسام ئاشام  خانەقەھدە ياشۇرۇن بادە ئىچىپ
مېنى بۇ فىكر تەرىقىدە بىلىپ  ئەيلەدىم دەير سارى مەست خىرام
كەلدىلەر باشىما ئەھلى ئىسلام  يانا مۇغ دەيرىغە كىردىم سەرمەست
كۇچ بىلە مەينى بېرىپ مەيكەدەدىن  مەي تۇت ئەي مۇغبەچەئى بادەپەرەست

(2)

كۆيدۇم ئول ھۇسنى جەھان ئارادىن  ئول بۇتى ئىشۋەگەرىي تەرسادىن
ئۆلدۇم ئول نۇكتەئى رۇھ ئەفزادىن  ۋەسلىنى ھەر نېچەكىم تۇتتۇم ئۇمىد
رۇھۇمەن ھالى تەغەييۇر تاپتى  بولمادى نەئرەئى ۋاۋەيلادىن
كۆرۈپ ئول نەخلى قەدى رەئنادىن  زۇھد تۇتتۇمكى ئۇنۇتقايمەن ئانى
بولدى ئاشۇفتە دىماغىمغا فۇتۇر  كېچە كۇندۇز قىلىبان ھەق يادىن
ھەر دەم ئول تۇررەئى ئەنبەر سادىن  تائەتۇ تەقۋىي ئىلە بولمادى گۇم
ھۇشسىز بولدى كۆڭۈل جىلۋە چاغى  ئىشقى ئاشۇبى مەنى شەيدادىن
ئول ئىكى ئارەزى مەھ سىيمادىن  ئەمدىكىم زۇھد ئىلە ئاچىلمادى ئىش
جانغا خۇنابى ھەلاك ئولدى نەسىب  چىقىبان سەۋمەئەۋۇ تەقۋادىن
ئول ئېلكى قەدەھ پەيمادىن  يانا مۇغ دەيرىغە كىردىم سەرمەست
دىنۇ ئىمانىما ئافەت يەتتى  مەي تۇت ئەي مۇغبەچەئى بادە پەرەست

2) تەركىئىبەند: تەرجىئىبەند. ۋاستە بېيتى ئەينەن تەكرارلىنىدىغان تەرجىئاتلار تەرجىئىبەند دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(1)

دەھر باغىكى جەفا شارى ئىدۇر ھەر چەمەنى

جۇز ۋەفا ئەھلىغە سانچىلمادى ئانىڭ تىكەنى
كىمدەكىم داغى ۋەفا كۆرسە شەھىد ئەيلەمەسە
لالەسانىڭ نە ئۈچۈن قانغا بۇيالمىش كەفەنى
پايمال ئەتمەسە ئاندىنكى كېلۇر مىھر ئىسى
ئاياغ ئاستىدا نېدىن قالدى گىياھى دەمەنى
سەفھەئى خاتىرى پاك ئولماسا بەرباد ئاندىن
بەس نە ساۋرۇلماق ئېرۇركىم كۆرەر ئانىڭ سەمەنى
راستلار بولسا ئانىڭ ئەرسەسىدە بەرخوردار
جەۋردىن بەس نېگە بىبەرلىك ئېرۇر سىررۇ فەنى
گەر يەقىن ئەھلىنى مەنسۇر كەبى قەتل ئەتمەس
بەس نېدىندۇر شەجەرۇ سۇنبۇلىدىن ـ ئوق رەسەنى
ۋەر كەمال ئەھلى جەلايى ۋەتەن ئەرمەس ئاندىن
نېگە تۇپراغدۇر ئول ئەكمەلى دەۋران ۋەتەنى
بەھرى ئىرفان دۇرى سەييىد ھەسەن ئولكىم ئەفلاك
يەتتى دۇرجى ئارا بىر كۆرمەدى ئانداق دۇررى پاك

(2)

زالى گەردۇن كىشىگە مەيلى ۋەفا ئەيلەمەدى
كىمدەكىم كۆردى ۋەفا غەيرى جەفا ئەيلەمەدى
قايسى بىر ۋەسل كۈنىن مىھر ئىلە قىلدى رەۋشەن
كىم يەنە ھەجر تۈنى بىرلە قەرا ئەيلەمەدى
قايسى دىلخەستەغە يەتكۇردى فەراغەت نۇشى
كىم نەسىبى يەنە يۈز نىشى بەلا ئەيلەمەدى
قايسى دەۋلەت قۇياشىن چەكتى كەمال ئەۋجى ئۇزە
كىم يەنە يەر تۇبىدە مەسكەن ئاڭا ئەيلەمەدى
قايسى لەب تەشنەغە تۇتتى قەدەھى سافى نىشات
كىم يەنە قىسمەت ئانىڭ دەردى ئەنا ئەيلەمەدى
ھەر دىل ئازۇردىغەكىم ناۋەكى زۇلم ئەتتى كۇشاد
گەرچە بار ئەردى خەتا لېك خەتا ئەيلەمەدى
چەكتى بۇ زۇلمىن ئانىڭ بارچا خەلايىق لېكىن
چارە بۇ دەردغە جۇز ئەھلى فەنا ئەيلەمەدى
خاسسە ئول فانىيى دەۋرانكى بولۇپ ۋاسىلى ھەق
قويمادى كۆڭلى ئارا غەيرى خەيالىن مۇتلەق

**3. ساقىينامە:** ساقىينامە ــــ بىر نەچچە بەند (بۆلەك)تىن تەركىب تاپىدىغان ھەمـدە ھەربىر بـەندىنىـڭ تۇنجى بېيىتى بىۋاستە ساقىيغا مۇراجىئەت سۇپىتىدە باشلىنىدىغان، مەسنەۋىي شـەكلىدىكى لىرىـك

شېئىرىي ژانىرنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە شائىرلار ساقىينامىنى ئۆزىنىڭ مەلۇم يېقىنلىرىنى (ئۆتكەن ۋە هايات بولغان) خاتىرىلەش، شۇنىڭدەك دەير (دۇنيا)نىڭ بىقارارلىقى، زامان ئەھلىنىڭ بىۋاپالىقىدىن شىكايەت ئۈچۈن يازىدۇ.

ساقىينامە نىسبەتەن چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ. نەۋايىنىڭ «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» دىۋانىغا بىر ساقىينامە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ساقىينامە جەمئىي 32 بەدتىن تەشكىل تاپقان ھەمدە «رەمەلى مۇسەددەسى مەخبۇنى مەھزۇف» ۋەزنىنى ئاساسىي ۋەزىن قىلىپ يېزىلغان. مەزكۇر ساقىينامىنىڭ باشتىكى بەندلىرى (1 ـــ 20) ھۇسەين بايقارا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، جىيەنلىرى، نەۋرىلىرىگە بېغىشلانغان، ئوتتۇرىدىكى بەندلىرىدە نەۋايى مۇلاقەتتە بولغان ئەدىبلەر (ۋەفائى، سۇھەيلى، تۇفەيلى، جامى، سەيىد ھەسەن، پەھلىۋان مۇھەممەد ۋە باشقىلار) توغرىسىدا ئەسلىمىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەندلىرى ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە بۇنىڭغا باغلىق كەچۈرمىشلەر، 30 ـ بەندى بولسا ئۆزىنىڭ سادىق دوستلىرىغا (مۇقىمى، خوجا كەمال، مىر سەدرى، بەدىئىي...)غا، 31 ـ بەندى ھايات ئەدىبلەرگە بېغىشلانغان. 32 ـ بەندى شاھنى مەدھىيەلەش ئارقىلىق خۇلاسە تەرزىدە يېزىلغان.

دېمەك، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا لىرىك شېئىرلارنىڭ تۈرلىرى نىسبەتەن كۆپ، نەزەرىيەۋى ۋە بەدىئىيلىك ئۆلچىمى ئىنتايىن يۇقىرى. جۈملىدىن كۆپ بەندلىك شېئىرلارنىڭ تېخىمۇ شۇنداق، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە كۆپ بەندلىك شېئىرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ناھايىتى قاتتىق. شائىرلار كۆپ بەندلىك شېئىر يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىستېداتىنى تېخىمۇ بەك نامايەن قىلىپ كەلگەن.

(ئاپتور جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

ۋ.بارتولد

# «قۇتادغۇبىلىك»تە تىلغا ئېلىنغان بۇغراخان كىم؟

ئەزەربەيجانچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئەھمەدجان ئابدۇرەھىم

مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەدەبىي ئەسىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1069 ــ 1070 ـ يىللىرى)دا چۇ دەريا بويىدىكى بالاساغۇن شەھىرىدە تۇغۇلغان يۇسۇف خاس ھاجىب تەرىپىدىن كاشغەردە سەلتەنەت نامى «شەرقنىڭ پادىشاھى تابغاچ خانى پادىشاھ بۇغراخان»، «تابغاچ قارا بۇغرا خانلار خانى»، «تابغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان» ۋە ياكى «ئوردۇ كەنت خانى بېك» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن يېزىلغانلىقى مەلۇمدۇر.

11 ـ ئەسىردىكى كاشغەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ سەلتەنەت تارىخى ھەققىدىكى يازما مەلۇمات بەك ئاز، شۇنىڭ ئۈچۈن يۇسۇپ خاس ھاجىپ تىلغا ئالغان ھۆكۈمدارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كەسكىن مۇقىملاشتۇرۇش ئاسان ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ «ئىلىك خانلار» سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. بۇ خانلىقنىڭ تارىخى توغرىسىدا مۇسۇلمان ۋە ياۋروپا ئالىملىرى ئارىسىدا بىرىنچى نەقىل مەنبەسى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ بۈيۈك ئەسىرىدىكى تەخمىنەن 408 ـ يىلىغا ئائىت باياندۇر. ئىبنۇل ئەسىر دەيدۇكى: «كاشغەر، خوتەن ۋە بالاساغۇن ھۆكۈمدارى ‹قادىرخان يۇسۇف›نىڭ ئوغلى ‹ئارسلانخان› قېرىندىشى ‹بۇغراخان› تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ ئەسىرگە ئېلىنغان. ئۇزاق ئۆتمەي ‹بۇغراخان›مۇ ئايالى تەرىپىدىن زەھەرلەنگەن، بۇ ئايال ئارسلانخاننىمۇ ھىجرىيە 439 ـ يىلى ئۆلتۈرگۈزگەن. بۇغراخان پەقەت 15 ئاي ھۆكۈمدارلىق قىلغان بولۇپ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئورنىغا يۇسۇف قادىرخاننىڭ ئوغلى «توغرۇلخان» (قېرىندىشى تەرىپىدىن) چىقىپ (456 ــ 457 ـ يىللىرىغا قەدەر) ھۆكۈمدارلىق قىلغان. ئوغلى توغرۇل تېكىن ئىككى ئايدىن كېيىن «يۇسۇف توغرۇلخاننىڭ قېرىندىشى ۋە تابغاچ بۇغراخاننىڭ ئوغلى ‹ھارۇن بۇغراخان› تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن. ھارۇن بۇغراخان كاشغەردىن ئۆتۈپ ‹ھارۇن› (ياكى توغرۇل تېكىن)نى ئەسىر ئالغان. قوشۇنىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن كاشغەر، خوتەن ۋە بالاساغۇن ئەتراپلىرىغا قەدەر بولغان پۈتۈن زېمىنىنى قولغا كىرگۈزگەن. شۇنداقلا 29 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، 496 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئەمما، بۇ بايان تامامەن توغرا دەپ قارالمايدۇ. چۈنكى، «بۇغراخان ھارۇن» توغرۇلخاننىڭ قېرىندىشى

بولسا، ئۇ ھالدا يۇسۇف قادىرخاننىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەك. ئىبنۇل ئەسىر ئۆز ئەسىرىنىڭ ئالدىنقى سەھىپىلىرىدىمۇ شۇنداق كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ تىلغا ئالغىنى ۋە بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ 439 ـ يىلىدىن 496 ـ يىلىغا قەدەر بولغان 57 يىللىق سەلتەنەت تارىخى توغرىسىدىكى مەلۇماتتا بوشلۇق بار، يەنى بۇنىڭدا ئون يىل ئارىلىق بوش قالىدۇ. بۇ ئون يىل ھەققىدە ئىبنۇل ئەسىردىن تېخىمۇ ئىلگىرىكى بىر مۇئەللىپتىن، يەنى «ئەبۇلفەزل بەيھەقىي»[1]دىن بىلىمىزكى، بىرىنچى بۇغراخان ئىبنۇل ئەسىر بۇ بۇغراخاننى «مەھمۇد»دەپ ئاتايدۇ (439 ـ يىلى ئەمەس، 449 ـ يىلى ۋاپات بولغان). بۇنداق بولغاندا، توغرۇلخان بولسا 451 ـ يىلىدىن 467 ـ يىلىغىچە، «بۇغراخان ھارۇن» 467 ـ يىلىدىن 496 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دېيىلسە، ئاندىن توغرا بولىدۇ. ئىبنۇل ئەسىر بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ بىرلىكتە سەمەرقەنت خانى شەمسۇل مەلىككە قارشى يۈرۈش قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇلارغا ئاساسەن شۇنداق نەتىجىگە كېلىش مۇمكىنكى، يۇسۇف خاس ھاجىپ تىلغا ئالغان بۇغراخان ھارۇن ئىبنى يۇسۇفتۇر. بۇ پىكىرنى بۇنىڭدىن بۇرۇن «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ بۇغراخان ھەققىدىكى بايانلىرىم ئىچىدە ئۆزۈم سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم.

ھالبۇكى، بۇ پىكىر «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ باشقا بىر نۇسخىسى فەرغانەدە[2] «مەنەمەنگان»(نەمەنگان) دا بولۇشى كېرەك) تېپىلغاندىن كېيىن قىممىتىنى يوقاتقان. چۈنكى، بۇنىڭدا ئەسەر سوۋغا قىلىنغان خان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان بولۇپ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۇ كىشى ئارسلانخان سۇلايماننىڭ قېرىندىشى ئەمەس، ئوغلى بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما، جەمال قورشى (ياكى قەرشى)نىڭ ئىلىك خانلارنىڭ مۇختەسەر بىر تارىخى بولغان «مۇلھەقاتۇس ـ سۇرراھ»[3] ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە ھېچ بىر مەلۇمات تاپالمىساقمۇ، ئۇ بەرگەن ئىنسابى (نەسەبنامە خاراكتېرلىك) مەلۇمات ئىبنۇل ئەسىرنىڭ بەرگەن

### قوداتقو بيليكك ذكرايتديكى بوغرا خان كيمدر؟

ر. بارتولد
روس علوم آقادەميسى اعضاسندن

مسلمان توركلرك اك اسكى ادبى اثرى اولان «قوداتقوبيليك» ويا «قوتادغو بيليك»ك ٤٦٢ هجرى (١٠٦٩ـ٧٠ ميلادى) دە «چو» نهرى اوزرندەكائن «بالاساغون» شهرندەمتولد «يوسف خاص حاجب» طرفندن «كاشغر» دە سلطنت ايدن و «مشرق ملكى طابغاج خانى ملك بغرا خان»، «طابغاج قرابغرا خانلر خانى»، «طابغاج اولوغ بغرا خان» ويا سادەجە «اوردوكند خانى بك» نامىلە معروف برحكمدار ايچون تأليف ايديلمش اولديغى معلومدر.

اون برنجى عصر «كاشغر» حكمدارلرينك سلطنت تاريخلرينە متعلق معلومات پك آز و مبهم اولديغى كبى، سكەوى وثائقدە مفقود بولونمقدەدر. اونك ايچون، «يوسف» طرفندن ذكر ايديلن حكمدارك كيم اولديغى قطعيتلە تعيين قولاى بر ايش دكلدر. آنجاق، بونك «ايليك خانلر» سلالەسنە منسوب اولديغى شبهە كوتورمز. بوخاندانك تاريخى ايچون كرك مسلمان وكرك اوروپا عالملرنجە برنجى مأخذ، «ابن الاثير»ك معظم اثرى، بالخاصە ٤٠٨ سنەسنە عائد قيد ايتديكى بياناتدر. ابن الاثير ديوركە: كاشغر، ختن وبالاساغون حكمدارى «قادر خان يوسف»ك اوغلى «آرسلان خان» قارداشى «بغراخان» طرفندن خلع اولونوب اسير ايديلمشدر؛ «بغرا خان» بالآخرە زوجەسى طرفندن زهرلەنمش، وينە بوقادين آرسلان خانى دە ٤٣٩ هـ تاريخندە اعدام ايتديرمشدر. بغرا خان يالكز اون بش آى حكومت ايتمش اولوب يرينە يوسف قادر خانك اوغلى (يعنى قارداشى طرفندن) «طغرل خان» كچەرك اون آلتى سنە (٤٥٦ ويا ٤٥٧ سنەلرينە قادار) حكومت سورمشدر. اوغلى طغرل تكين ايكى آى صوكرە «يوسف طغرل خانك قارداشى و تافقاچ بغرا خانك (؟) اوغلى» «هارون بغراخان» طرفندن خلع ايديلمشدر؛ هارون بغرا خان كاشغرى «عبور» ايدەرك «هارون» ى (طغرل تكين اولماسين؟) اسير ايتمش، واردوسنى كنديسنە رام ايتدكدن صوكرا «كاشغر» و «ختن» ى، «بالاساغون» جوارينە قادار اولان بوتون اراضى يى ضبط ايتمش، وبوراده يكرمى دوقوز سنە حكومت سورەرك ٤٩٦دە وفات ايتمشدر.

بايانلىرىدىن بەكرەك توغرىدۇر. بۇ ئەسەر ئىبنۇل ئەسىر ھىجرىيە 522 ـ يىلىدا «قارا قىتان»لارنى باستۇرغانلىقىنى ئېيتقان ھۆكۈمدار دەل ئەھمەد ئارسلانخاننىڭ دادىسى ۋە سۇلايمانخاننىڭ ئوغلى ھەسەن تافقاچخان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇلارغا ئاساسەن «قۇتادغۇبىلىك» زىكىر قىلغان تافغاچخان ۋە ياكى «بۇغراخان» مۇشۇ كىشى شۇ بولۇشى كېرەك.

ياركەنتتە تېپىلغان 474 ـ يىلى ياكى 494 ـ يىلى زۇلھەججىگە ئائىت بولغان بىر ۋەسىقىدە بۇ ۋەسىقىنىڭ ۋاقتىنى 1082 ـ يىلى 2 ـ ماي ياكى 1101 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇل دېيىش مۇمكىن، چۈنكى ۋەسىقە خېتى بۇزۇلغان بولغاچقا ۋەسىقە تارىخىغا ئائىت ئەرەبچە سۆز «سەبئەين» 70مۇ ياكى «تىسئەين» 90 مۇ بىلگىلى بولمايدۇ. شۇ زامانلاردا «كاشغەر»دە ھۆكۈم سۈرگەن خاننىڭ ئىسمى «تافغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمان ئارسلان قارا خاقان» ئىكەنلىكى كۆرۈلمەكتە.

تۆۋەندىكىسى «قۇتادغۇبىلىك»تە تىلغا ئېلىنغان بۇغراخاننىڭ كىملىكى مەسىلىسىدە ئىبنۇل ئەسىرنىڭ بايانىنى تامامەن ئىنكار قىلىدىغان ئەنە شۇ ۋەسىقىنىڭ مەتنى ۋە تەرجىمىسى④:

٢٢٢ — قوداتقو بيليك ذكر ايتديكى بوغرا خان كيمدر

بو بيانات ، شبهه‌سز ، تماماً دوغرو عد ايديله‌مز . « بغرا خان‌هارون »، طغرل خانك قارداشی ايدی‌ايسه يوسف‌قادرخانك اوغلی اولماليدر؛ فی‌الواقع «ابن‌الاثير»داها‌اولكی صحيفه‌ده بويله كو-ترييور . «ابن‌الاثير»ك بحث‌ايتديكی و٤٣٩ دن ٤٩٦ يه قادار كی (اللی‌يدی‌سنه‌لك) سلطنت مدتی بوتون بوزمانی اورتميور ، داها اون سنه آچيقده قاليور . هر حالده داها اولكی‌ برمؤلفدن، «ابوالفضل بيهقی»دن[١] بيليورزكه «برنجی بغراخان» ( ابن‌الاثير بوكا «محمود» ديور ) ٤٣٩ده دكل ٤٤٩ده وفات ايتمشدر. شوحالده «بغراخان‌هارون» ٤٦٧دن٤٩٦يه، طغرل خانده ٤٥١ دن ٤٦٧ يه قادار حكومت سورمش اولمق ايجاب ايدر ؛ «ابن‌الاثير» ايكی قارداشك برلكده سمرقند خانی شمس‌الملكه قارشی‌ياپدقلری محاربه‌لردن بحث‌ايديور. بناءً عليه بوندن شونتيجه‌يه واصل‌اولونه‌بيليركه «يوسف خاص حاجب» طرفندن ذكر ايديلن «بغرا خان» بغرا خان هارون ابن‌يوسف‌در ؛ بوفكر اولجه‌ده «اسلام آنسيقلوپه‌ديسی» نك «بغرا خان» فقره‌سنده طرفدن درميان ايديلمشدی .

لكن بوفكر «قوداتقوبيليك»ك ديكر برنسخه‌سنك فرغانه‌ده[٢] «منمنكان»ده كشفندن صوكرا قيمتنی غائب ايتمشدر ؛ زيرا بونده ، اثرك اتحاف اولونديغی خان ابوعلی حسن بن «سليمان» اولارق كوزولويور . شوحالده بو آرسلان‌خان سليمانك قارداشی دكل اوغلی ايمش. واقعا «جمال قرشی» (وياقرشی) نك ايليك‌خانلرك مختصر برتاريخی اولان «ملحقات الصراح» [٣] عنوانلی اثرنده بوكا دائر هيچ معلومات بولامايورسه‌قده ، ورديكی انسابی معلومات، «ابن‌الاثير»ك بياناتندن چوق‌داها‌دوغرودر؛ بواثر، ابن‌الاثيرك، ٥٢٢ ده «قره‌خطای» لری بوزديغنی سويله‌ديكی احمد آرسلان‌خانك باباسی و سليمان آرسلان‌خانك اوغلی حسن طافقاج‌خان [٤]

[١] تاريخ بيهق ، مورله‌ی طبعی، ص ٢٣٠

[٢] كاشفی اولان زكی وليدی افندی ، روس آركه‌ئولوژی جميتی شرق شعبه‌سی يازيلری ، ٢٢نجی جلدنده بونی تعريف ايتمشدر . بويازمه، اسلام آنسيقلوپه‌ديسنك «ايليك‌خانلر» فقره‌سنده‌ده طرفدن ذكرايديلمشدر [مقاله‌نك يازيلديغی‌صيراده يازمه‌نك غائب‌اولمش‌اولديغی «بارتولد» سويله‌يورسه‌ده، تكرار بولونمش اولديغی وليدی افندی طرفندن بيلديريلمشدر . بو صايمزده‌كی « توركيات خبرلری » قسمنه‌باقكز . مترجم ] .

[٣] مؤلفك كندی افاده‌سنه نظراً [و. بارتولد، موغول استيلاسی‌دورنده توركستان، متنلر : [عرفی‌بالقرشی‌لذلك] قرشی‌نسبتی قريشدن مأخوذ دكلدر [ «زاپيسكی» ، جلد ١١ ، ٢٨٦ ] ؛ بونكله برابر پيغمبر كبی كندينی قرشی ( قريشی ) كوستريور .

[٤] موغول استيلاسی دوورنده توركستان، متنلر، ص ١٣٣ و بوقاريسی .

تەرجىمىسى: ... ئۇشبۇ ھۆججەت ئۇلۇغ خاقان ۋە باشبۇغ مەلىكۇل مۇئەيىدۇل مۇزەففەرۇلمەنسۇر، ئىززۇددىن، مەشىدۇد ـ دەۋلەتۇل قاھىرە ۋە بۇرھانۇل مىللەتۇل باھىرە، ۋە كەھفۇل ئەلامەتۇت ـ تاھىرە، غىياسۇل مۇسلىمىن. شەرقنىڭ ۋە چىننىڭ خانى، ئەمىرۇل مۇئمىنىنىنىڭ دوستى تەفغاچ بۇغرا قاراخان ئەبى ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمان ئارسلان قاراخان ۋە ئۇلۇغ شاھزادە ۋە باشبۇغ ئىمادۇددەۋلە، سەدادۇل مىللەت چەغرى تېكىن ئەبى مۇسا بىن مەلىكۇل مەشرىق تەفغاچ بۇغراخان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى بولغان خوجىمىز ــ ئاللا ئۇنىڭغا داۋاملىق نۇسرەت ئاتا قىلغاي ــ تەرەپلىرىدىن ياركەنت تەۋەسىگە مەنسۇپ بۇ يۇرتقا قازى ۋە ھاكىم بولغان شەيخ، قازى ۋە ئىمام ئەبۇبەكىر مۇھەممەد بىن

ئەبدۇسسەمەد بىن ئىسمائىل ئەلبۇخارى ــ ئۇنىڭغا ئاللانىڭ سالامى ئۇزۇلمىگەي ــ ھۆكۈمەت ۋە قازىلىق مەجلىسىنىڭ ھۆكۈم قىلغۇچىسىدۇر.

راست بايان قىلىنۇركى، 474 ـ يىلى (ياكى 494 ـ يىلى) زۇلھەججەنىڭ ئاخىرىدا قەرامەند (ياكى قەرابەند ــ بۇ ئىسمىنىڭ ئوسمان تۈركلىرى دەۋرىدىكى قەرامانلار بىلەن ئالاقىسى بارمىدۇ؟) ئىنال پولاد سۇباشىنىڭ ئوغلى ھاجى ئىنال ئىسىملىك كىشىكى، مەھكىمىمىز ھۇزۇرىغا كەلگەن. ئۆزى ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئەمدى چىقىشقا باشلىغان، بەدىنى نازۇك، چاچلىرى تۈز، بويى ئېگىز، رەڭگى سېرىق ۋە ۋۇجۇدى باشقىچىلا، كۆزلىرى كۆكۈچرەك، قاشلىرىنىڭ ئارىسى ئوچۇق بىر كىشى بولۇپ، ئۆزى بىلەن بىللە تەفجەج (« تەفغاچ» ــ «تاۋغاچ»نى خاتا يېزىپ قالدىمۇ قانداق) ئوغلى ھارۇن ئىسىملىك كىشىنى ئېلىپ كەلگەن. ھەر ئىككىسى تېخى چىرايى، ئىسمى، نەسەبى تەرەپلەردىن بىزگە توغرا مەلۇماتلار ئارقىلىق بىلىنگەن ۋە تونۇلغاندى. كەلتۈرگۈچى (دەۋاگەر) كىشى ئېلىپ كېلىنگەن (جاۋابكار) كىشى ھەققىدە ياركەنت تەۋەلىرىدىن «بەربۇل» (بربل) دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايدا ئىسھاق ئىسىملىك قول سودىگىرىنىڭ نامىغا ئاتالغان مەسجىدنىڭ قارشىسىغا جايلاشقان، تۆت ئەتراپىدا ئوتتۇز يۈك بۇغداي ھوسۇل بېرىدىغان بىر بۆلۈك يەر بولۇپ، بىر قىسمى ئۈنۈملۈك، بىر قىسمى بولسا ئۈنۈمسىز بولغان بىر پارچە تۇپراقنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇ يەرنىڭ چېگراسى: بىر تەرىپى يۇسۇف ئىنالنىڭ تېرىلغۇسى، بىر تەرىپى سۆكمەن بەگكە تەۋە ئېرىق؛ بىر تەرىپى يۇسۇف ئىنالنىڭ تېرىلغۇسى، يەنە بىر تەرىپى بولسا ئۇمۇمنىڭ يولى ۋە چۆپرىز ئىنالنىڭ تېرىلغۇسى بولۇپ، «ئەزاك» دەپ ئاتىلىدىغان دەريا بىلەن چېگرالىنىدۇ. دەۋاگەر دەۋاسىدا ئۇشبۇ چېگرا دائىرىسىدىكى يەرنىڭ مەزكۇر ئۇقتۇرۇشتا ئىسمى زىكىر قىلىنغان دادىسىنىڭ مال ـ مۈلكى بولۇپ، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئۆزى ۋە باشقا ۋارىسلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن مىراسلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدىكى مۈلۈك ۋە ھوقۇقلىرى

قوداتقو بيليكك ذكر ايتديكى بوغرا خان كيمدر ۲۲۳

اولديغنى سويله‌يور. بناءً عليه قوداتقو بيليكك ذكر ايتديكى تافقاج خان ويا «بغراخان» بو اولماليدر.

اخيراً ياركندده بولونان ٤٧٤ ويا ٤٩٤ ذى الحجه تاريخلى بر وثيقه‌ده [يعنى ٢ مايس ١٠٨٢ ويا ٢٧ ايلول ١١٠١ده؛ جونكه وثيقه تام بوراده بوزولمش اولديغى ايچون كلمه‌نك «سبعين»مى ويا «تسعين»مى اولماسى لازم كلديكى كسديريله‌ميور] اوزمانلرده «كاشغر»ده حكومت ايدن خانك اسمى «طفغاج بغراقراخاقان ابوعلى بن سليمان آرسلان قرا خاقان» اولديغى كورولمكده‌در. ايشته قوداتقو بيلكك بحث ايتديكى بغرا خانك كيم اولديغى مسئله‌سنى قطعيتله اثبات و «ابن الاثير»ك بياناتى تماماً جرح ايتمش اولان وثيقه شودر:

متن [١]

بسم الله الرحمن الرحيم احمد الله و استغفره هذا كتب يشهد عليه الشيخ القاضي الامام ابوبكر محمد بن عبدالصمد بن اسميل البخارى سلمه الله و ابقاه فى مجلس حكمه و قضائه بكورة ياركنده وهو يومئذ قاضيها و حاكم اهلها و نواحيها من قبل الخاقان الاجل السيدالملك المؤيد المظفر المنصور عزالدين مشيد الدولة القاهرة و برهان الملة الباهرة و كهف الامة الطاهرة غياث المسلمين ملك المشرق والصين طفقاج بغرا قرا خاقان ابى على الحسن بن سليمن ارسلان قرا خاقان مجتبى خليفة الله ولى واميرالمومنين ومن قبل التكين الاجل السيد عماد الدولة سدادالملة جفرى تكين ابى موسى هرون بن ملك المشرق طفقاج بغرا قرا خاقان مولى اميرالمومنين اطال الله بقاءها واعز نصرهما انه حضر مجلس الحكم قبله بها فى غرة ذى الحجة سنة اربع وسبعين [٢] واربعماية المسمى بحاجى انال بن بولاد سوباسى قرامند انال و هو اسردقد طر شاربه شعرانى سبط الشعر تام القامة ادهم اللون ضخم اشهل ابلج و احضر بحضوره المسمى هارون بن تفجج وقد عرفهما معرفة صحيحة بالوجه والاسم والنسب وادعى الذى حضر اولا على الذى احضره معه قطعة ارض فريدة موضعها برستاق يدعى بربل وهى من رساتيق كورة ياركندة بحضرة مسجد ينسب الى اسحق الجلاب وهى مبذرة ثلثين و قرحنطة بعضها موات و بعضها صالحة للزراعة (بحدوده؟)[٣] الاربعه فالحد الاول لزيق ارض يوسف انال والثانى لزيق ساقية تنسب الى سوكمان بك والثالث لزيق ارض يوسف انال والرابع لزيق طريق العامة و لزيق ارض جوبرز انال ولزيق نهر يدعى ازاك و ذكر فى لفظ دعواه ان جميع هذه الارض المحدودة فيه كانت ملكا لابيه المسمى فيه و مات و تركها ميراث له و لغيره من ورثته والآن ملكهم و حقهم و ان هذا استولى عليها ظلما وجورا واجب عليه رفع يده عنها و تسليمها اليهم وهو يمتنع عن ذلك وسأل مسألته فسئل فانكر دعواه

[١] ايجاب ايدن شده‌لر و نقطه‌لرك جوغى طرفمدن قونولمشدر. بارتولد [ترجمه شده‌لره لزوم كوروله‌مشدر . مترجم] .

[٢] ويا تسعين .

[٣] اصلنده يوقدر .

قاتاريدا بولغانلىقىنى، ئەمما زالىمنىڭ بۇ يەرنى زۇلۇم ۋە جەبىر قىلىپ ئېلىۋالغانلىقى، مۇشۇنىڭغا ئا-
ساسەن مەرھۇمنىڭ ئۇشبۇ ماللىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشلىرى لازىم بولغاندا زالىم تەرىپىدىن
رەت قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىپ جەرياننىڭ جاۋابكاردىن سورىلىشىنى تەلەپ قىلغان. جاۋابكاردىن تەر-
سىلىي جەريان سورالغاندا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئەسلىي دەۋا ۋە يېڭى دەۋا ئالدىدا ئاچچىقلانغان ۋە
ئىنكار قىلغان. ئېتىرىزنىڭ ئۆزىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنى باشقىلاردىن مەلۇم خىراجەت بىلەن قا-
نۇنلۇق مۈلكى قىلغان بولۇپ، ھەققىنى ئادا قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دەۋاگەرگە، تېرىلغۇ ئۆزد-
نىڭ بولسا بۇ دەۋاسىنىڭ ھەقىقىيلىكى ۋە ئىپادىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىسپاتلارنى
ئوتتۇرىغا قويۇشى بىز تەرىپىمىزدىن ئەمىر قىلىنغاندا، ئۈچ نەپەر كىشى كەلتۈرۈپ بۇلارنىڭ گۇۋاھچى
بولغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇلارمۇ دەۋاگەرنىڭ سۆزى ھەقىقىي ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولغان. بۇنىڭ
ئۈستىگە دەۋاگەر گۇۋاھچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە ئىپادىلىرىنىڭ نەزەرگە ئېلىنىشىنى تەلەپ قىلغان.

گۇۋاھچىلار تۆۋەندىكىچە: ئابدۇجەلىل چەغرى، سۇ باشى بىن مۇسا بىن ئەملۇك، ئەبۇبەكرىش شەلاجى بىن بىراق بىن يەربا، جىبرىئىل ۋە ساق باشى بىن مۇسا بىن بۇقجار.

يەرلىك ئورۇننىڭ دەۋانى تەكشۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ جەريانىغا تەكرار قاراپ چىقىشىدىن كېيىن، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشى ئۈمىد قىلىنغان. گۇۋاھچىلارمۇ تالاش ـ تارتىش قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ ھوزۇرىدا توغرا ۋە مەنىلىك گەپلەر بىلەن دۇرۇس، ئادىل ئورۇندا تۇرۇپ دەۋانىڭ مۇۋاپىقلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن. ئىككى تەرەپمۇ ھېچ بىر نۇقتىدا ئىختىلاپ قىلىشمىغان. بۇلارنىڭ ھاللىرى ۋە ئادالەتلىرى، تەكشۈرۈش تەۋسىيەلىرى ئىجرا قىلىنىغاندا، ئەمەلىيەتتە ئادالەت بىلەن ئىش قىلىنغان، يەنى ئىككى تەرەپ ئادىل مەيداندا تۇرۇپ دەۋاغا قاتناشقان ۋە ھۆكۈم دەۋاگەرنىڭ پايدىسىغا بېرىلگەن. شۇنىڭغا بىنائەن، ۋەزىيەت شۇ تەرىقىدە مەرھۇمنىڭ نامىغا بۇ ئۇقتۇرۇش ھۆج-

قوداتقوبیلیك نامه یازیلدیغی بغرا خان کیمدر ۲۲۵

بو کتیزن شخص کتیردیکی شخص علیهنه ، یارکند قضالرندن بربل دیغیلن برده کاش و جلاب اسحق نامه مضاف مسجدك قارشوسنده واقع وحدود اربعه‌سی داخلنده اوتوزیوك بوغدای محصول ویرر برقسمی زراعته صالح وبرقسی غیرصالح اراضی موآندن عبارت برقطعه طوپراق دعوا ایتمشدر. شویله‌که : برطرفی یوسف اتالك تارلاسی برطرفی سوکان بکه‌جاند آرق، برطرفی ینه یوسف اتالك تارلاسی وبرطرفده طریق عامه . وجوبرزااتالك تارلاسی وازاك دیغیلن نهرایله محدوددر. مدعی دعواسنده اشبوحدودایله محدود ارامینك اشبواعلامده اسمی مذکوربابا سنك مالی اولوب مرقومك وفاتیله کندیسی ودیکرورثه‌یه انتقال ایتمش والآن کندولرینك ملك وحقلری بولونمش اولدیغنی وبریکنك بوراسنی ظلماً وجوراً استیلا ایتدیکنی و بناءً علیه مرقومك یدینك ( اشبو اموالدن ) رفعیله کندیلرینه تسلیمی لازم کلدیکی حالده امتناع ایتمکده اولدیغنی بیان ایله کیفیتك ( مدعی‌علیهدن ) صورولمه‌سنی طلب ایتمش و مدعی‌علیهدن کیفیت صورولدقده مرقوم دعوایی اصلاً و رأساً جحد وانکار ایتمش وتارلاسنك کندی ملکی وحقی اولدیغنی، و بونی غیردن ثمن معلوم ایله اشترا ایتمش اولوب بدلی نقداً تسویه ایتمش بولوندیغنی ادعا ایله‌مشدر . مدعی‌یه تارلا کندینك ایسه ، اشبو مدعاسنك صحتنی و افاده‌سنك دوغرولغنی اثبات ایچون بینه اقامه ایتمی طرفمزدن امر اولوندقده اوچ نفر کتیروب بونلرك شاهد اولدقلرینی بیان ایله‌مش، بونلرده مرقومك دیدیکنك صحیح اولدیغنه شهادت ایله‌مشلردر. بونك اوزرینه مدعی مرقومونك شهادتلرینك استماعیله افاده‌لرینك نظر دقته آلنمه‌سنی طلب ایتمشدر. شاهدلر شونلردر : عبدالجلیل جغری سوباشی بن موسی بن املوك و ابوبکرالشلاجی بن براق بن یربا و جبرئل وتاق باشی بن موسی بن بقجار . موضوع بحث دعوا و انکار طرفینه تکرار ایتدیرلدکدن صوکرا شاهدلرك افاده‌لری ایستنمش و هربریسی صیرا ایله متنازعلرك حضورنده متفق‌اللفظ والمعنی شهادت صحیحه و مستقیمه ایله دعوانك موافقتنه شهادت ایتمشلر و هیچ بر نقطه‌ده اختلاف کوسترمه‌مشلردر . بونلرك حاللری وعدالتلری تفحص و تزکیه‌لری اجرا قیلندقده فی‌الواقع عدالتلری ظاهر اولمش وحکم مشهود علیه علیهنه توجه ایتمشدر. بناءً علیه کیفیت اولصورتله مرقومه اعلام و کندیسنك حق وارسه ( بریکیلری ) دفع و جرح ایده‌جك بر بینه کتیرمسی امر اولونمش ومرقوم ایسه اوته‌کیلر ایچون ویریلن مدتك برمثلی داخلنده بوندن تماماً اظهار عجز ایتمش اولمغله بزده الله تعالادن یاردیم دیله‌یه‌رك و هردرلو زیغ و ضلالدن صیانتمزی نیاز ایده‌رك اشبوحدودلری معین طوپراغك مشهود لهك وباباسنك دیکر ورثه‌سنك ملکلری اولدیغنه حکم و محکوم علیهك بوندن قصر یدله محکوم لهه تسلیم ایتمه‌سنی امر و نقداً ویردیکی ثمنك استردادی ایچون بایعه مراجعت ایده‌بیله‌جکنی تفهیم ایلمشزدر . بعده محکوم‌له بو صورتله عندمزده ثابت اولان حقی تثبیتاً یدینه بر اعلام اعطاسنی رجا ایله‌مسیله اشبو رجاسی اسعاف قیلنمش وایجاب ایتدیکی زمان بر حجت اولمق اوزره بالاده‌کی تاریخ ایله مورخ اشبو اعلامك تسطیری امر اولونمشدر .

اشبو اعلامك طرفندن صادر و امضایی حاوی سطرك کندی خطدستی اولدیغنی تصدیق وبیان ایلر : محمد بن عبدالصمد بن اسماعیل .

نوط

«پروفسوربارتولده‌ك بحث ایتدیکی وثیقه» ۱۹۱۱ده «یارکند» خارجنده‌کی باغچه‌لردن برنده

تورکیات مجموعه‌سی — ۱۵

جىمتى يېزىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەققىنى تۆلىتىپ قايتۇرۇپ ئالالىغۇدەك ۋارىستىن بىرىگە بېرىلىشى ئەمىر قىلىنغان. دەۋاگەر بولسا ھەقدارلار ئۈچۈن بېرىلگەن مۇددەتنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇشتىن تامامەن ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە ئاللادىن ياردەم تىلىگەن ھالدا بىزدىن ھۆكۈم چىقىرىشتا خاتالىقتىن ساقلىنىشىمىزنى ئۈمىد قىلدى. بىز ئۇشبۇ چېگرا دائىرىسىدىكى يەرلەرنى بۇ خاس تۇپراقنىڭ دەۋاگەرنىڭ ۋە دادىسىنىڭ باشقا ئەر ۋە ئايال ۋارىسلىرىنىڭ مۈلۈكلىرى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم بەردۇق. يەنى جاۋابكارنىڭ دەۋاگەرگە زېمىننى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئەمىر قىلدۇق. بېكىتىلگەن تۆلەمنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى ئۈچۈنمۇ جاۋابكارغا مۇراجىئەت قىلىنسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدۇق.

۲۲٦ قوداتقوبیلیكك نامنه یازیلدیغی یرا خان كیمدر

بر آغاج آلتنده كشف ایدیلمش اولان عربجه واویغورجه محكمه اوراقندن بریدر. بونلر، اوزمان دكاشغرده باش قونسولوس اولان «سیر جورج ماقارتنه ی» كتیریلمش، وموی الیه ده بونلری هندستان حكومتنه كوندرمشدر. بو وثائق الیوم هندستان آثار عتیقه مدیریت عمومیه سنده در. مع مافیه بونلرك فوطوغرافله آلنمش صورتلرینی الده ایده بیلدم.

جمعاً اون بش پارچه وثیقه در. یدیسی عربجه، دوردی عرب حروفاتیله تورکجه، اوچی ده اویغور حروفاتیله تورکجه یازیلمشدر. عربجه لرده، بری مستثنا اولمق اوزره، امضا وشهادتلر عربجه در؛ بونده شاهدلرك امضاسی اویغور حرفلریله در. چوغی تاریخلیدر. اك اسكیسی ٤٧٤ و اك یكینی ٥٢٩ هجری دندر. یعنی عیسی میلادك ۱۱ نجی عصری نهایتنه و۱۲ نجی عصری بدایتنه عائددر. توركجه وثیقه لر، بالخاصه عربجه و اویغورجه یازیلرك برلكده قوللانیلمغه باشلاندیغی دوره یه عائد اولماسی اعتباریله، خصوصی بر اهمیتی حائزدر.

ر. دەنیس روس

[ راغب خلوصی بك طرفندن انكلیزجه دن ترجمه ایدیلمشدر ]

ئاخىرىدا، دەۋاگەر يۇقىرىقى تەرتىپتە ئۇتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتنى، يەنى قازىنىڭ ھۆكۈمنى ئىسپاتلارغا ئاساسەن بىر ھۆججەت قىلىپ يېزىلىشىنى ئۈمىد قىلغان. ئۇشبۇ ياردەم قىلىندى، يەنى بۇ ھۆججەتنى يېزىپ بەرمەكچى بولدۇق ۋە يېزىپ بېرىش بىزنىڭ زىممىمىزگە چۈشكەن ھامان بىر ھۆججەت سۈپىتىدە قاراپ، مۇشۇ ۋاقىت - سائەت خاتىرىلىگۈچى تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ ئۇشبۇ ھۆججەتنىڭ قۇرلىرىدا دېيىلگەن بايانلارنىڭ يېزىلىشى ئەمىر قىلىندى.

ئۇشبۇ ھۆججەت (ئۇقتۇرۇش)نىڭ ئۆزى تەرىپىدىن روياپقا چىققانلىقى ۋە مۆتىۋەر ئىمزا قويۇلغان قۇرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى تەستىق ۋە بايان قىلغۇچى: مۇھەممەد بىن ئەبدۇسسەمەد بىن ئىسمائىل.

قوشۇمچە: پىروفېسسور بارتولد مىسال ئالغان بۇ ۋەسىقە ياركەنتتىكى باغچىلاردىن بىرىدە بىر ياغاچنىڭ تېگىدىن تېپىلغان ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە مەھكىمە پۈتۈكلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ پۈتۈكلەر ئەينى زاماندا كاشغەردە باش كونسۇل بولغان سىر جورجى ماكارتنىيغا كەلتۈرۈلگەن، ئۇمۇمي ئالىيە بۇلارنى ھىندىستانغا ئەۋەتكەن. بۇ ۋەسىقىلەر ھازىر ھىندىستان ئاسارە - ئەتىقە مۇدىرىيەت جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇرۇن بىر پۇرسەتتە بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ فوتو سۈرىتىنى قولغا چۈشۈرگەنىدىم. جەمئىي 15 پارچە ۋەسىقە بولۇپ، يەتتىسى ئەرەبچە، تۆتى ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن تۈركىيچە، ئۈچى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى( يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى) بىلەن يېزىلغان. ئەرەبچە يېزىلغان ۋەسىقىلەردە ھۆكۈم چىقارغۇچىنىڭ ئىمزاسى ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى ئەرەبچە يېزىلغان. بۇنىڭدا گۇۋاھچىلارنىڭ ئىمزاسى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان. كۆپىنچىسىنىڭ يىلنامىسى بار. ئەڭ بۇرۇنقىسى ھجرىيە 474 - يىلىغا ۋە ئەڭ يېڭىسى 529 - يىلىغا، يەنى ھەممىسى مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا ئائىتتۇر. تۈركىيچە يېزىلغان ۋەسىقىلەر تەخمىنەن ئەرەبچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلارنىڭ بىرلىكتە قوللىنىلىشقا باشلىغان دەۋرگە ئائىت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئې. دەنىسن روس (ۋەسىقىنىڭ تۇنجى تەرجىمىسىنى قىلغان كىشى)

بۇ ماقالە راغىب خۇلۇسى بەگ تەرىپىدىن ئىنگلىزچىدىن ئازەرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئىزاھاتلار:

① «تارىخى بەيھەقى»، مورلەي نەشرىياتى، 230 - بەت.

② ئۆز نۆۋىتىدە ئارخېئولوگ بولغان زەكىي ۋەلىدى ئەپەندى روس ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرق شۆبىسى يازمىلىرى 22 - جىلدىدە بۇ (نۇسخا)نى تەرىپ قىلغان. بۇ يازمىنى مەن «ئىسلام ئېنىسكلوپېدىيەسى»نىڭ «ئىلىك خانلار» ماۋزۇسى ئاستىدا تىلغا ئالغانىدىم — بارتولد ماقالە يېزىلغان مەزگىلدە يازمىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، زەكى ۋەلىدى ئەپەندى تەرىپىدىن قايتا تېپىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. بۇ قېتىمقى «تۈركىيات خەۋرلەرى» قىسمىغا قاراڭ — تەرجىمان راغىب خۇلۇسى بەگ.

③ ئۆرفى بىلقۇرشى لەزالىكە جامال قەرشىنىڭ ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان «قۇرشى» تەخەللۇسى «قۇرەيش»تىن ئېلىنغان ئەمەس. «زاپىسكى» 11 - جىلد 286 - بەت؛ بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر كەبى ئۆزىنى «قۇرشى» «قۇرەيشى» — قۇرەيشلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

④ ۋەسىقىنىڭ تەرجىمىسىنى ئېدۋارد دەنىسىن روس قىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ رۇخسىتى بىلەن بۇ ماقالەمدە ئەينەن كەلتۈردۇم — بارتولد.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل - سەنئەت فاكۇلتېتىدا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەنا ئابلىمىت

# كونا ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن

## نىياز باينىڭ ئەلىيار بايغا بىر يىل ئىشلەپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى توختام ھۆججىتى

ئوقۇلغۇسى: تەئرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئون ئىككى خوك يىلى ماھى رەبىئۇل ـ ئاخىرنىڭ ئون ئىككىسى يەكشەنبە كۈنى. مەنكى قازاق كەنتلىك مۇتەۋاففى ئابدۇرەسۇل باينىڭ ئوغلى ئاخۇند نىياز بايدۇرمەن. ئىقرارى شەرئى قىلدىمكى، تۇربەت كەنتلىك ئەلىيار باي ئاكامنىڭ قاشىدا مۇددەتى بىر يىل تۇرۇپ خىزمەت قىلماقچى بولۇپ ئەجرىمگە ئون ئىككى تەڭگە فۇل ئالدىم. مۇددەتى مەزكۇرنىڭ ئىچىدە ھەر تەرىقەلىغ كارىغە بۇيرۇسا، بىلا ھەممىيەت قىلغۇر بولدۇم دەپ تىلىمدىن خەت بەردىم.

ھۇززارۇل ـ مەجلىس: مەنكى نىياز باينىڭ ئىنىسى قۇربانىنىيازدۇرمەن. ئاكام قاچىپ كەتسە، تاپىپ بەرگۈر بولدۇم.



يەشمىسى: ھىجرىيە 1312 ـ يىلى (مىلادىيە 1894 — 1895 ـ يىلى) توڭگۇز يىلى، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، يەكشەنبە. مەنكى قازاق كەنتلىك مەرھۇم ئابدۇرەسۇل باينىڭ ئوغلى ئاخۇن نىياز بايدۇرمەن. شەرىئەت بويىچە ئىقرار قىلدىمكى، تۇربەت كەنتلىك ئەلىيار باي ئاكامنىڭ قېشىدا بىر يىل تۇرۇپ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلماقچى بولدۇم، ھەققىم ئۈچۈن ئون ئىككى تەڭگە پۇل ئالدىم. مەزكۇر مۇددەت ئىچىدە ئەلىيار باي ئاكام مېنى ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسا، رازىمەنلىك بىلەن قىلىدىغان بولدۇم، دەپ تىلىمدىن بۇ ھۆججەتنى بەردىم.

گۇۋاھچىلار: مەنكى ئاخۇن نىياز باينىڭ ئىنىسى قۇربانىياز بايدۇرمەن. ئاكام قېچىپ كەتسە، مەن تېپىپ بېرىدىغان بولدۇم.

## قابىل سوپى قاتارلىقلارنىڭ ئون ئىككى چارەكلىك يەرنى مەمەت ئەلى ئاخۇنغا سېتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆججەت

ئۇقۇلغۇسى: تەئرىخى ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆرت ئۈي يىلى ماھى جەمادىيەل - ئەۋ-
ۋەلنىڭ ئونى سىھشەنبە كۈنى، بىزلەركى چۆرۈقلا كەنتلىك موللا توختاشنىڭ ئوغلانلارى قابىل سوفى
ئەسالەتەن ئىسلام جانىبىدىن مەزكۇر قابىل سوفى ۋە سايىت ۋە ئابدۇيۇسۇفنىڭ ۋارەسەلەرىدىن ئەھلىيە-
سى سارا بۈبى ۋە مەمەت ئەزىزنىڭ ۋارەسەلەرىدىن ئەھلىيەسى زەينەب بۈبىلەر ئەسالەتەن سەغىرە باللارى
مەمەت يەئقۇب، مەمەت قۇربانلار جانىبىدىن ئەممەسى مەزكۇر قابىل سوفى ۋە سايىت بولۇپ ئىقرارى
شەرئى قىلدۇقكى، بادامسىيا ئۆستەڭى تۇربەت مەۋزىئىداقى مۈلكى مىراس تەخمىنەن ئون ئىككى چارەك-
لىك يەرىمىزنى تابىئ دەرەختلەرى بىلەن غەبن فاھىشدىن ئۆتۈپ، تايىفەن ئون سەككىز تەڭگە فۇلغە بەيئى
بات قىلىپ مەزكۇر كەنتلىك ئەلىيار باينىڭ ئوغلى مەمەت ئەلى ئاخۇنغە ساتىپ، سەمەنى مەزكۇرنى بىلا
قۇسۇر قولىمىزغە ئالدۇق. مەزكۇر يەردە ۋە سەمەنىدە ھەققىمىز قالمادى.

مەزكۇر يەرنىڭ ھەد شەرقى ئەزىمنىڭ يەرى، فاسىلە قىر؛ ھەد شىمالى ۋەقف يەر، فاسىلە قىر؛ يەنە
ھەد شەرقى ھەم ۋەقف يەر، فاسىلە قىر؛ يەنە ھەد شىمالى ئالماسنىڭ يەرى، بەئزى تايىملانىڭ يەرى، فا-
سىلە قىر ئۆرەك؛ يەنە ھەد شىمالى ھەم ئەزىم خاجەنىڭ يەرى، فاسىلە ئۆرەك؛ ھەد غەربى موللا قۇرباد-
نىڭ، بەئزى مەمەت ئەزىزنىڭ، بەئزى مۇشتەرىنىڭ يەرى، فاسىلە ئۆرەك؛ ھەد جەنۇبى ھەم مۇشتەرىنىڭ
يەرى، بەئزى راھى ئام.



مەزكۇر سەمەندىن قابىل سوفى، ئىسلاملار ئالتە تەڭگە،
سارا بۈبى ئالتە تەڭگە، مەمەت يەئقۇب، مەمەت قۇربان، زەينەب
بۈبىلەر ئالتە تەڭگەگە ساتقان... تايىملا جەمئ بولغان.

ھۇززارۇل - مەجلىس: يۈسۈفشا خاجە شاھىد.

يەشمىسى: ھىجرىيە 1294 - يىلى (مىلادىيە 1877 -
يىلى) كالا يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، سەيشەنبە، بىز-
لەركى چۆرۈقلا كەنتلىك موللا توختاشنىڭ ئوغۇللىرى قا-
بىل سوپى ۋە ئىسلام تەرەپتىن مەزكۇر قابىل سوپى ۋە سا-
يىت، ئابدۇيۇسۇپنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئايالى سارابۈبى ۋە مە-
مەت ئەزىزنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئايالى زەينەپ بۈبىلەر، ئۇش-
شاق بالىلىرى مەمەت ياقۇپ، مەمەت قۇربانلار تەرەپتىن قې-
رىندىشى مەزكۇر قابىل سوپى ۋە سايىت بىرلىكتە شەرىئەت
بويىچە شۇنى بايان قىلدۇقكى، بادامسىيا ئۆستىڭى تۇربەت
تەۋەلىكىدىكى تەخمىنەن ئون ئىككى چارەكلىك يېرىمىزنى
دەرەخلىرى بىلەن قوشۇپ، ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن ئون
سەككىز تەڭگىگە سودىلىشىپ، مەزكۇر كەنتلىك ئەلىيار
باينىڭ ئوغلى مەمەت ئەلى ئاخۇنغا سېتىپ، مەزكۇر پۇلنى
كەم قالدۇرماي قولىمىزغا ئالدۇق. مەزكۇر يەردە ۋە پۇل
توغرىسىدا ھەققىمىز قالمىدى.

مەزكۇر يەرنىڭ شەرقىي چېگراسى ئەزىمنىڭ يېرىگە تۇتىشىدۇ، پاسىلى قىر؛ شىمالىي چېگراسى ۋەخپە يەر، پاسىلى قىر؛ يەنە شەرقىي چېگراسىنىڭ بىر قىسمى ھەم ۋەخپە يەر، پاسىلى قىر؛ يەنە شىمالىي چېگراسىنىڭ بىر قىسمى ئالماسىنىڭ ھەم تايىملانىڭ يېرىگە تۇتىشىدۇ، پاسىلى قىر ۋە ئورەك؛ غەربىي چېگراسى ئەزىم غوجىنىڭ يېرى، پاسىلى ئورەك؛ يەنە شىمالىي چېگراسىنىڭ بىر قىسمى ھەم ئەزىم غوجىنىڭ يېرىگە تۇتىشىدۇ، پاسىلى ئورەك؛ يەنە غەربىي چېگراسىنىڭ بىر قىسمى موللا قۇربان ۋە مەمەت ئەزىزنىڭ، بىر قىسمى يەر سېتىۋالغۇچىنىڭ يېرىگە تۇتىشىدۇ، پاسىلى ئورەك؛ جەنۇبىي چېگراسى ھەم يەر سېتىۋالغۇچىنىڭ يېرىگە، بىر قىسمى ئومۇمنىڭ يولىغا تۇتىشىدۇ.

مەزكۇر پۇلدىن قابىل سوپى، ئىسلاملار ئالتە تەڭگىگە؛ سارا بۇبى ئالتە تەڭگىگە؛ مەمەت ياقۇپ، مەمەت قۇربان، زەينەپ بۇبىلەر ئالتە تەڭگىگە ساتقان.

گۇۋاھچىلار: يۇسۇپ شا خوجا.

## چولپان بەگ بىبىنىڭ ئۈچ مو يەرنى تۆرەك ئاخۇن قاتارلىقلارغا سېتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆججەت

ئوقۇلغۇسى: تەئرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك سەككىز توخا يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ ئۈچىدە، مەنكى يۇقارقى ئوند كەنتىدىن نىياز ئاخۇندنىڭ قىزى چولپان بەگ بىبىدۇرمەن. ئىقرارى شەرئى قىلدىمكى، فايناق كەنتىدىن ئۈچ مو يەرىمنى تۇڭگانلار ۋەقتىدە ئالبان ـ سەيسەنىڭ تولالىقىدىن قىستالىپ، بىر كەنتلىك تۆردى ئاخۇند، سەفەر ئاخۇند، يۇسۇف ئاخۇندلارغا بەش يۈز سەر تىزا فۇلغە ساتىپ ئېدىم. ھازىر كۆرۈپ باقسام، غۇرۇر كېتىپ ئىكەن، دەپ يۇرت ئوتراسىدا دەئۋا قىلغانىمدا، بىر مۇنچە ئەھلى بەسارەت ئادەملەر دەرمىيان بولۇپ، بىزلەرنى دەۋالاشتۇرماي بىتەرىقە سۇلھى ئەزبىرايى قەتئى نىزائ ئۈچ مىڭ بەش يۈز سەر فۇل ئالىپ بەردىلەر. مەزكۇر تۆردى ئاخۇند، يۇسۇف ئاخۇند، سەفەر ئاخۇندلاردىن ئۈچ مىڭ بەش يۈز سەر فۇلنى تافشۇرۇپ ئالىپ رازى ۋە قانىئ بولدۇم. مەزكۇرلارنىڭ قولىداكى چۆۋى ھۆججەتلەرگە تەسلىمى شەرئى قىلدىم. مەزكۇر تۆردى ئاخۇند باشلىغلارنىڭ زىممەسىدە مەزكۇر ساتقان ئۈچ مو يەر خاھى فۇل، تابىئ دەرەخت، ئەقەبە ۋە غەبىن غۇرۇر، خاھى ئۆتنە ـ ئامانەتدە ۋە مۇئامىلە بارەسىدىن جىنسى دۇنيالىقدا قەلىل ۋە كەسىر ئەسلا ھەققىم قالمادى. زىممەسىنى ئىبرائ ئام ۋە قەتئ تام قىلدىم. بەئدۇل ئىبرائ ھەر نەۋئ گەف ـ سۆز فەيدا قىلىپ دەئۋا قىلسام، ئىندەش ـ شەرئى باتىل، نامەسمۇئ ئولغاي دەپ ئىقرارىمدىن مۇھۇرلۇغ ئىبرائ ـ ھۆججەت بەردىم.



ھۆززارۇل ـ مەجلىس: مۇقەررەنىڭ ئۆگەي ئوغلى روزى ئاخۇند، مۇھتەسىب (تەكشۈرگۈچى) ھىممىت ئاخۇندلار شاھىد.

يەشمىسى: ھىجرىيە 1358 ـ يىلى (مىلادىيە 1939 ـ يىلى) توخۇ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مەنكى يۇقىرىقى ئۇن كەنتتىن نىياز ئاخۇننىڭ قىزى چولپان بەگ بىبىدۇرمەن. شەرئەت بويىچە شۇنى بايان قىلدىمكى، تۇغقانلار ۋاقتىدا ئالۋان ـ سېلىقنىڭ تولىلىقىدىن قىينىلىپ قېلىپ، پايناپ كەنتىدىن ئۈچ مو يېرىمنى مەزكۇر كەنتلىك تۇرەك ئاخۇن، سەپەر ئاخۇن، يۇسۇپ ئاخۇنلارغا 500 سەر قەغەز پۇلغا ساتقاندىم، ھازىر ھېسابلاپ باقسام، ئەرزان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا، يۇرت ئوتتۇرىسىدا دەۋا قىلغىنىمدا، يۇرت ئاقساقاللىرى ئارىغا چۈشۈپ بىزلەرنى كېلىشتۈرۈپ، ماڭا 3500 سەر پۇل ئېلىپ بەردى. مەزكۇر تۇردى ئاخۇن، يۇسۇپ ئاخۇن، سەپەر ئاخۇنلاردىن 3500 سەر پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ رازى بولدۇم ھەم شەرئەت بويىچە تولۇقلاپ ھۆججەت قىلىپ بەردىم. مەزكۇر تۇرەك ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ زىممىسىدە مەن سېتىپ بەرگەن مەزكۇر ئۈچ مو يەر خاھى پۇل، دەرەخ، يول ياكى ئۆتنە ـ ئامانەت قاتارلىق مۇئامىلە توغرىسىدىن بۇ دۇنيالىقتا قىلچە ھەققىم قالمىدى. مۇندىن كېيىن گەپ ـ سۆز پەيدا قىلىپ دەۋا قىلسام، شەرئەت بويىچە ھەرقانداق ئەھۋالدا قۇلاق سېلىنمىغاي، دەپ ئۆز رازىلىقىم بىلەن مۆھۈرلۈك ھۆججەت بەردىم.

گۇۋاھچىلار: يەر ساتقۇچىنىڭ ئۆگەي ئوغلى روزى ئاخۇن، ھىممىت ئاخۇن.

## ۋارىسلار ئارا مىراس بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەت

ئوقۇلغۇسى: تەئرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش تۆرت ماھى زۇلھەججەنىڭ يىگىرمە ئۈچى، شەھەر قاش مەسجىد مەھەللەسىدىن ئەلى قارى ھاجىمنىڭ ۋارەسەلەرىدىن قىزى ھۆرنىسا بىبى، ئوغۇللىرى ئابدۇللا قارى ۋە مۇھەممەد ئەلى ئاخۇندلار ئەسالەتەن ئىقرارى شەرئى قىلدۇقكى، ئانامىز فاتىمە بىبى، ئاكامىز ئەھمەد ئاخۇند ۋە مۇھەممەدخان مەخدۇملارغا مۇلۇكىيەت قىلىپ بەرگەن قاقىلەدەكى يەر ـ زەمىنلاردىن شال يەرنى ئىلگىرى تەقسىم قىلىپ ئالىپ ئېدۇك. تۆفەدەكى يەردىن بىر فارچە يەرنى مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ئاكاسى ئەھمەدخانغە بېرەدۇرغان يەر ھۇسۇلىغە ۋە ھەم ئەممەكەلىق (قېرىنداشلىق) مىراسىغا چىقارىپ ئېتىپ، باقىي قالغان بىر فارچە بىدەلىك يەر ۋە يۇقارقى بىر فارچە يەرلەرنى مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ۋارىسەلەرى چولفاڭ بىبى، قىزى ئابىدە بىبى ۋە ئاسىم بىبى ۋە مەريەم بىبىلەر بىلەن ئۈلەشىپ ئالۇر بولۇپ، يۇقارقى بەش چارەكلىك يەر بىزلەرگە قالىپ، ئاياغداكى تۆرت چارەكلىك بىدەلىك مۇھەممەدخان



مەخدۇمنىڭ ۋارەسەلەرىغە قالىپ تەقسىم قىلىپ، رازى بولۇپ ئۈلەشىپ ئالدۇق. ئەھمەدخان مەخدۇمنىڭ مۇھەممەدخان مەخدۇمداكى يەر ھۇسۇلىغە بەرگەن يەردىن يېرىم چارەكلىك يەرنى مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ۋارەسەلەرىنىڭ غۇمۇتىغە (نېسىۋىسىگە) چىقارىپ بەردۇك. مەزكۇر ۋارەسەلەرغە بەرگەن تۆرت يېرىم چارەكلىك يەردە بىز مەقەرلەرنىڭ ھەققى دەخلىمىز يوق، دەپ ئىقرارىمىزدىن ھۆججەت بەردۇك.

مەزكۇرلارغە بەرگەن تۆرت چارەكلىك بىدەلىك يەرنىڭ شەرقى ئام يول؛ شىمالى مەقەرەلەرنىڭ ئۆز يەرى، زەيكەش؛ غەربى ھۇرى بىبى، ئەھمەدخاننىڭ ۋارەسەلەرىغە، فاسىلە يېگى قىر؛ جەنۇبى ۋەقفغە مۇتەسىل قىر، بەئزەن تۇرغان ھاجىغە ئايرىلغان يەر، يېگى قىر. شەھەردەكى ھويلاداكى دالاننىڭ ئۈستىدەكى بالاخانە مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ۋارەسەلەرىغە قالىپ تەۋلىيە قىلىپ ئېدۇك، شۇنىڭغا رازى بولۇپ تەسدىق قىلدۇق. بىرەدۇرغان يېرىم چارەكلىك يەرنى قاچان تەلەب قىلسا، ئايرىپ بېرەمىز. مەزكۇر يەر ھۇدۇدىغە تۇشۇپ كەتتى.

ھەمىد ئىمام، ئابدۇلغەفۇر ئاخۇند، بىلال ئاخۇند، داۋۇد بەگ، مۇھەممەد ئاخۇندلار شاھىد.

**يەشمىسى:** ھىجرىيە 1364 ـ يىلى (مىلادىيە 1944 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، شەھەر قاش مەسجىد مەھەللىسىدىن مۇھەممەد ئەلى قارى ھاجىمنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىزى ھۆرنىسا بىبى، ئوغۇللىرى ئابدۇللا قارى ۋە مۇھەممەد ئەلى ئاخۇنلار شەرىئەت بويىچە شۇنداق بايان قىلدۇقكى، ئانىمىز پاتىمە بىبى ئاكىمىز ئەھمەد ئاخۇن ۋە مۇھەممەدخان مەخدۇملارغا مۇلۇك قىلىپ بەرگەن قاقىلەدىكى يەر ـ زېمىنلاردىن شاللىق يەرنى ئىلگىرى تەقسىم قىلىشىۋالغانىدۇق. تۆپىدىكى يەردىن بىر پارچە يەرنى ھوسۇلىدىن قېرىنداشلىرىغا تېگىشلىك مىراسنى چىقىرىۋېتىپ مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ئاكىسى ئەھمەدخانغا بېرىدىغان بولدۇق. قالغان بىر پارچە بېدىلىك يەر ۋە باشقا يەرلەرنى مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ۋارىسلىرى بولغان چولپان بىبى، قىزى ئابىدە بىبى ۋە ئاسىم بىبى ۋە مەريەم بىبىلەر بۆلۈشۈۋالىدىغان بولدى. يەنە تۆپىدىكى بەش چارەكلىك يەر بىزلەرگە قېلىپ، ئاياغدىكى تۆت چارەكلىك بېدىلىك مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ۋارىسلىرىغا تەقسىم قىلىنىپ رازى بولۇپ بۆلۈشۈۋالدۇق. ئەھمەدخان مەخدۇمنىڭ مۇھەممەدخان مەخدۇمدىكى يەرنىڭ ھوسۇلىغا قارىتا بەرگەن يەردىن يېرىم چارەكلىك يەرنى مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ نېسىۋىسىگە چىقىرىپ بەردۇق. ۋارىسلارغا بەرگەن مەزكۇر تۆت يېرىم چارەكلىك يەردە بىزلەرنىڭ ھەققىمىز يوق، دەپ ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن ھۆججەت بەردۇق.

مەزكۇرلارغا بەرگەن تۆت چارەكلىك بېدىلىك يەرنىڭ شەرقى ئومۇمنىڭ يولىغا تۇتىشىدۇ؛ شىمالى ۋارىسلارنىڭ ئۆز يېرى، پاسىلى زەيكەش؛ غەربى ھۆرنىسا بىبى ۋە ئەھمەدخاننىڭ ۋارىسلىرىنىڭ يېرى، پاسىلى يېڭى قىر؛ جەنۇبى ۋەخپە يەرگە تۇتىشىدۇ، پاسىلى قىر؛ بەزى يەرلىرى تۇرغۇن ھاجىغا ئايرىلغان يەرگە تۇتىشىدۇ، پاسىلى يېڭى قىر.

شەھەردىكى ھويلىدىكى دالاننىڭ ئۈستىدىكى بالىخانا مۇھەممەدخان مەخدۇمنىڭ ۋارىسلىرىغا قېلىپ تەۋلىيە (ھۆججەت) پۈتۈشكەنىدۇق، شۇنىڭغا رازى بولۇپ تەستىقلىدۇق. بەرمەكچى بولغان يېرىم چارەكلىك يەرنى قاچان تەلەپ قىلسا، ئايرىپ بېرىمىز. مەزكۇر يەر پاسىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلدى.

ھىمىد ئىمام، ئابدۇغوپۇر ئاخۇن، بىلال ئاخۇن، داۋۇد بەگ، ئەھمەد ئاخۇنلار شاھىت.

## ئەلىيار باينىڭ توختى مەرگەننى قەرز قايتۇرۇپ كېلىشكە ۋەكىل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەت

**ئوقۇلغۇسى:** تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز توقسان ئىككى نەھەڭ يىلى ماھى جەمادىيەل ـ ئەۋۋەلنىڭ



سەككىزى ئەردى. مەنكى خوتەن قاراقاشلىق توختى خاجە باينىڭ ئوغلى ئەلىيار بايدۇرمەن. ئىقرار قىلدىم بۇ جۈملەغەكىم، خوتەن يۇرۇڭقاشلىغ توختى خاجەنىڭ ئوغلى توختى مەرگەننى خوتەنلىك ئىسمائىل ئاخۇند ۋەلەدى موللا تاھىرنىڭ زىممەسىدەكى تۆرت مىڭ ئۈچ يۈز قىرىق سەككىز تەڭگە ئوتتۇز فۇل ۋە يەنە سەكسەن ئالتە مەشرۇدە، ئون لافە خام، بىر مىڭ ئىككى يۈز كاغەز، ئىككى فارچە كىگىزلەرىمنى قەبز قىلۇرغا ۋەكىل قىلىپ ئېدىم، ئالان بۇ توغرادىن بىر يامبۇ ۋە ئەللىك سەر ئىككى مىسقال كۈمۈش قولۇمغە تافشۇرۇپ ئالدىم. سۇرەتى ۋاقىئە تەھرىر تافتى.

يەشمىسى: ھىجرىيە 1292 ـ يىلى (مىلادىيە 1875 ـ يىلى)، لەھەڭ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، مەنكى خوتەن قاراقاشلىق توختى غوجا باينىڭ ئوغلى ئەلىيار بايدۇرمەن. شۇنىڭغا ئىقرار بولدۇمكى، خوتەن يۇرۇڭقاشلىق توختى غوجىنىڭ ئوغلى توختى مەرگەننى خوتەنلىك ئىسمائىل ئاخۇننىڭ ئوغلى موللا تاھىرنىڭ زىممىسىدىكى 4348 تەڭگە 30 پۇل ۋە يەنە 86 مەشرۇئ...، ئون توپ خام، 1200 ۋاراق قەغەز، ئىككى پارچە كىگىزلىرىمنى يىغىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلغانىدىم. بۇ توغرىدىن بىر يامبۇ ۋە 50 سەر ئىككى مىسقال كۈمۈشنى قولۇمغا تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە ھۆججەت يېزىلدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

بوغدا ئابدۇللا

# ئەبۇ سېيىت پالۋان

بىر چاغلاردا لوپنۇردا ئوۋچىلار ناھايىتى كۆپ بولغانىكەن. ئۇ چاغلاردا ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلاردىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئوۋچىلىق ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەنىكەن. تۆۋەندە تىلغا ئالىدىغان ئەبۇ سېيىتمۇ دەل ئاشۇ ئوۋچىلارنىڭ بىرسىدۇر.

بۇرۇن لوپنۇردا ئەبۇ سېيىت ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئۆگەن دەريا بويلىرىدا ئوۋچىلىق قىلىدىكەن. ئۇ زاماندا ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇق بولۇپ، يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىكەن.

ئەبۇ سېيىت يۇرت ـ قوۋم ئىچىدە مەرگەنلىكى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، باشقا ئوۋچىلاردىن يىراقىراق جايدىكى بىر ساھىلغا قومۇش ساتما ياساپ، بىر تەرەپتىن دەريا، كۆللەردىن بېلىق تۇتۇپ خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

بىر كۈنى، ئەبۇ سېيىتنىڭ خوتۇنى گۈلئايىم ئۇنىڭغا:

— ئۆيدە ئاشلىق تۈگەپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغۇت ۋاقتىممۇ يېقىنلىدى، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوۋغا چىقىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولغان ئەبۇ سېيىت سەپەر پىلانىنى ئۆزگەرتىپ تېرە ـ تېسەكلەرنى تەييارلاپ، قارا شەھەردىن ئاشلىق، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلمەكچى بوپتۇ ھەمدە ئايالىغا ئۆزى كەلگۈچە ئادەملەر كۆپرەك يەردە تۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. لېكىن گۈلئايىم:

— سىلى كەلگۈچە مەن مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرەي. مېنىڭمۇ ئوقيا ـ نەيزىلىرىم ئېسىقلىق تۇرمامدۇ، نېمىدىن قورققۇلۇق؟ — دەپتۇ.

ئەبۇ سېيىت خوتۇنىنىڭ سۆزىنى يىرالماي ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. گۈلئايىم ئۇنىڭغا سەپەر تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ئەبۇ سېيىت بىر ئاتقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئارتىپ، يەنە بىر ئاتقا ئۆزى مىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر ئاخشىمى گۈلئايىم كەپىسىدە ئوت قالاپ، ئوتنىڭ يورۇقىدا يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرسا، ئۆيگە بىر نەرسە كىرىپ كەپتۇ. بۇ ئۆي قومۇش ساتما بولۇپ، ئىشىكى يوق ئىكەن. ئۆيگە كىرگەن نەرسە گۈلئايىمغا قاراپ ھۆركىرىگەندىن كېيىنلا گۈلئايىم ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ ئېتىلماقچى بولۇۋاتقان يولۋاسنى كۆرۈپ، دەرھال ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان چوچۇلىنى ئېلىپ يولۋاسقا تاقابىل تۇرماقچى بوپتۇ. يولۋاس ئوتتىن قورقۇپ ئالدىغا ماڭالماي، ھۆركىرەپ يەرنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئوتتا كۆيۈۋاتقان ئوتۇنلارنىڭ ئۇچقۇنلىرى يولۋاسنىڭ تېقىمىغا چاچراپ تەرەپ ـ تەرەپكە يامراپ

ئۆيگە ئوت توتۇشۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى پەملىگەن گۈلئايىم قولىدىكى چۆچۈلىنى تاشلاپ، تۆردىكى بىر جايدىن قومۇشنى يېرىپ تۆشۈك ئاچماقچى بولۇۋاتقاندا، يولۋاس بىر ئېتىلىپلا گۈلئايىمنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، چىشلىگەن پېتى گۈلئايىم ئاچقان تۆشۈكتىن چىقىپ كېتىپتۇ. يولۋاس گۈلئايىمنى كانىيىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دەريا بويىغا ئاپىرىپ گۆشىنى يەپ، يەپ بولالمىغان قىسمىنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەبۇ سېيىت كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيىگە كېلىپ ئۆيىنىڭ ئالدىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان خارابىنى كۆرۈپتۇ. خوتۇنىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئۆي ئەتراپىنى ئىزدەپ يۈرۈپ يولۋاسنىڭ گۈلئايىمنى سۆرەپ ماڭغان ئىزنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ شۇ ئىزنى ئىزلاپ دەريا بويىدا خوتۇنىنىڭ بىر قولىنى، قانغا بويالغان كىيىملىرىنى تېپىۋاپتۇ ـ دە، قاتتىق يىغلاپ پەرياد قىپتۇ. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى ئوۋچى قېرىنداشلىرىنى چاقىرىپ ئايالىنىڭ سۆڭەكلىرىنى تېرىپ ئەكېلىپتۇ، ئاندىن قارا شەھەردىن ئېلىپ كەلگەن زىننەت بۇيۇملىرىنى قوشۇپ دەپنە قىپتۇ.

ئەبۇ سېيىت خوتۇنىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ ساتمىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر قومۇش ساتما قۇرۇپ، ئاتىنىڭ يايلىسى ۋە قۇيرۇقىدىن چوڭ بىر قىل ئارغامچا توقۇپ، بۇ ئارغامچىنى تاكى مۇرىسىگە كەلگۈچە قاتمۇ قات يۆگەپ دەريا بويىدىكى خوتۇنىنى يولۋاس يېگەن يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. دەل خوتۇنىنىڭ نەزىرىنى بېرىدىغان كۈنى تاڭ سەھەر بىلەن يولۋاس بۇ يەرگە ئاستا تىمىسقىلاپ كەپتۇ. بۇ چاغدا ئەبۇ سېيىت يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن يولۋاس ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. بۇ چاغدا ئەبۇ سېيىت ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن سول بىلىكىنى يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تىقىپتۇ. يولۋاس جان ئاچچىقىدا ئەبۇ سېيىتنىڭ قولىنى شۇنداق بىر چىشلەپتۇ، ئەمما چىشى ئارغامچىغا پېتىپ قېلىپ، ئەبۇ سېيىتكە قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتمەپتۇ. بۇ چاغدا ئەبۇ سېيىت ئوڭ قولى بىلەن يولۋاسنىڭ بېشىغا كۈچەپ ئۇرۇۋېرىپ ئۇنى چالا ئۆلۈك ھالغا كەلتۈرۈپتۇ ـ دە، سول قولىدىكى ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى يېشىپ، يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قولىنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ. ئارغامچا ئاخىر يولۋاسنىڭ ئاغزىدا قېلىپ، ئەبۇ سېيىتنىڭ قولى يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپتۇ. ئەبۇ سېيىت يولۋاسنىڭ چىشلىرىنى بىردىن ـ بىردىن ئۇرۇپ چېقىپتۇ، ئاندىن يولۋاسنى باغلاپ ئاتقا سۆرىتىپ ئۆز ساتمىسىنىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر تۈپ توغراققا باغلاپ قويۇپ، خوتۇنىنىڭ نەزىرىگە كېلىدىغان جامائەتنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. نەزىرگە كەلگەن خالايىق توغراقتا بىر تىرىك يولۋاسنىڭ باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە بىر ئاز قورقۇشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بوپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇشۇ ئەتراپتىكى ئوۋچىلار، كىچىك باللار، خوتۇن ـ قىزلار يولۋاسنى كۆرگىلى كەپتۇ. بۇ چاغدا ئەبۇ سېيىت ئاتلىق ئوغلانلارنى تەشكىللەپ يولۋاسنى ئاتقا سۆرەتكۈزۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئەبۇ سېيىت يولۋاسنى ئۆزىنىڭ يېڭى ياسىغان كەپىسىگە سولاپ، ئۆيگە ئوت قويۇپتۇ. يولۋاس ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئەبۇ سېيىت خەلقى ئالەمگە بىر قەيسەر پالۋان سۈپىتىدە تونۇلۇپتۇ.

ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا «قاراچاچ» دەيدىغان بىر ئاۋات زېمىن بولۇپ، بىر چاغلاردا بۇ يەردىمۇ يولۋاس پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قوي ـ چارۋىلىرىنى يەپ كىشىلەرگە ئارام بەرمەپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يولۋاسنىڭ ھۇجۇمىدىن غەزەپلەنگەن چارۋىچى خەلق توپلىشىپ يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ ئىشنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىپتۇ. ئۇلار يولۋاسنى يوقىتىشقا بەل باغلاپتۇ. ئەمما يولۋاسنى يوقىتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەبۇ سېيىتنى تەكلىپ قىپتۇ.

ئەبۇ سېيىت «قاراچاچ»قا بارغاندىن كېيىن، يېزا ئاقساقىلى ۋە جامائەت ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. لېكىن بۇ ئادەمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بەزىلەر ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى، بوي - بەستى، ناھايىتى چاققان مېڭىش - تۇرۇشلىرىغا قاراپ قايىل بولسا، بەزىلەر ئۇنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، شۇنچە كۆپ ئادەم تەڭ كېلەلمىگەن يولۋاسقا بۇ ئادەمنىڭ قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئويلىشىپ بەس - مۇنازىرىلەرنى قىلىشىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ ئەبۇ سېيىتنىڭ يول ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن، يېزا ئاقساقىلى جامائەتنى ۋە ئەبۇ سېيىتنى چاقىرىپ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئەبۇ سېيىت:

— بۇرادەرلەر، سىلەر بۇ يولۋاس يوقىتىشقا كۆپ كۈچ چىقاردىڭلار، يولۋاسنىڭ تۇرىدىغان جايىنى، ماڭىدىغان يوللىرىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. مەن بولسام بۇ يەرگە يېڭى. شۇڭا، بۈگۈن توپلىشىپ بىللە چىقساق، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرساق قانداق؟— دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەزىلەر «ئۇ قورققۇۋاتىدۇ» دېيىشسە، بەزىلەر توپلىشىپ بېرىپ ئۇنىڭ زادى قانداق كارامىتى بارلىقىنى كۆرمەكچى بوپتۇ. ئاخىر كۆپچىلىك ئەبۇ سېيىتنىڭ دېگىنى بويىچە بىرلىكتە يولغا چىقىپتۇ. ئەبۇ سېيىت غەيرەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ، يولۋاس تۇتۇشقا كېتىدىغان قوراللارنى تولۇق ئېلىپ كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ مېڭىپتۇ. مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يولۋاسنى ئۇچرىتىپتۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر يولۋاسنى كۆرۈپ تەرەپ - تەرەپتىن ئوقيا ئېتىپتۇ. يولۋاسقا ئوق تەگمىگەن بولسىمۇ، شۇنچىۋالا كۆپ ئادەم ۋە ئىتلارنىڭ قوغلىشىدىن قورقۇپ كەينىگە قاراپ قېچىپتۇ. ئوۋچىلار توپلىشىپ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئەبۇ سېيىت ئوقياسىنىمۇ ئاتماي، ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ قارشى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەسلىدە ئەبۇ سېيىت بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىگە قاراپ يولۋاسنىڭ قېچىپ ئۆتىدىغان يولىنى پەرەز قىلىپ بولغانىكەن. بۇ پىلاننى بىلمىگەن كىشىلەر، ئەبۇ سېيىت يولۋاستىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى، ئەمدى كارامىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى، دەپ ئويلاپ، يولۋاسنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئىز بېسىپ مېڭىپ ئاخىر ئەبۇ سېيىت كەتكەن تەرەپكە كېلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئەبۇ سېيىت بىر دەرەخنىڭ دالدىسىدا ئوقياسىنى بەتلەپ يولۋاسنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. يولۋاس يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەبۇ سېيىت ئاتقان ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ - دە، يىقىلىپ قوپۇپ، ھۆركىرەپ قېچىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن ئوق ئەجەللىك يېرىگە تەگكەنلىكى ئۈچۈن ئورنىدىن تەۋرىيەلمەپتۇ. ئەبۇ سېيىت دەرھال ئىگەردىكى ئارغامچىنى يېشىپ ئېلىپ سالما تاشلاپ يولۋاسنى دەرەخكە يۆگىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا ئوۋچىلار ئەبۇ سېيىتكە قايىل بولماي تۇرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە ئوۋچى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ.

ئەبۇ سېيىت شاگىرتلىرىغا بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىشكە ماھىر بولۇشنى، يولۋاس بىلەن ئېلىشىشتا ئۇنىڭ يىرتقۇچ بولسىمۇ بىر ھايۋان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرۇشتا، ئەقلىنى ئوبدان ئىشلىتىشنى، تەمتىرەپ قالماسلىقنى، كۆرگەنلا جايدا ئات يۈگۈرتۈپ، ئاتلارنى ھاردۇرۇپ قويماسلىقنى، ئامال بار يولۋاسنى ئالاقزادە قىلىپ، ئۇ تەرەپ - بۇ تەرەپكە قاچۇرۇپ، ھاردۇرۇپ، ئۇنى ئىتلارمۇ تۇتۇۋالالايدىغان، نىمجان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئەپلىك بىر جايىنى تاللاپ تېزلىكتە تۇتۇش قىلىش لازىملىقىنى، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاگىرتلار بۇ ئادەمنىڭ باتۇرلۇقىغىلا ئەمەس، بەلكى شەيتاننى قاپقانغا چۈشۈرىدىغان ئەقىل - پاراستىگە قايىل بولۇشۇپ، ئەبۇ سېيىتنىڭ ھەربىر ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىشقا باشلاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە يېزا ئاقساقىلى ئەبۇ سېيىتنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھازىرغىچە بويتاق ئۆ-

تۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا يېزىدىن لايىق تاللاپ قويغانىكەن. شۇڭا، ئاقساقال ئەبۇ سېيىتنى چاقىرىپ بۇ تەكلىپنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. لېكىن ئەبۇ سېيىت بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يېزا ئاقساقىلى:

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا يېزىغا ئاقساقال بولۇڭ. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. ھازىر سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىز مېنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى، — دەپتۇ.

ئەبۇ سېيىت ئۇنىڭدىن ئۆزرىخاھلىق سوراپ، يۇرتىغا قايتىشقا تەييارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يېزا ئاقساقىلى ۋە ئەل ـ جامائەت:

— ئەبۇ سېيىت، ئالدىرىماڭ! بىز سىزنى ئويۇن ـ كۈلكە، تاماشا بىلەن ئۇزىتىپ قويىمىز. سىز مۇنداقلا كەتسىڭىز ياخشى بولماس، — دېيىشىپتۇ. ئەبۇ سېيىت «توغرا، مەن بۇ يەرگە مېھمان سۈپىتىدە كەلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ماڭا كۆيۈنگەن، مېنىڭ ئىشلىرىمنى قوللىغان شۇنچىۋالا ئاۋام تۇرسا، بۇ گەپمۇ ئورۇنلۇق» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۈچ كۈن مۆھلەت بىلەن تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا يېزا ئاقساقىلى ۋە بىر قىسىم كىشىلەر بىرلىشىپ يېزىدىكى ئەڭ چىرايلىق، گەپكە ئۇستا ھەم قوشاقچى بىر تۇل خوتۇنغا گەپ ئۆگىتىپ، ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇندا قوشاق توقۇپ ئەبۇ سېيىتنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى، ئەڭ بولمىغاندا قوشاق توقۇپ ئۇنى ئۇتۇپ چىقىپ قايىل قىلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. بۇرۇندىنلا ئەبۇ سېيىتكە كۆيۈپ يۈرگەن بۇ چوكان ئۆزىنىڭ قوشاقچىلىق ماھارىتىگە ئىشىنىپ، ماقۇل بوپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، چوڭ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلۇپتۇ. دەسلەپتە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ئاخىرىغا بارغاندا، يۈزمۇ يۈز توقۇيدىغان بېيىت ئويۇنىدا ھېلىقى چوكان مەيدانغا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئەبۇ سېيىتنى تارتىپتۇ.

ئەبۇ سېيىت «بۇ چىلىم» دېگەن ئويۇننى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمۇ ناخشا ـ قوشاققا ئۇستا ئىكەن، شۇڭلاشقا ئۇ تەمتىرىمەي ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ چوكان مەيداننى بىر چۆرگىلەپ گۈلنى سۇنۇپ ئەبۇ سېيىتكە بېرىپتۇ. ئەبۇ سېيىت گۈلنى ئېلىپ بىر چۆرگىلەپتۇ. بۇ چاغدا ئەبۇ سېيىتنىڭ شاگىرتى، يەنى مەھەللە ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى ئەمەت دايىم مەيدانغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ ـ دە، دەرھال ئەبۇ سېيىتنىڭ قولىدىكى گۈلنى ئېلىپ بېيىت تاشلاپتۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەبۇ سېيىت سورۇندىن قايتىپ چىقىپ، دەرھال جابدۇنۇپ يۇرتىغا قاراپ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئەبۇ سېيىت يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوۋچىلىقنى تاشلاپ، كورلىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدە بىر يىل تۇرۇپ، تېرىقچىلىققا كىرىشىپ، ئېتىغا ئورۇقلۇق بۇغدايىنى ئارتىپ ئۆگەن دەريا ۋادىسىغا يېتىپ كەپتۇ ـ دە، بىر ئەتىيازلىقى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بۇغدايىنى تېرىپ ئۇنىڭدىن مول ـ ھوسۇل ئاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەردىكى خەلقلەر تەكلىماكان ئىچىدىكى قۇم باسقان شەھەردىن ئايرىلغاندىن بۇيان نەچچە ئەۋلادتىن ئۈزۈلۈپ قالغان تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دېھقانچىلىق ئاساس، ئوۋچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ ھايات كەچۈرۈپتۇ. ئەبۇ سېيىت كېيىن كورلىدىن تاش ئەكېلىپ، بۇ يەردە تۈگمەن ماڭدۇرۇپ، تۈگمەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانىكەن.

چەت ـ ياقا جايلاردا يۈز بەرگەن كىچىككىنە ئىشلار، كىچىككىنە يېڭىلىقلارمۇ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ، شۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدۇ. بەزى ۋەقەلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا ھەتتا رىۋايەت تۈسىنى ئالىدۇ. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۇسۇلىدۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# ئىككى چۆچەك

توپلاپ رەتلىگۈچى: توختى ئوبۇلقاسىم

ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن...

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدىكەن، جاھان جان باقتى، چېقىمچى ـ سۇخەنچى، ئىككى يۈزلىمچى، ھىيلىگەر، ساختىپەزلەرنىڭ زامانىسىدىكەن. بىر يۇرتتا ئىنسابلىق، قانائەتچان، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان تەقۋادار بىر باي كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ باي بازارغا بارسىمۇ، ئېتىزلىقتىن ئۆيگە قايتسىمۇ، يەرگە سىنچىلاپ مېڭىپ، چېچىلىپ قالغان دانلارنى بىرمۇبىر تېرىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىكەن. بىر تال تېرىق چاغلىق نەرسىنىمۇ زايە قىلماي يىغىدىكەن.

ئۇنىڭ قوشنىلىرى ۋە يول بويىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەيران بولۇشۇپ، «توۋا!» دېيىشىپ، ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، بىر ـ بىرىگە كۆزلىرىنى قىسىشىپ، ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلىدىكەن ھەمدە ئۇنى «پىششىق»، «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان پىخسىق»، «ئولتۇرسا توپىنى كاپ قىلىپ قويىدۇ» دېيىشىدىكەن.

باشقا كىشىلەر ھەدەپ ئاشلىقنى ئىسراپ قىلىپ، يارىشىغا سېتىپ تاپقان پۇلىنى كەيپ ـ ساپا قىلىش، قىمار ئويناش بىلەن كۈن ئۆتكۈزسە، باي ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، تېجەشلىك بىلەن ناھايىتى تەرتىپلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

بىر يىلى ھۆل ـ يېغىن ناھايىتى كۆپ بوپتۇ. زىرائەتلەر راسا ئوخشاپتۇ. گىياھ ئۈنمەيدىغان يەرلەرمۇ يېشىللىققا پۈركىنىپتۇ. باي بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ مەدىكارلار بىلەن قاتتىق ئىشلەپ ھوسۇلنى ۋاقتىدا تولۇق يىغىۋاپتۇ.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە باي چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇنىڭغا: «ئەي باي، يىغقان ئاشلىقلىرىڭنى زايە قىلماي، سامان قوشۇپ ئېتىلگەن لايغا ئارىلاشتۇرۇپ تامغا چاپلا. ئاشقىنىنى ئورىغا سال. ئاز كۈندىن كېيىن قاتتىق قەھەتچىلىك بولۇپ، ئاچارچىلىق يۈز بېرىدۇ. شۇ چاغدا بۇ ئاشلىقلار ساڭا ئەسقاتىدۇ. ھەرگىز ئىسراپچىلىق قىلما. يېتىم ـ يېسىرلار، كەمبەغەللەرگە سېخىي بول» دەپ بېشارەت بېرىپتۇ. باي قارا تەرگە چۆمۈپ، چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ ھەمدە بېرىلگەن بېشارەت بويىچە، ئاشلىقلىرىنى لايغا ئارىلاشتۇرۇپ تاملارغا چاپلاپتۇ، ئاشقىنىنى ئورىغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ بىر ـ بىرىگە: «بۇ ئەخمەق نۇرغۇن ئاشلىقنى بىكاردىن ـ بىكار زايە قىلىۋەتتى. نەدىمۇ ئاشلىقنى لايغا قوشۇپ تامغا چاپلايدىغان ئىش بار؟! توۋا، بۇ پىخسىقنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى كۆرمەمدىـ

غان» دەپ ئۇنى راسا مازاق قىلىشىپ تارقىشىپتۇ.
باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بار
ئاشلىقلىرىنى يارىشىغا سېتىپ، پۇل - مال يە-
غىشقا كىرىشىپتۇ ھەمدە يىغقان پۇل ماللىرىنى
بولۇشىغا خەجلەپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، بوزۇپ -
چېچىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.
كۈن كۆلدۈرۈپ، ئاي ئالداپ، يىل يىغلىتىپ
ئۆتىۋېرىپتۇ. قەھەتچىلىك راستىلا يېتىپ كەپتۇ.
كەلگەندىمۇ قاتتىق كەپتۇ. كىشىلەر ئاچارچىلىق
دەستىدىن ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسە
بىلەن بايدىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ جان ساقلاپتۇ.
ئالتۇن - كۆمۈش ھېچنېمىگە دال بولماپتۇ. باينى
مازاق قىلغان بەزى كىشىلەر ھەتتا ئاچارچىلىقتىن
ئۆلۈپمۇ كېتىپتۇ. باي بولسا تام سۇۋالغان لايلارنى
سويۇپ، دانلارنى تازىلاپ ئېلىپ، ئاشلىقىدىن باش-
قىلارنىمۇ بەھرىلەندۈرۈپ، قەھەتچىلىك، ئاچارچى-
لىق يىللىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەينى
چاغدا ئاشلىقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن، پۇل - مالنى
بولۇشىغا بوزۇپ - چاچقان نوچىلار بىر تال تېرىق-
قا خار بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تەم-
تىرەپ يۈرىدىغان ھالغا قاپتۇ. باي بۇلارنىڭ ئىل-
گىرى قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئۆتكەنگە سالاۋات
دەپ، ئۇلارغىمۇ ھىممەت قولىنى سۇنۇپتۇ.
شۇ ئېغىر قەھەتچىلىك يىللىرىدا خەلقنىڭ بې-
شىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، باي ئۆزىنىڭ تېجەش-
چانلىقى، مەرد، سېخىيلىقى بىلەن يۇرتداشلىرىنىڭ
دەردىگە يېتىپتۇ، باشقىلارنى ئاچارچىلىقتىن
ساقلاپتۇ. ئۇنى كۆزگە ئىلمىغان كىشىلەر كېيىن
باينىڭ مەدىكارىغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
ئاشلىق قەدىرلىنىپ ئەزىزلىنىدىغان بوپتۇ. «ئارپا -
تېرىق ئاش ئىكەن، ئالتۇن - كۆمۈش تاش ئىكەن»
دېگەن ھېكمەتلىك سۆز شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك گۈش پىش-
شىقلاپ ئىشلەش توك ئىسكىلاتى ئاھالىلەر قورۇسىدا
ئولتۇرۇشلۇق تاجىنىساخان ھوشۇر)

## گۈل ئەۋرەزگە چۈشسە، ئەسلى گۈل...

ناھايىتى قەدىمكى زاماندا، گۈزەل، ھەيۋەتلىك
تەڭرىتېغىنىڭ باغرىدا، نامى ھەممە ياققا تارالغان،
قەدىمى يەر يۈزىنىڭ ھەممە جايىغا يەتكەن،
زالىملارنى ئادالەت تىغى بىلەن بويسۇندۇرغان،
بارچە يەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغان، تېگى ئې-
سىل، نام - نەسەبلىك كاتتا پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.
ئۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، ئەلگە ئاسايىشلىق
بېرىپتۇ. پۇقرالار قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن
ھالدا غەم - ئەندىشىسىز ياشايدىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ پادىشاھ ئوردا مۇلازىم-
لىرى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. شىكاردا ئوۋلىغۇ-
دەك تۈزۈك بىرەر ھايۋان ئۇچرىماپتۇ. پادىشاھ
ئەپسۇسلىنىپ قايتاي دەپ تۇرۇشىغا، خۇددى يەر-
دىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئالدىدا بىر كېيىك پەيدا
بوپتۇ. پادىشاھ كېيىكنىڭ تولىمۇ يېقىشلىقلىقىغا
ھەيران بولۇپ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي كەيند-
دىن قوغلاپتۇ. پادىشاھ قوغلا - قوغلا بىر چاغدا
چەت بىر مەھەللىگە بېرىپ قاپتۇ. مۇلازىم، نۆكەر-
لەر يىراقتا قاپتۇ. كېيىك تاملىرى ئۆرۈلۈپ قالاي
دېگەن بىر قورۇغا كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇ-
نىڭ ئارقىسىدىن قورۇغا كىرىپتۇ. تۇيۇقسىز بۇ-
لۇڭدىكى بىر ئۆيدىن ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلى-
غۇدەك بىر گۈزەل قىز چىقىپ كەپتۇ. پادىشاھقا
خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندا قۇياش پارلاپ چىققاندەك
بىلىنىپتۇ. قىزنىڭ كەينىدىن ھېلىقى كېيىكمۇ
چىقىپ كەپتۇ. ئەسلىدە بۇ كېيىك بۇ پەرى قىزنىڭ
ئۆگىتىلگەن كېيىكى ئىكەن. قىزنىڭ ئاتا - ئانى-
سى بەستلىك، سۈرلۈك پادىشاھنى كۆرۈپ، ئىككى
پۈكۈلۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ
ئاپتاپتەك ھۆسن - جامالىغا مەھلىيا بولۇپ، ئۆ-
زىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھنىڭ يۈرىكىگە
ئىشق ئوتى تۇتۇشۇپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ ئاتا - ئا-

نىسىغا سالام بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا كىرىش مەقسىتىنى بايان قىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا:

— شاھىم، بۇ، قىزىمىزنىڭ ئامراق كېپىكى ئىدى. كېپىككە نەزەرلىرى چۈشكەن بولسا، ھېلىغۇ بىر كېپىككەن، مىڭ كېپەك بولسىمۇ سىلىگە تەسەددۇق بولسۇن! — دەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، شاھنىڭ نۆكەر ـ مۇلازىملىرى يېتىپ كەپتۇ.

ئۇلار پادىشاھنى بۇ كونا قورۇدا كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ ئىسمىنى سورىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا نۇرغۇن سوۋغا ۋە خەير ـ ئېھسانلارنى قىلىپ، كېپىكنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

ھېلىقى قىزنىڭ سىماسى پادىشاھنىڭ خىيالىدىن زادىلا نېرى بولماپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ ئىشق پىراقىدا يۈرىكى ئوت بولۇپ كۆيۈپتۇ. پادىشاھ خاس مۇلازىملىرىنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. مۇلازىملار قىزنىڭ قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە جامائەتتىن قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ ھەمدە بۇ قىزنىڭ ساھىبجامال بولغىنى بىلەن تېگىنىڭ پەسلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ھەرەم ئاغىسى ۋە خاس مۇلازىملار بۇ قىزنىڭ پادىشاھقا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، يەنىلا خىل خىلى بىلەن بولغىنىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق پادىشاھ ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز كاتتا توي زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، قىزنى نىكاھىغا ئاپتۇ. قىز كونا، ۋەيرانە ئۆيىدىن ھەشەمەتلىك ئوردىغا كۆچۈرۈپ كېلىنىپتۇ. كېنىزەكلەر كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىدە بوپتۇ. قىز ئۆمرىدە يەپ باقمىغان ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى يەپ، ئۆمرىدە كىيىپ باقمىغان كىيىملەرنى كىيىپ، كاتتا ئىلتىپاتلارغا مۇشەررەپ بوپتۇ.

پادىشاھ بۇ ساھىبجامال خانىشىغا تويماي قارايدىكەن. ئۇنىڭدىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلمايدىكەن. پادىشاھ ھەمىشە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، بارا ـ بارا ئوردىغا كەم چىقىدىغان، ئەل ـ ئاۋامنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەل تىنچسىزلىنىشقا، قائىدە ـ قانۇنلار بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ.

ساھىبجامال قىز گەرچە ئاجايىپ چىرايلىق بولسىمۇ، ئەمما كىچىكىدىن نەزىرى پەس، ئاچ كۆز، چېقىمچى، قىزغانچۇق، سۇخەنچى، شەھۋەتخور بولۇپ يېتىلگەنىكەن. ئۇنىڭ قورسىقىدا گەپ ياتمايدىكەن، كۆرگەن ـ بىلگەنىنىڭ ھەممىسىنى ئەل ـ ئاۋامغا يېيىۋېتىدىكەن. ئۇ نامرات، تىلەمچى ئائىلىدە چوڭ بولغاچقا، تىلەمچىلىك قىلىشنى ھەرقانداق كەسىپتىن ئۈستۈن كۆرىدىكەن. ئوردا ھەرەمخانىسىدا يالغۇز قالغاندا، ئوردا تەكچىلىرىگە پارچە ـ پۇرات نانلارنى تىزىۋېلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. بۇ سەتچىلىك سېزىلىپ قېلىپ سىرتقا يېيىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كونا خۇيى يەنە قوزغىلىپ، كېچىسى شاھقا نازلىنىپ، ئەركىلەپ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋېلىپ، شاھتىن دۆلەتكە ئائىت چوڭ ئىشلارنى بىلىۋېلىپ، بىلىۋالغانلىرىنى قوشنا ئەلنىڭ خاس مۇلازىمىغا يەتكۈزىدىكەن، ئۇ شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ئىنئام، مۇكاپات ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى يۆلەپ باي قىلىۋېتىپتۇ. خانلىق قالايمىقانلىشىشقا، خارابلىششقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ مەخپىي كېڭەشلىرىنىڭ مەزمۇنى باشقىلارغا يېيىلىشقا باشلاپتۇ. ئوردىنىڭ خاس مۇلازىملىرى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يوشۇرۇن پېيىغا چۈشۈپ، ھەربىر ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ھەردكىتى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. شاھ ئېغىر غەپلەتتىن ئويغىنىپ، خانىشنى ئۆزى تەكشۈرمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، شاھ تۇيۇقسىزلا ئامراق خانىشىنىڭ ھۇجرىسىغا ئۈن ـ تىنسىز كىرىپتۇ. خانىش ئېسىل بېزەلگەن ھۇجرىسىدا بىر نەچچە ئويۇقتا ناشتىدىن ئاشقان، مۇلازىملاردىن قالغان پارچە ـ پۇرات نان، يېمەكلىكلەرنى

تىزنۇۋېلىپ: «ھەق دوست، شەيدۇللا، سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى يەر، سەدىقە قىلىڭلار!» دەپ ھەربىر ئويۇق ئالدىغا بىرىپ پارچە - پۇرات نانلارنى ئېتىكىگە سېلىپ تىلەپ چۆرگىلەپ يۈرگىدەك. خان كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە بىردىنلا غەزىپى تېشىپ:

— ھەي، زىتى پەس! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ خان ئوردىسى، نېمە دەپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. خانىش دىر - دىر تىترەپ تۇرۇپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئالىيلىرى، مەن تىلەمچىنىڭ بالىسى، تىلەمچىلىك قان - قېنىمغا سىڭىپ كېتىپتۇ. تىلىمىسەم كۆڭلۈم جايىغا چۈشمەيدىكەن. «قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقار» دېگەندەك ئۆزۈم ئۆزۈمدىن تىلەپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ يۈردۈم، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا، خاس مۇلازىم سەيياھ قىياپىتىدىكى بىر كىشىنى باغلاپ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ ئەسلى خانىش بىلەن يوشۇرۇن بۇزۇقچىلىق قىلىشقان، تىل بىرىكتۈرۈپ خاندانلىقنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلىغان، نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان جاسۇس ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ سىياسەت قىلىچى ئاستىدا بارلىق قىلمىشلىرىنى بىرمۇ بىر تاپشۇرۇپتۇ. خان قاتتىق غەزەپكە كېلىپ نۆكەر بېشىغا:

— يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىنى ئوردا ئالدىغا يىغىڭلار. بۇ ئىككىسىنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈپ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

پەرمان بەجا كەلتۈرۈلۈپ، ئىككىسىنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى جاكارلىنىپتۇ. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئىككىسى دارغا ئېسىلىپ، جەسىتى ئۈچ كېچە - كۈندۈز سازايى قىلىنىپتۇ.

خانلىق خىيىم - خەتەر ۋە بالا قازادىن ساقلىنىپ قاپتۇ. بۇ خاندانلىق يەنە قايتىدىن قۇدرەت تېپىشقا باشلاپتۇ. ئەل ئارىسىدا «گۈل ئەۋرەزگە چۈشسە، ئەسلى گۈل؛ قۇل شاھ تەختىگە چىقسا، ئەسلى قۇل» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن تارقىلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى خېشۇن گۈللۈكى قورۇسىدىن تۇرسۇن كېرەم)

(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىنو - فىلىم تارقىتىش، قويۇش شىركىتىدە)

توپلاپ رەتلىگۈچى: راجىھ ئابدۇرېشىت

# نۇئمان ۋە گۈلئەنبەر پەرى

(چۆچەك)

رىۋايەت بوستانلىقىدا كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن سىرلىق ۋەقەلەرنى يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ بىرسى شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇكى:

قەدىمكى زامانلاردا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى پايانسىز كەتكەن قويۇق ئورمانلىق ئىكەن. ئورمانلىقنىڭ بىر چېتىدە غوللىرىغا توققۇز ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك يوغان ئىككى تۈپ چىنار بار ئىكەن. ئاشۇ چىنار تۈۋىدىكى بۇلاق ئەتراپىدا ئاياز ئىسىملىك ئوتۇنچى خوتۇنى بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەنىكەن. ئاياز ھەر كۈنى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن قۇرۇپ قالغان شاخ ـ شۇمبىلارنى كەسلەپ، يېرىم كۈنلۈك يىراقتىكى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. ئايازنىڭ ئايالىمۇ چېۋەر ـ چاققان، ئەقىللىك بولۇپ، بارغا شۈكۈر قىلىپ، يوققا قانائەت قىلىپ، تىنچ ـ خاتىرجەم، خۇشال ـ خۇرام ياشايدىكەن.

بىر كۈنى ئايازنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئۇلار توي قىلىپ مۇساپىرچىلىق، يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، شۇنچە يىللاردىن كېيىن پەرزەنتلىك بولۇش بۇ ئەر ـ ئايالنى ئالەمچە خۇشال قىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاياز كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. كۈنلەر ئايلارغا ئۇلىشىپ، ئايالىنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى توشۇپ بەكمۇ چىرايلىق، بۇدرۇققىنا بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

ئاياز بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشال بولۇپ ، ئاللاغا يۈز مىڭ شۈكۈر ۋە مەدھىيەلەر ئوقۇپتۇ ۋە ئايالىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئوغلىغا «نۇئمان» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ نۇئمان ئۇسسۇزلۇقىغا ھەۋزى كەۋسەر ئىچكەندەك، ئوزۇقلۇقىغا يەتتە جەننەتنىڭ ئېسىل نېمەتلىرىنى يېگەندەك كۈندىن ـ كۈنگە ساغلام، ئىمەن چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. نۇئماننىڭ ئوماق قىلىقلىرى ئاتا ـ ئانىسىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرۈپتۇ. نۇئمان بىر ياشتىن ئاشقاندا، بىر كۈنى ئويناۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ئېسىقلىق تۇرغان راۋابنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۆمىلەپ بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا قوللىرى بىلەن كۆرسىتىپ يۈرۈپ، راۋابنى ئالغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئاياز راۋابنى ئېلىپ، ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى پاكىز سۈرتۈپ ئوغلىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. نۇئمان راۋابنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى يېقىپ، راۋابقا ئامراقلىقىنى ئىپادىلەپتۇ. ئاياز ئوغلىغا راۋابتىن ئاۋاز چىقىرىپ بەرمەكچى بولۇپ راۋابنى ئېلىپ تەڭشەپتۇ. بۇنىڭدىن نۇئماننىڭ دىلى تېخىمۇ شادلىنىپ كېتىپتۇ. ئاياز دىلنى سۆيۈندۈرىدىغان كۈيلەردىن بىرنەچچە پەدە چېلىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ راۋابنىڭ جۇشقۇن، سېھىرلىك ئاۋازى بۇ گۆدەك بالىنىڭ قەلبىگە سىڭىشكە باشلاپتۇ. ئۇ كېچىسى راۋابنى باغرىغا بېسىپ ئۇخلايدىكەن. كۆزىنى ئېچىپ بىرىنچى بولۇپ قارايدىغىنى راۋاب ئىكەن. ئاياز راۋاب چېلىپ

بەرسە، نوئمان ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ زەخمەك ئۇرۇشى ۋە راۋاب پەدىلىرىنى بېسىشىنى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ كۆزىتىدىكەن. نوئماننىڭ راۋابقا بولغان قىزىقىشى كۈنسېرى كۈچىيىپتۇ. نوئمان تۆت ياشقا كىرگەندە بىرنەچچە كۈينى تەمتىرىمەي چالىدىغان بوپتۇ.

ئايلارنىڭ كەينىدىن يىللار ئۆتۈپ، نوئمان يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئاياز ئوتۇن ساتقىلى شەھەرگە كىرسە، ئوتۇن ساتقان پۇلىغا تۈرلۈك كىتابلارنى ئېلىپ، نوئماننىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىدىغان بوپتۇ. نوئمان ئاتىسى ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنى ئوقۇپ، نۇجۇم ئىلمى، ھېكمەت ئىلمى قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى نوئماننىڭ كۆزى ئۆينىڭ تۆرىدىكى تەكچىدە تۇرغان كېسەك چوڭلۇقىدىكى كىتابقا ئوخشاش بىر نەرسىگە چۈشۈپتۇ. نوئمان بۇنى كۆرۈپ: «بۇ ئاتام مېنىڭ ئوقۇشۇم ئۈچۈن ئېلىپ چىققان يېڭى كىتاب ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ تەكچىدىن ئاپتۇ. نوئمان «كىتاب»نىڭ سىرتىغا ئوراپ قويغان ماتانى يېشىپ قارىسا، ئۇ كىتاب بولماستىن بىر كىچىك ساندۇق ئىكەن. ساندۇقنىڭ سىرتى ئوپمۇئوخشاش چوڭلۇقتىكى تۆت چاسا كاتەكچىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، كاتەكچىلەر ئاق ـ قارا رەڭدە بويالغانىكەن. ساندۇقنىڭ ئېغىزى ئىنچىكە بىر ئىلغۇچ بىلەن ئىلىپ قويۇلغانىكەن. نوئمان ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە باردۇ دەپ قىزىقىپ، ساندۇقنى ئېچىپتۇ. ساندۇقتا قاشتاشتىن نەپىس ياسالغان، چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئادەم ۋە ئاتنىڭ كىچىك ھەيكەللىرى بار ئىكەن. بۇلار ئاق ۋە قارا رەڭدە بولۇپ، ھەربىر رەڭدىكىسى ئون ئالتىدىن، جەمئىي ئوتتۇز ئىككى دانە ئىكەن. نوئمان ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى ساندۇقنىڭ سىرتىغا سىزىلغان ئاق ۋە قارا رەڭدىكى كاتەكچىلەرگە ھەر خىل شەكىلدە تىزىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ئاياز شەھەردىن قايتىپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ شاھماتقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئاياز ئاستا ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلگەن بولسىمۇ، نوئمان بۇنى پەقەت سەزمەپتۇ. ئاياز شاھماتقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۆتمۈشى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. بۇرۇنقى خورلۇق ـ ئاھانەت، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىدىن قوغلىنىشى، سەرسانلىق، موھتاجلىق ئازابلىرىنى ئويلىغانسېرى غەزەپتىن قەھرى تېشىپ قانداقلارچە ئوغلىنىڭ ئالدىدىكى شاھماتنى ئۇرۇپ ئۇچۇرۇۋەتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتۇ. شاھمات ئۇرۇقلىرى ئۆينىڭ ھەممە يەرلىرىگە چېچىلىپ كېتىپتۇ. شاھمات تاختىسى ئۇچۇپ بېرىپ، ئىشىكتىن كىرىۋاتقان ئايالىنىڭ قورسىقىغا تېگىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. نوئمان ئاتىسىنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ھازىرلا پۈتۈن ئۆي ـ بىساتقا ئوت قويۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئايازنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ئايالى:

— ھەي ئاتىسى، بۈگۈن ئورمانلىقتىن كەسكەن ئوتۇننى ئوبدان باھادا سېتىپ، خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كەلگەن ئەمەسمۇ، ئۆيگە كىرىپلا نېمە بولدى ئەمدى؟ — دەپتۇ.

ئاياز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— ماۋۇ بالاڭنىڭ قىلىپ ئولتۇرغان ئىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ بىز مۇشۇ شاھماتنىڭ كاساپىتىدىن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق؟ كىمنىڭ قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىمىزدىن قوغلىنىپ، يوقسۇللۇق ئازابىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئايازنىڭ خوتۇنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن:

— ھوي ئاتىسى! ئۇ تېخى گۆدەك بالىغۇ؟! بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىزغۇ؟! — دەپ چېچىلىپ كەتكەن شاھمات ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ ساندۇققا ساپتۇ. شۇ چاغدىلا ئاياز ئۆزىنىڭ ئاچچىقتىن ئەقلىنى يوقىتىپ، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، دىلىنى زېدە قىلغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بۇ چاغدا نوئماننىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئاياز ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چېكىپتۇ. بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىپتۇ.

شۇ كېچىسى ئاياز ئوغلىغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە سەۋە-
تىن بۇ باياۋاندىكى ئورمانلىقنىڭ بىر چېتىدىكى
خىلۋەت ماكاندا ھېچكىمگە ئارىلاشماي، يەككە ـ يې-
گانە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ:

بۇنىڭدىن ئون يەتتە ـ ئون سەككىز يىللار
ئىلگىرى مەن بۇ ئورمانلىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپى-
دىكى كاتتا بىر ئەلدە نۇرغۇن شەھەرنىڭ ئىگىسى
بولغان سەلتەنەتلىك بىر پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا
ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئەتىۋارلىق بىر ئوردا سەنئەتكارى
ئىدىم. ئاتام شۇ شەھەرنىڭ قازىسى بولۇپ، ناھايىتى
بىلىملىك، دانا، ئادالەتپەرۋەر، پېقىر ـ مىسكىن-
لەرگە كۆڭلى يېقىن كىشى ئىدى. ئۇ چېقىمچى،
پىتنە ـ پاسات تارقاتقۇچى، ھارامدىن قورقمايدىغان
كىشىلەرگە چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى ھەمدە
ئۇنداق كىشىلەرگە قىلچە رەھىم قىلمايتتى. ئۇ مې-
نى دەسلەپتە ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيەلىدى. كې-
يىنچە شەھەردىكى ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە
يەتكەن ئەڭ داڭلىق مۇدەررىسلەردىن بىلىم ئېلى-
شىم ئۈچۈن شەھەردىكى ئەڭ كاتتا مەدرىسەگە ئاپى-
رىپ بەردى. ئۇستازلىرىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن
ھەرخىل ماھارەتلەردە خېلى يېتىشىپ قالدىم. شاھ-
مات ئويناشتا پۈتۈن مەدرىسەدىكى تالىپلارنىڭ ئا-
رىسىدا ئەڭ ئۇستا ئىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي تەمبۇر،
غېجەك، ساتار، راۋاب قاتارلىق سازلارنىڭ قايسىسى-
نى قولۇمغا ئالسام ھەق ـ دادىغا يەتكۈزۈپ چالىدى-
غان بولدۇم. بۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى توي ـ مەش-
رەپ ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا سورۇن-
نىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولدۇم. داڭقىم
يىراقلارغا تارالدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن شاھ ئوردى-
سىدىكىلەر ۋە پادىشاھمۇ خەۋەر تاپقانىدى. پادىشاھ-
مۇ ساتار چېلىشقا ئۇستا ۋە كامالەتكە يەتكەن شاھ-
مات ئۇستىسى ئىكەن، ئۇ مېنى ئوردا سازەندىسى
قىلىپ تەكلىپ قىلدى. مەن ئوردىغا كىرگەندىن
كېيىن ئەقىل ـ پاراستىم ۋە تىرىشچانلىقىمغا تا-
يىنىپ، تۈرلۈك سازلارنى چېلىشتا ئوردىدىكى سا-
زەندىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشتۈم. پادىشاھ
ھەر يىلى ئات بەيگىسى، ساز چېلىش، چېلىشىش،
شاھمات مۇسابىقىسى قاتارلىق ھەرخىل مۇسابىقى-
لەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈتۈپ چىققان ماھىرلارنى
كاتتا تارتۇقلايدىكەن. ئوردىدىكىلەرنى بولسا، كىم-
نىڭ بويىغا يەتكەن چىرايلىق قىزى بولسا، شۇنىڭ
بىلەن تارتۇقلايدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىگە
دەرىجىسىگە قاراپ ئەمەل ـ مەنسەپ بېرىدىكەن.
شۇنداق بولغاچقا، يۇرتتىكى ھەممە پۇقرالار بۇ
مۇسابىقىگە ناھايىتى پۇختا تەييارلىق بىلەن قات-
نىشىدىكەن. مەنمۇ ئوردىغا كىرگەن تۇنجى يىلى
شاھمات مۇسابىقىسىگە قاتناشتىم ۋە ھەممىسىنى
يەڭدىم. پادىشاھ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ كېچە ـ كۈن-
دۈز توي قىلىپ، ئاپاڭنى ماڭا نىكاھلاپ بەردى.
سېنىڭ بوۋاڭ پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئىدى. شۇ قې-
تىمقى مۇسابىقىدىن كېيىن پادىشاھ مېنى شاھ
قەسرىگە چاقىرتىپ، ئۆزى بىلەن شاھمات ئوينى-
شىمنى تەلەپ قىلدى. ئەلۋەتتە مەن شاھنىڭ پەرما-
نىغا ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىشىم كېرەك
ئىدى. بىرنەچچە نۆۋەت شاھمات ئويناش بىلەن مەن
پادىشاھقا يېقىپ قالدىم ۋە نۇرغۇن ئىلتىپات،
ئىنئاملارغا ئېرىشتىم. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ
مېنى پات ـ پات شاھ قەسرىگە چاقىرتىپ شاھمات
ئوينايدىغان بولدى. پادىشاھتىن يېڭىلگەنلىكىم ئۈ-
چۈن تارتۇقلىنىپ تۇراتتىم. بۇنىڭ بىلەن سازەندە ـ
رەققاسلار ئىچىدە «پادىشاھنىڭ يېقىنى» دەپ ئىز-
زەت ـ ئابرۇيۇم يۇقىرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆي-
گە، ھەتتا ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگىمۇ سوۋغا ـ
سالاملار كېلىپ تۇراتتى. تۇرمۇشىمىز باياشات،
تۇققۇزىمىز تەل ئىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى،
پادىشاھ بىلەن شاھمات ئوينىشىمىز ئۈزۈلۈپ قال-
مىدى. پادىشاھ بارا ـ بارا ئۇزاق باش قاتۇرمىسا
يېڭىلىپ قېلىشقا قىل قالىدىغان بولۇپ قالدى.
لېكىن، پادىشاھ مېنى ئۇتۇۋالسا ناھايىتى خۇشال
بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، قەستەن سەۋەنلىك
ئۆتكۈزۈپ ھامان يېڭىلىپ بېرەتتىم. پادىشاھ ماڭا
يۇقىرى ئەمەل ـ مەنسەپلەر ۋەدە قىلاتتى. لېكىن،
مەن ئۆز ئىشىمدىن رازى ئىكەنلىكىمنى ۋە ئەمەل ـ

مەنسەپكە قىزىقمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ شاھنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلاتتىم.

بىر كۈنى ئادەت بويىچە پادىشاھ يەنە شاھمات ئويناشقا چاقىردى. شۇ كۈنى ئويۇنغا بەك بېرىلىپ كېتىپ، قارشى تەرىپىمدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئاشۇ چوڭ ئەلنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن. پەقەت شاھمات تاختىسى تۈيۈقسىز بېشىمغا تېگىپ، كەينىمگە دومىلاپ يىقىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېسىمگە كەلدىم. لېكىن، بۇ چاغدا تولىمۇ كېچىككەنىدىم. شۇ كۈنى ئۆزۈمنى بىلمەي پادىشاھنى ئارقىمۇئارقا يەتتە قېتىم مات قىپتىمەن. ئەمدى ئۆزۈمنى جاللات قىلىچىنىڭ ئاستىدا كۆرۈشتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شۇ چاغدا پادىشاھ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— بۇ شاھمات تاختىنى ئېلىپ دەرھال مەملىكىتىمدىن يوقال! ئەمدى سېنى ھەرگىز كۆزۈم كۆرمىسۇن! ئەگەر سايەڭنى كۆرۈپ قالساممۇ ئۆزۈڭنى جاللاتنىڭ قىلىچى ئاستىدا كۆرىسەن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

مەن جېنىمنىڭ ئامان قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ تۇرغىنىمدا شاھنىڭ نۆكەرلىرى كېلىپ مېنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمىز بىلەن يىغلاپ خوشلىشىپ، ئۇ شەھەردىن چىقىپ كەتتۇق. مانا ھازىر بۇنىڭغا ئون سەككىز يىل بولدى. يۇرتىمىزدىن، ئاتا - ئانىمىزدىن جۇدا قىلىپ، بېشىمىزغا بالا - قازا ياغدۇرغان، مۇساپىرلىق، موھتاجلىق دەردىنى سالغان شاھمات دەل مۇشۇ شۇ، — دەپ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى.

نۇئمان ئاتىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاھمات ئۇرۇقلىرىغا دىققەت بىلەن قاراپ:

— ئاتا، بۇ پەقەتلا شۇ جانسىز كىچىك ھەيكەللەرغۇ، پادىشاھ نېمىگە ئۇنچىلىك قىلىپ كېتىمدۇ؟ — دەپتۇ.

ئاياز ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئاچچىقىغا پايلىماي، ئوغلىنىڭ ئالدىدا نادانلىق قىلغانلىقىغا قاتتىق خىجىل بولۇپ:

— ئاھ، خۇدا، ماڭا مۇشۇنداق چېچەن ئوغۇل ئاتا قىلغانلىقىڭغا مىڭ شۈكۈر. ئەقلىڭگە بارىكاللا ئوغلۇم، — دەپتۇ. ئۆزىنىڭ ئوغلىچىلىك ئەقىل - پاراسەت ئىشلەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ. ئوغلىنى ئورۇنسىز رەنجىتكەنلىكىگە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپتۇ. ئاتىسىنىڭ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلغان نۇئمان:

— ئاتا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ شاھمات يەنە بىزگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، سىز بۇنى ئۆگىنىپ كامالەتكە يېتىپسىز، ئاللا رەھمىتى بىلەن پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى سىزگە ئېچىپ بېرىپتۇ، — دەپتۇ.

ئاياز ئوغلىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كىچىك بولسىمۇ ئەقىل - پاراسەتلىك، ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئوغلىدىن پەخىرلىنىپتۇ. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۆزىدە بار بولغان پۈتۈن قابىلىيەتنى ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپتۇ. ئەقىللىك نۇئمان ئاتىسى ئۆگەتكەن ھەرقانداق بىلىمنى پۇختا ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپتۇ. نۇئماننىڭ ساز چېلىش بىلەن شاھمات ئويناشتىكى ماھىرلىقى ئاتا - ئانىسىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپتۇ. ئاياز شۇ كۈنگىچە يىغىپ ساقلىغان ھەممە پۇللىرىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ، چىرايلىق بىر ئات ۋە بىر يۈرۈش جەڭ قوراللىرى سېتىۋېلىپ نۇئمانغا تەقدىم قىپتۇ. نۇئمان بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ نۇئمان چەۋەندازلىقنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوۋچىلىققا قىزىقىپ قاپتۇ. بۇ نۇئماننىڭ ئوقيا ئېتىشتا كامالەتكە يېتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ماھارەتتىمۇ كامالەتكە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇئمان ئاتىسىغا ئوتۇنچىلىق قىلماي ئوۋچىلىق قىلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. ئاياز بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتا - بالا ئىككىسى ئورمانلىققا بېرىپ ئوۋچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار موھتاجلىق ئازابىـ

دىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئىلگىرى ئولتۇرغان كەپىسىنى يېڭىلاپ ھويلا ـ ئارانلىق، ئازادە ئۆي سېلىۋاپتۇ. ئېغىل ـ قوتان ياساپ بوغا ـ مارال، كېيىكلەرنى قولغا ئۆگىتىپ بېقىشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇئمان ئادىتى بويىچە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ بىردەم ئارام ئالغاچ، ئورمانلىقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھوزۇر ئېلىپ، راۋابىنى پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن چاپتۇ. ئورماندىكى تۈرلۈك قۇشلار ۋە ھايۋانلار نۇئماننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىشقا باشلاپتۇ. شۇ قاتاردا سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلار ۋە ئاق قۇلارمۇ نۇئماننىڭ راۋابىنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا مۇزىكىغا جور بوپتۇ. ئاق قۇلار تولىمۇ جازىبىدار بولۇپ، تۇرقى مەغرۇر، پەيلىرى مەرمەردەك پارقىراق، قاشتاشتەك سۈزۈك ئىكەن. بىر چاغدا ئاق قۇلارنىڭ پىغانلىق ۋە ئېچىنىشلىق نالە قىلغان ئاۋازى نۇئماننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، راۋاب چېلىشنى توختىتىپتۇ. بۇ چاغدا تۇرنىلار بىلەن بىر بۆلەك قۇشلار ۋە نالە قىلىۋاتقان ئاق قۇلار ئۈركۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، بىر ئاق قۇ ئۇچالماي، ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئېچىنىشلىق نالە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئاق قۇ نۇئماننىڭ ئاتىسى قۇرغان قىلتاققا چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولسا پەس ئايلىنىپ ئۇچۇپ، ھەدەپ ئۆز ھەمراھىنى چاقىرىۋاتقۇدەك. نۇئمان بۇنى كۆرۈپ، دەرھال بېرىپ، ھېلىقى ئاق قۇنى قىلتاقتىن بوشىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئاق قۇ ئۇچۇپ كەتمەپتۇ. ئەكسىچە نۇئمانغا بىر خىل سۆيۈنۈش بىلەن قاراپتۇ ۋە بىرئازدىن كېيىن ئادەمگە ئوخشاش زۇۋانغا كېلىپ:

ـــ ئەي ئادەمزاتنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، سىز ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلەشكە سازاۋەر يىگىت ئىكەنسىز، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭ. ئۇزاققا بارمايلا بەخت ـ سائادەتلىك يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشىسىز، ـــ دەپتۇ.

نۇئمان ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە بىر پەس قاراپ تۇرۇپ، ئېسىنى يىغقاندىن كېيىن:

ـــ سىزگە قانداق ئىشىنىمەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. ئاق قۇ مۇلايىملىق بىلەن:

ـــ سول پۇتۇمغا بىر دانە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك سېلىنغان، بۇ ئۈزۈك مېنىڭ سۆزۈمنىڭ راست ۋە چىنلىقىغا گۇۋاھ بولسۇن. بۇ خاسىيەتلىك ئۈزۈك، بۇنى ھەر ۋاقىت يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ، ـــ دەپ ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكنى پۇتىدىن چىقىرىپ نۇئمانغا بېرىپتۇ.

نۇئمان ئاق قۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە نازاكەتنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئاق قۇنىڭ كەينىدىن ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار خېلى ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن، ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن ئورالغان، ئەتراپىدا رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان چوڭ بىر كۆلنى كۆرۈپتۇ. كۆلنىڭ سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولغاچقا، شۇنچە چوڭقۇر بولسىمۇ تېگىدىكى مەرمەرلەر، كۆلدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن رەڭمۇرەڭ بېلىقلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلار بىردەم ھاردۇقىنى چىقىرىپ يەنە مېڭىپتۇ. يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، چەكسىز كەتكەن بىر چىمەنلىككە چىقىپ قاپتۇ. نۇئمان چىمەنلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپىنى شەمشاد، ئارچا دەرەخلىرى، مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان ئاجايىپ چىرايلىق، ھەشەمەتلىك بىر سارايىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سارايىنىڭ دەرۋازىسى كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، كۈن نۇرىدا ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. نۇئمان سارايغا كىرىشنى ياكى قايتىپ كېتىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا، سارايدىن ھۆسن ـ جامالى ئاينى خىجىل قىلىدىغان، چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئۈچ قىز قوللىرىدا ئالتۇن شامدانلارنى كۆتۈرۈپ ساراي دەرۋازىسىدىن چىقىپتۇ. بۇ قىزلار نۇئماننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەدەپ بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال

قىلىدىغان خۇشخۇي، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن:

— خۇش كەپسىز، بەرنا يىگىت. قېنى ئۆز قەسرىڭىزگە مۇبارەك قەدىمىڭىز بىلەن مەرھەمەت قىلغايسىز، — دەپ نۇئماننى سارايغا تەكلىپ قىپتۇ. قىزلارنىڭ گۈزەللىكى، لاتاپىتى نۇئماننىڭ ئەقلىنى لال قىپتۇ. نۇئمان قىزلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا سارايىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپتۇ. ساراي ئاجايىپ چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، ھەممە ھۇجرىلارغا ئېسىل نۇسخىلىق قىممەت باھالىق گىلەملەر سېلىنغان، ئالتۇن شامدانلار قويۇلغان بولۇپ، شامدانلارغا يېقىلغان شاملاردىن ئىپار - ئەنبەر تاراپ تۇرىدىكەن. قىزلار نۇئماننى ئەڭ كاتتا قەسىرگە باشلاپ كىرىپ، ئالتۇن تەختكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇشىغا، ئىككى يېنىدا ئىككى پەرى نۇئمان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. نۇئمان قولىدىكى ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكنى بىر سىلىغانىكەن، قەسىرنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر ھۇجرىدىن نۇرغۇن قىزلار چىقىپ بەزمە باشلاپتۇ. نۇئمان ئۇلار چالغان يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەن. نۇئمان يېنىدا ئولتۇرغان ئاي يۈزلۈك، سەرۋى قامەتلىك دىلبەرلەر قۇيغان ئىپار ھىدلىق شارابلارنى ئىچىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى نۇئمان ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ ياسىداق بىر ھۇجرىدا ئېسىل سېلىنچىلار ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كارىۋاتنىڭ بېشىدا ئاتىسى بىلەن ئاپىسى قاراپ تۇرغانىكەن. نۇئماننىڭ ئاپىسى:

— بالام، ئەتىگەن ئويغانساق مۇشۇ ھۇجرىدا يېتىپتىمىز، بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

نۇئمان بولغان ئىشلارنىڭ بىرسىنى قالدۇرماي ئاتا - ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار شۇ قەسىرنى ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن غەم تاغلىرى كۆتۈرۈلۈپ، خاتىرجەم، غەمسىز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرسا، سارايىنىڭ ئىچى پاك - پاكىز تازىلىنىپ، مەززىلىك ئىسسىق تائاملار تەييار بولۇپ تۇرىدىكەن. ئۇلار تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى چىمەنلىكلەرنى، باغلارنى تاماشا قىلغاچ كۆل بويىغا بارىدىكەن. كۆلدە ئاق قۇلار، تۇرنىلار، ئۆردەك، غازلار ئەركىن - ئازادە ئۈزۈپ تاماشا قىلىدىكەن. بەزى كۈنلىرى نۇئمان كۆل بويىغا كېلىپ راۋاب چالىدىكەن. بۇ چاغدا كۆلدىكى ھەممە قۇشلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاڭلايدىكەن. ئۇ چالغان مۇزىكىدىن بىر خىل ئىنتىزارلىق، سېغىنىش، مۇھەببەت ئاشكارىلىنىپ تۇرىدىكەن. بەزى كۈنلىرى ئاتا - بالا شاھمات ئويناپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىكەن. نۇئماننىڭ شاھمات ئويناشتىكى ماھارىتىمۇ كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئاتىسى ئۇنى پەقەت يېڭەلمەيدىكەن.

نۇئمان ئون يەتتە ياشقا قەدەم قويۇپ، بورۇتى خەت تارتىشقا باشلاپتۇ. ئاتا - ئانىسى نۇئماندىكى بەزى ئۆزگىرىشلەردىن ئوغلىنىڭ بالاغەتكە يېتىپ، ئىشق - مۇھەببەت بالاسىغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇ كۈنلەردە نۇئماننىڭ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدە، ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ كۈنگە ئېرىشىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئىستىكى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ ئىستەك كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، گېلىدىن تائام ئۆتمەيدىغان، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. تېنى ئاجىزلاپ، چىرايى سارغىيىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئاياز ئايالىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ نۇئماننىڭ قولىدىكى قىممەت باھالىق ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكتە قانداق سىرلار بارلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئوغلى چالغان كۈيلەردىن ئىشق - مۇھەببەت سادالىرىنىڭ ياڭراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، زادى كىملەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى بارلىقىنى، بۇنى ئېنىقلاشقا ئايازنىڭ رۇخسەت قىلىشىنى سوراپتۇ. ئاياز ئايالىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماپتۇ - يۇ، ئەمما كۆڭلىدە ئەندىشە پەيدا بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئايالى ھەر كېچىسى بىر پىنھان جايغا يوشۇرۇنۇپ، ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ، بىراق ھەر قېتىم تاڭ ئاتاي دېگەندە، شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ئۆز

ئىلكىگە ئېلىپ، خۇددى بىرسى بۆشۈكتە ئەللەيلىگەندەك ئۇخلاپ قالىدىكەن. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ بولىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى «بۈگۈن كېچە چوقۇم ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزىمەن» دەپ كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى تىك تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇخلاپ قالىدىكەن. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى مەھكەم ئېتىپ، شامال كىرەلمەيدىغان قىلىۋەتسىمۇ، ئۆيلەر يەنىلا پاكىز تازىلىنىپ، ھەممە نەرسە سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ، ئېسىل نازۇنېمەتلەر تۈرى بويىچە تەييارلىنىپ قالىدىكەن. ئۇ قانداق قىلسىمۇ بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ، نىيىتىدىن پەقەت يانماپتۇ. ئۇ ئاخىر بىر كۈنى سۇبھى ۋاقتىدا ئۆز ئارزۇسىغا يېتىپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ بىر كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپتۇ، تاڭ ئاتاي دېگەندە مەھكەم تاقالغان دېرىزىلەر ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ ـ دە، دېرىزىدىن بىر توپ ئاق قۇ ئۇچۇپ كىرىپتۇ. ئۇلار پەيلىك تونلىرىنى سېلىۋېتىپ، بىر ـ بىردىن چىرايلىق بەرنا قىزلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈچ قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئايال بۇنى كۆرۈپ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئاق قۇلارنىڭ قاچان چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ. پەقەت كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىلا ئاندىن ئېسىگە كېلىپ، كېچە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە نۇئماننىڭ ئاپىسى بولغان ئىشلارنى، كۆرگەنلىرىنى ئايازغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاياز ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى، ئوغلىمىز شۇ پەرىلەردىن بىرسىگە ئاشىق بولغان ئوخشايدۇ، ئۇ پەرىمۇ ئوغلىمىزغا ئاشىق بولسا كېرەك، شۇڭا ئاققۇ سۈرىتىدە كېلىپ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىۋېتىپتۇ، ئەمدى بىز قاراپ تۇرماي، ئۇ قىزنى تۇتۇۋېلىپ ئوغلىمىزغا نىكاھلاپ قويايلى، دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ ھەم بۇنى نۇئمانغا ئېيتىپتۇ. نۇئمانمۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رايىغا بېقىپتۇ. شۇ كېچىسى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. تاڭ ئاتاي دېگەندە ھېلىقى پەرىلەر كېلىپ قول ـ قولىغا تەگمەي ساراي ئىچىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا، نۇئماننىڭ ئاپىسى ئۇلارنىڭ ئاق قۇ پەيلىك تونلىرىنى قولىغا چۈشۈرۈپ ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈشكە تەمشىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا غايىبتىن بىر سادا ئاڭلىنىپتۇ:

— ئەي ئانا ! بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ ! بىز شەرم ـ ھايالىق، ئەپپەتلىك ھەم ۋاپادار قىزلارمىز، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئالدىغا يالىڭاچ قايتىپ بېرىشنى ھاقارەت دەپ بىلىمىز. ئارزۇلۇق سىڭلىمىز ئادەمزات نەسلىدىن ئاپىرىدە بولغان سازەندە نۇئماننى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، قەستەن قىلتاققا چۈشۈپ ئوغلىڭىزغا ئۆز كۆڭلىنى تەقدىم قىلدى. شۇ سەۋەبلىك خىزمىتىڭلاردا بولۇۋاتىدۇ. ھەممە ئىشنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىتنى كۈتەلىسەڭلار ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى ۋىسال تاپىدۇ...

نۇئماننىڭ ئاپىسىنىڭ ئاڭلاۋېرىشقا تاقىتى قالماي ئاق قۇ پەيلىك تونىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. شۇ ھامان ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يەر ـ جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئاپىسى قورققىنىدىن قىلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ يىغلاپتۇ. خېلىدىن كېيىن كۈن ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئورمانلىق ئىچىدە كۆرۈپتۇ. قارىسا، ئەتراپتا ھېلىقى سارايىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قىيىن كۈنلىرى يەنە باشلىنىپتۇ. نامراتلىق ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق، موھتاجلىق ئۇلارنى قىيناشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھلىرىغا تووۋا قىپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇئماننىڭ كۆڭلىدە تۇيۇقسىز ئۇۋ قىلىش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ تاشلاپ قويغىنىغا خېلى زامانلار بولغان ئوقيا، ساداقلىرىنى ئېلىپ نىشانسىزلا يولغا چىقىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ بىر بۇلاقنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇسسىغانلىقىنى، ھارغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ، ئاندىن

بىردەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ-
تۇ. ئۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.
چۈشىدە ئاپپاق ساقال، نۇرانە چىراي بىر بوۋاي
نۇئمانغا:

«ئەي بالام، تېز ئورنۇڭدىن تۇر. ئالدىڭغا قاراپ
مېڭىپ، بەشىنچى بۇلاق بېشىدا توختىغىن. ئۇ يەردە
كۆرۈمسىز ئورۇق بىر ئاتنى كۆرىسەن، ئۇنى يېتى-
لەپ يەتتىنچى بۇلاق بويىغا ئېلىپ بېرىپ سۇغى-
رىپ، ھەركۈنى بىر قېتىم شۇ بۇلاق سۈيىدە يۇغىن.
قىرىق كۈندىن كېيىن جاسارەت كەمىرىنى بېلىڭگە
باغلاپ، مۇشكۇلات داۋانلىرىنى غەيرەت كەتمىنى بى-
لەن چېپىپ، سەپەرگە يول ئالغىن. ئاي بىلەن كۈن
سەپەر جەريانىدا ساڭا ھەمراھ بولغاي. ئون ئىككى
يىل توققۇز ئايدىن كېيىن تىلىكىڭ ئىجابەت بو-
لۇپ، مۇراد ـ مەقسىتىڭ ھاسىل بولغاي. سەپەرگە
يول ئېلىشتىن ئىلگىرى قولۇڭدىكى ئۈزۈكنىڭ
كۆزىنى باسقىن. ئاندىن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى
ئېلىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ يولغا چىققىن. يولۇڭ
ئوچۇق، سەپىرىڭ خەيرلىك بولسۇن» دەپ دۇئا قى-
لىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

نۇئمان ئويغىنىپ، كۆرگەن چۈشىنى قايتا
بىر قېتىم ئەسلەپ چىقىپ، بۇنىڭ بىر بېشارەت
ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە چۈشىدىكى بوۋاينىڭ
ئېيتقىنى بويىچە مېڭىپتۇ. ئۇ بەشىنچى بۇلاقنىڭ
بېشىغا بارغاندا بۇلاق بېشىدا چۈشىدىكى بوۋاي
تەسۋىرلىگەندىنمۇ بەتتەر، ئۇستىبېشىنى جاراھەت
بېسىپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان
بىر ئاتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئات نۇئماننى
كۆرۈپ كىشنىمەكچى بوپتۇ، لېكىن بېشىنىمۇ كۆ-
تۈرەلمەپتۇ. نۇئمان بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ
ئاتنىڭ بوينىدىن باغلاپتۇ، ئاندىن ئاتنى يېتىلەپ
داۋاملىق مېڭىپتۇ ۋە تولىمۇ تەستە يەتتىنچى
بۇلاققا يېتىپ كەپتۇ. نۇئمان ئاتنى يېتىلەپ بۇلاق
بويىغا ئەكەپتۇ، ئات بۇلاق سۈيىنى قانغۇچە ئى-
چىپتۇ. نۇئمان ئاتنى كۆكۈل قويۇپ يۇيۇشقا
باشلاپتۇ، ئاندىن قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاتا ـ ئانىسى-
نىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ نۇئمان ھەر كۈنى ئاتنى
يەتتىنچى بۇلاق بويىغا ئېلىپ بېرىپ سۇغىرىپ، يۇ-
يۇشنى داۋام قىپتۇ. ئۇ ئات كۈندىن ـ كۈنگە ئەت
ئېلىپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، تۈكلىرى پار-
قىراپ، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق
بولۇپ كېتىپتۇ. كېيىن بەدىنىدىكى جاراھەتلەرمۇ
تامامەن ساقىيىپ، چىلان رەڭدىكى بىر دۇلدۇلغا
ئايلىنىپتۇ. ئاتنىڭ پېشانىسىدىكى خۇددى قانىتىنى
كېرىپ ئۇچۇۋاتقان لاچىنغا ئوخشايدىغان ئاق قاش-
قىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ، نۇر چاقناپ تۇرى-
دىكەن. بۇ جەرياندا ئات نۇئمانغا شۇنداق ئۈگىنىپ
كېتىپتۇكى، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدى-
كەن.

دەل قىرىق كۈن بولغاندا، نۇئمان ئاتا ـ ئانى-
سىغا ئەتە ئۆزىنىڭ يىراق سەپەرگە چىقىدىغانلىقى-
نى ئېيتىپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن رازىلىق سوراپتۇ.
ئاتا ـ ئانىسى نۇئمانغا رۇخسەت قىلىپ رازىلىق
بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى سۆز-
لىشىپ، تاڭ ئاتاي دېگەندە ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر
چاغدا نۇئمان ئويغىنىپ ئەتراپقا قارىسا، كۆز ئال-
دىدا ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆركەم بىر ساراي نامايان
بوپتۇ . ئۇ دەرھال ئاتا ـ ئانىسىنى ئويغىتىپ،
سارايغا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. سارايىنىڭ بىر
تەرىپىدە تۆت ئات باغلاقلىق ئىكەن. ئاتلارنىڭ ئال-
دىدىكى ئوقۇرغا ئارپا قويۇلغان بولۇپ، ئاتلار ئارپى-
نى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقانىكەن. ئاتلارنىڭ يېنىدى-
كى بىر ئىلغۇچقا كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ئېگەر ـ
توقۇم، يۈگەن ـ نوختىلار ئېسىقلىق ئىكەن. ئۇلار
كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپتۇ.

نۇئمان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ
خوشلىشىپتۇ. ئاياز ئۇزاقتىن بېرى ساقلاپ كې-
لىۋاتقان ئوقيا بىلەن لىقمۇلىق ئوق قاچىلانغان
ساداق ھەم ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر شەمشىرىنى ئوغلىغا
يوللۇق تۇتۇپتۇ. نۇئمان سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئاتا ـ
ئانىسى ئۇنى ئۇزىتىپ، ساق ـ سالامەت قايتىپ كې-
لىشىنى ئاللادىن تىلەپ شۇ سارايدا قاپتۇ...

نۇئمان كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ-

تۇ. ئېگىز داۋانلاردىن، قارلىق تاغلاردىن ئېشىپتۇ. كۆز يەتكۈسىز چۆل - جەزىرە، قۇملۇقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، سازلىق - دەريالارنى، چوڭقۇر ھاڭلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ يولىنى داۋام قىپتۇ. ئۇ ئالتە ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن، ناھايىتى چوڭ ۋە ئاۋات بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. نۇئمان شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ بايرام شادلىقىغا چۆمگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شەھەر رەستىلىرى پاك - پاكىز بولۇپ، سودا - سېتىق قىزىپ كەتكەنىكەن. نۇئمان سەپەر ئۈستىدە ئوۋلىغان ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن قىممەت باھالىق تېرىلەرنى، بۇغا مۈڭگۈزلىرىنى سېتىپ نۇرغۇن تىللاغا ئېرىشىپتۇ. ئۇ شەھەرنى ئارىلاپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. نۇئمان سارايۋەنگە دۇلدۇلنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى ھاممامغا بېرىپ پاكىز يۇيۇنۇپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ شەھەر رەستىلىرىنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.

ئەسلىي بۇ شەھەردە ھەر خىل مۇسابىقىلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتقانىكەن، كىمكى ھەممە مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقسا، پادىشاھ شاھجاھان ئىسىملىك ئايدەك گۈزەل، ئەقىللىك، ئەتىۋارلىق بىر تال قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، تەخت ۋارىسى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنىكەن.

نۇئمان پادىشاھنىڭ پەرمانىدىن خەۋەر تېپىپ، پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. ئوردىدىكىلەر ئۇنىڭ قاملاشقان تەق - تۇرقىنى كۆرۈپ، بەزىلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلسا، يەنە بەزىلىرى ھەسەت قىلىشىپتۇ. پادىشاھ ياشىنىپ قالغان بولۇپ، ئاشۇ قىزىدىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىكەن. پادىشاھ ئەقىللىك، تەدبىرلىك بولغاچقا، ئۆز سەلتەنەتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەممە جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن تەخت ۋارىسىنى تېپىشنى نىيەت قىلغانىكەن. پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ ۋە قىزىمۇ شاھمات ئويناشقا ئۇستا بولۇپ، غەلىبە قىلغۇچى مۇسابىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا پادىشاھ ۋە مەلىكە بىلەن شاھمات مۇسابىقىسىگە چۈشىدىكەن.

مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. بىرىنچى تۇر ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى ئىكەن. نۇئمان پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ، ئوڭ مۈرىسىگە ئوقيا، سول مۈرىسىگە راۋاب ئېسىپ، چىلان تورۇقىنى مىنگىنىچە مۇسابىقە مەيدانىغا كىرىپتۇ. مەيداندىكى پۈتۈن يۇرت ئەھلى نۇئماننىڭ سالاپىتىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. نۇئمان ئاتتىن چۈشۈپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئېتىنى چاپتۇرغانچە پۈتۈن مەيداننى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يۈز قەدەم نېرىغا ئېسىلغان يەتتە تال ياڭاقنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپتۇ. ھازىرغىچە نۇرغۇن مەرگەن يىگىتلەرمۇ ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرەلمىگەنىكەن. پادىشاھ، مەلىكە شاھجاھان ۋە ۋەزىرلەر ھەيرانلىقتىن ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. مۇسابىقە مەيدانىدىكى بارلىق خالايىق دەۋرەپ كېتىپتۇ.

نۇئمان يەنە پادىشاھ ئولتۇرغان راۋاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. مەلىكە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ نۇئمانغا ئېسىل تون ھەدىيە قىپتۇ. نۇئمان قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، پادىشاھقا ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مەيداندىكى ھەممە ئادەم نۇئماننىڭ كەينىدىن قاراپلا قاپتۇ.

نۇئمان بارلىق مۇسابىقە تۈرلىرىدە غەلىبە قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا، يەنى شاھ ۋە مەلىكە بىلەن شاھمات ئويناش باسقۇچىغا كەپتۇ. ئۇ كۈنى ئۇ ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىدە پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئېسىل تونى كىيىپ، پېشانىسىدە لاچىن سۈرەتلىك قاشقىسى بار دۇلدۇلنى مىنىپ، شاھ ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. نۇئمان ئوردا دەرۋازىسىغا كەلگەندە، ياساۋۇللار، مۇلازىملار ھۆرمەتتە تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئاپتۇ ۋە پادىشاھقا دەرھال خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن بىللە ئوردا دەرۋازىسىغا چىقىپ نۇئماننى قارشى ئاپتۇ. نۇئمان پادىشاھ ئوردىسىنى تاماشا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ خاس شاھماتخانىسىغا كىرىپتۇ. شاھماتخانا شۇنداق ئېسىل بېزەلگەن بولۇپ، يەرگە ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان، ئىشىك - دېرىزىلەرگە ئېسىل تاۋار، يىپەكلەردە تىكىلگەن پەردە تارتىلغانىكەن. شاھمات-

خانىنىڭ تاملىرىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەنىكەن. شاھماتخانىنىڭ تۆرىدىكى شاھانە ئورۇندا پادشاھ، پادشاھنىڭ ئوڭ يېنىدا مەلىكە شاھجاھان گۈل ھۆسنىدىن نۇر چاچقىنىچە ئولتۇرغانىكەن. نۇئمان پادشاھ بىلەن مەلىكە شاھجاھانغا سالام بېرىپ، پادشاھ كۆرسەتكەن ئورۇندا ئولتۇرۇپتۇ.

مۇلازىملار تەييارلىقنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۈرۈقلىرى پىل چىشىدىن نەپىس، چىرايلىق ياسالغان بىر شاھماتنى ئېلىپ چىقىپتۇ. مۇسابىقە باشلىنىش بىلەنلا مەلىكە شاھجاھان ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. نۇئمان ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ گۈزەل دىلبەرنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، قەستەن ئۈرۈقنى خاتا يۆتكەپ بىرىنچى مەيدان مۇسابىقىدە يېڭىلىپ بېرىپتۇ. ھەممەيلەن مەلىكە شاھجاھاننىڭ بۇ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىپتۇ. لېكىن، مەلىكە شاھجاھان باشقىلاردەك خۇشال بولماپتۇ. چۈنكى، نۇئماننىڭ شاھماتنى قانداق ئوينىغانلىقى مەلىكە شاھجاھانغا ئايان ئىكەن.

ئىككىنچى، ئۈچىنچى مۇسابىقىلەردە نۇئمان قىلچە رەھىم قىلماي ئويناپتۇ، مەلىكە شاھجاھان ھازىرغىچە ھېچكىمگە يېڭىلىپ باقمىغانىكەن، لېكىن بۇ قېتىم ھەر قانچە تىرىشقان بولسىمۇ ئامالسىز مەغلۇپ بوپتۇ. قىز كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، نۇئمانغا:

— مەن مەغلۇپ بولغانلىقىمغا ئىقرارمەن، — دەپتۇ ۋە شاھ ئاتىسىغا قاراپ، — شاھ ئاتا، نىكاھ كۈنىنى بەلگىلەپ، بىزگە دۇئا بېرىڭ، مەن بىر ئۆمۈر بۇ يىگىتنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتۈشكە رازى، — دەپتۇ.

پادشاھ رازىلىق بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئوردىدا توي تەييارلىقى باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، خاسىيەتلىك بىر كۈنى تاللاپ پۈتۈن يۇرتنى چىللاپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، نۇئمان بىلەن مەلىكە شاھجاھاننىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئىككى ياش بىر ياستۇققا باش قويۇپ ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈپتۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا نۇئماننىڭ رەڭگىرويى سارغىيىپ، جىمغۇرلىشىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن جىمغۇرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. نۇئمان ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بىللە پادشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، نۇئماننىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراپتۇ. پادشاھ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى مۇشۇ شەھەرگە ئەكىلىۋېلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. نۇئمان ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ.

پادشاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە نۇئمان بەلگىلەنگەن ۋەزىر ۋە لەشكەرلەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ. ئاياز ئەر - خوتۇن نۇئمان بىلەن خۇشاللىق ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ، چىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. نۇئمان ئۇلارغا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئوغلىنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولۇپ:

— ئوغلۇم، ئۆز تىرىشچانلىقىڭ ۋە قەيسەرلىكىڭ بىلەن ئۆز بەختىڭنى يارىتىپسەن، بارىكاللا، — دەپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ.

نۇئمان ئەتىسى ئاتا - ئانىسىنى ئېلىپ ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. پادشاھ قۇدىلىرىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە ئەلگە كاتتا زىياپەت تەييارلاپ قايتىدىن توي بېرىپتۇ. نۇئماننىڭ ئاپىسى كېلىنى مەلىكە شاھجاھان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پادشاھ ئۇلارغا ئوردىدىكى ئايرىم بىر قەسىرنى ئاجرىتىپ، چىرايلىق ياساتقۇزۇپ، ئۇلارنى جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەممە نەرسىسىنى تەل قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار چوڭ بىر ئائىلىگە ئايلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: توختى مۇخپۇل، توپلاپ رەتلىگۈچى تۇرپان ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

# جام ۋە لالەرەخ

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

ئۆتكەن زاماندا پادىشاھ ئەۋلادىدىن جام ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئەمما ئۇ بىر كۈنلەردە تاجۇ تەختىدىن ئايرىلىپ، نەۋكەرلىككە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ياشايدىغان شەھەرگە مىرزىبان ئىسىملىك بىر كىشى بەگ ئىكەن، جام مىرزىباننىڭ خىزمىتىدە ئىكەن. مىرزىباننىڭ لالەرەخ ئىسىملىك بىر قىزى بار بولۇپ، ھۆسنى جامالدا تەڭداشسىز ئىكەن.

بىر كۈنى جام بازار رەستىدە ئولتۇرسا، بىر مۇنچە خىزمەتكارلار بىر ئالتۇن مەپىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. جام مىرزىباننىڭ قىزى كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشىغا، شامال چىقىپ مەپىنىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلۈپتۇ. جامنىڭ نەزىرى لالەرەخكە چۈشۈپتۇ - دە، شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، بېشىدا نۇرغۇن كىشىلەر تۇرۇپتۇ. ئەمما لالەرەخ كۆرۈنمەپتۇ. جام ھېچكىمگە قارىماي لالەرەخنىڭ ئارقىسىدىن قەسرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاشىقانە نالە قىپتۇ:

پىراقىڭ ئىشقىدا قىينالدى بۇ جان،
نە ئۈچۈن بولسەن كۆزلەردىن پىنھان.
مەن سېنى كۆرگەندىن باشلاپ كۆزۈمدىن
ياشلىرىم ئورنىغا تىنماي ئاقتى قان.
زالىملىق قىلماستىن كۆرسەت يۈزۈڭنى،
بىلەمسەن چۈشكەننى بالايى ھىجران.

بۇ ۋەقە كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلاپتۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندە بۇ گەپلەر مىرزىباننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مىرزىبان كۆڭلىدە «جامنى بىر تەرەپ قىلمىسام، سۆز - چۆچەكتىن خالاس بولالمايدىكەنمەن» دەپ ئويلاپ، قول ئاستىدىكىلەردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

— بېگىم، سىزگە مەلۇمكى، جام پادىشاھ ئەۋلادىدىن، ئەگەر ياخشىلىق قىلىپ كۆيۈئوغۇللۇققا سازاۋەر قىلسىڭىز مۇۋاپىق بولارمىكىن، — دېيىشىپتۇ.

مىرزىبان بەگ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، لالەرەخنى جامغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. جام مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپتۇ.

قوشنا ئەلدە يەنە بىر چوڭ بەگ بار بولۇپ، ئىسمى قاۋۇل ئىكەن. ئۇ لەشكەر، سىپاھىنىڭ كۆپلىكى ۋە خەزىنىسىنىڭ جىقلىقىدىن ئەتراپتىكى بەگلەرنى كۆزىگە ئىلمايدىكەن. ئۇنىڭ سەرۋىناز ئىسىملىك بىر كېنىزىكى بار بولۇپ، ھۆسن ۋە لاتاپەتتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بەگ ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ئەسىر بولۇپ، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ سۆھبىتىدە كۆڭۈل قۇشىنى پەرۋاز قىلدۇرىدىكەن.

بولمىسا ئول بۇت قېشى مىھراب ئىچىدە جىلۋە ساز،
قىلۋىگە كۇفرى بېشىنى ئەگدۈرۈپ قىلسام ناماز.
قان يېشىمدىن لەئلىدەك كىرپىك بىلەن ئېيتۇر كۆزۈم،

ئارزۇيۇڭ كۆرگۈچىسى ئېلىمدى يۈز تىل بىرلە راز.
قەددى ۋەسلىڭ ئىزدىسەم رەنالىق ئېلىمىز ناز بىلەن،
ھۆسنىنىڭ مەيدانىدا يولغا كىرمەس سىرۋى ناز.
ئادەمىيلىكتىن قېچىپ يەتتىم جۇنۇن ئوتىنى ساچىپ،
ئى مالامەت ئەھلى، ئېلىڭ تىلۋىلىردىن ئېھتىراز.
چېھرە ئاچ كۆڭلۈم ئۈچۈن كۆيدۈردى ھىجرانىڭ ئوتى،
ئوت ئەمەس بەلكى مېنى كۆيدۈرى دەھشەتلىك گۇداز.
ئىشقى رىشتىسى تۇتۇپ تارتماقتىدۇر بەرمەي پاناھ،
ئول سەۋەپتىن ئەگمە قەد زاھىر قىلۇر ئەھلى نىياز.

سەرۋىناز ھەمىشە ناز خۇلقى بىلەن بەگكە جىلۋىگەرلىك قىلىپ مۇھەببەت ئېھتىياجىنى قازدۇرۇپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى قاۋۇل بەگ ھەرەمگە كىرسە، سەرۋىناز جىلۋىگەرلىك بىلەن ناز كۆرپىسىدە ئولتۇرۇپ ئورنىدىنمۇ تۇرماپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قوياشتەك كۆڭلىگە چاڭ قونۇپ دەپتۇ:

—ئەي خوتۇن، سېنىڭ بۇنچە تەكەببۇرلۇق قىلغۇدەك نېمەڭ بار، ئەگەر دەلىل كۆرسىتىپ جاۋاب بەرسەڭ غەزىپىمدىن قۇتۇلىسەن، بولمىسا تىرەڭنى تەتۈر سويىمەن.

سەرۋىناز قارىسا، بەگ ناھايىتى غەزەپ بىلەن تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەيرەڭۋازلىق قىلىپ دەپتۇكى:

— ئەي ئادىل بېگىم، بۇ ھەقتە ئىككى دەلىلىم بار، ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىلە ئېيتىمەن.

— قېنى ئېيت.

— بىرى، ھۆسن - جامالىم؛ يەنە بىرى، پەم ۋە پاراستىم. ئاۋۋال سىلى مەندىن ياخشىراق بىر پەرىنى تېپىپ، ئاندىن مېنى ئەيىبلىسىلە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سەرۋىنازنىڭ بۇ سۆزى بەگكە ماقۇل كەپتۇ. بەگ ئاچچىقىدىن يېنىپ ھەرەمدىن چىقىپ بارگاھغا كېلىپ قول ئاستىدىكى ھىلەك ھەييار ئىسىملىك بىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئالەمنى ئاختۇرۇپ بولسىمۇ ھۆسن - جامال ۋە پەم - پاراسەتتە سەرۋىنازنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر پەرىنى تېپىشنى ئېيتىپتۇ.

ھىلەك ھەييار بەگنىڭ ھۆكمى بىلەن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، قەلەندەردەك كىيىنىپ چۆل - جەزىرىلەردە يۈرۈپ، نۇرغۇن ۋىلايەتلەرگە بېرىپ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ مەقسەتكە يېتەلمەپتۇ. ئاخىرى ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، مىرزىبانىنىڭ شەھىرىگە يېتىپتۇ. ئۇ كۈنى لالەرەخ مەپىگە ئولتۇرۇپ سەھراغا چىققانىكەن، مەپە دەل ھىلەك ھەييارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە شامال چىقىپ پەردە قايرىلىپتۇ، ۋەزىرنىڭ كۆزى لالەرەخكە چۈشۈپتۇ - دە، ھوشىنى يوقىتىپتۇ، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، مەلىكە كۆزدىن غايىب بولغانىكەن. ئۇ باشقىلاردىن مەپىدىكى كىشىنىڭ كىملىكىنى سوراپ بىلىۋاپتۇ. ھىلەك ھەييار ناھايىتى خۇشال قايتىپ كېلىپ، قاۋۇل بەگكە لالەرەخنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قاۋۇل بەگ خۇشال بولۇپ، ھىلەك ھەييارنى مىرزىبانىنىڭ شەھىرىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ لالەرەخنى تەلەپ قىپتۇ. ھىلەك ھەييار مىرزىبانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەدىيەلەرنى تاپشۇرۇپ، قاۋۇل بەگنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپتۇ. مىرزىبان رەت قىلىپ ئەلچىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ھىلەك ھەييار بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ. بەگ مىرزىبانىنىڭ ئىتائەتسىزلىك قىلىپ باش تارتقانلىقىدىن ئاچچىقلىنىپ، ھەددى ھېسابسىز لەشكەر توپلاپ مىرزىبانىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىپتۇ. مىرزىبان بەگ قاۋۇل بەگنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قەلئەسىدە مۇداپىيە قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قاۋۇل بەگ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كېلىپ قەلئەنىڭ ئەتراپىنى مۇھاسىرىگە ئاپتۇ. بىر نەچچە ۋاقىت مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ. قاۋۇل بەگ ھىلەك ھەييارنى مىرزىبانغا نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. ھىلەك ھەييار مىرزىبانىنىڭ بېغىغا كىرىپ كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا لالەرەخ قەسىردىن بېشىنى چىقىرىپ باغ تەرەپكە شۇنداق قارىغانىكەن، ئەكسى كۆلدىكى سۇ يۈزىگە چۈشۈپتۇ. كۆل بويىدا ئولتۇرغان ھىلەك ھەييار لالەرەخنىڭ سۇد-

كى ئەكسىنى كۆرۈپ، دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ سۈرىتىنى سىزىپ قوينىغا ساپتۇ. ئاندىن ئۇ مىرزىبانغا بېگىمنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ سۈلھى تەلەپ قىپتۇ. مىرزىبان غەزەپلىنىپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ھىلەك ھەييار بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ مىرزىباندىن ئاڭلىغانلىرىنى مەلۇم قىپتۇ ۋە لالەرەخنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ بېگىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. قاۋۇل بەگ سۈرەتنى كۆرگەن ھامان يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپتۇ ھەمدە ھىلەك ھەييارنى ئەلچى، ئۆزىنى ئەلچىنىڭ مۇلازىمى قىلىپ لالەرەخنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئىستىكىدە مىرزىباننىڭ بارگاھىغا بېرىپتۇ. ئۇلار باغقا كىرىپ كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما بۇ كۈنى لالەرەخ قەسىردىن باغ تەرەپكە قارىماپتۇ. قاۋۇل بەگ سۇغا قاراپ ئولتۇرسا، بېلىقلار بەگكە يېقىن كېلىپ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ھەر تەرەپكە ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. قاۋۇل بەگ بېلىقنىڭ تاماشاسىغا بېرىلىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، تاماشا ئۈچۈن قولىدىكى تەسبىھنىڭ يىپىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈلگەن مەرۋايىتلارنى بىر - بىرلەپ بېلىقلارغا تاشلاپ بېرىشكە باشلاپتۇ. قاۋۇل بەگ بۇ تاماشادىن خۇشال بولۇپ، زېمىن ھادىسلىرىنىڭ ھەر مىنۇتتا ھەر خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپتۇ. ئۇ تاماشانى دوست تۇتۇپ بېلىقنىڭ ئويۇنلىرىغا بېرىلىپ ئولتۇرغاندا، بىر كېنىزەك قەسىرنىڭ ئۈستىدە بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، تۇيدۇرماي پەسكە چۈشۈپ ئاستا قەدەم بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھەر دانىسى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجى بىلەن تەڭ قىممەتتىكى مەرۋايىتلارنى سۇغا تاشلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىملىكى كۆڭلىگە ئايان بوپتۇ. قاۋۇل بەگ بولسا كېنىزەكنىڭ كەلگەنلىكىنى زادىلا سەزمەپتۇ. بىردەمدىن كېيىن تەسبىھكە ئۆتكۈزۈلگەن مەرۋايىتلار تۈگەپتۇ. كېنىزەك بەگنى گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ دەرھال بويىندىكى مارجاننى ئېلىپ يىپىنى ئۈزۈپ، ئۈنچىلەرنى بىر - بىرلەپ بەگنىڭ قولىغا بېرىپتۇ، بەگ تاماشاغا بېرىلىپ كەتكەچكە، كېنىزەككە قاراپمۇ قويماي ئۈنچىلەرنى ئېلىپ بىر - بىرلەپ كۆلگە تاشلاپ تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بۇ ئۈنچىلەرمۇ تۈگەپتۇ. بەگ قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن قولىنى ئۇزارتىپ ئۈنچە تەلەپ قىپتۇ. كېنىزەك ئۇنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭنىڭ كەم ئەقىل ۋە نادانلىقىڭدىن بېلىقنىڭ تاماشاسىغا بېرىلىپ بالا دامىغا گىرىپتار بولدۇڭ، سېنىڭ خەۋپىڭدىن ۋىلايەت خاراب بولغىلىۋاتىدۇ، پادىشاھنىڭ نومۇس قەلئەسىگە دەز چىقىرىپ ئېلىپ قاچماقچى بولغان بەخت گۆھىرى بولسا ئېپپەت سەدىپىدە پەرۋىش تاپقاندۇر، ئەي بەگ، ئەقىلسىزلىقتىن تەدبىردە خاتالىشىپ مەشۇقنى ئۇۋلىماي بالا زەنجىرىگە گىرىپتار بولدۇڭ.

بەگ ھوشىنى يىغىپ، ھەۋەسنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ، ئۆزىنى خەتەردىن خالاس قىلماقچى بوپتۇ - يۇ، ئەمما ئەجەلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى بىلمەپتۇ ۋە ئاخىرى دەپتۇ:

— ئەي پەرى، ئۇبدان قارىغىن، مەن كەمبەغەلنىڭ نەرىمۇ بەگكە ئوخشىسۇن؟ بەگكە بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنى بالا دامىغا گىرىپتار قىلىشنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى بار، بۇنداق قىلىش ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس، مەن ئەلچىنىڭ خىزمەتكارى. كېنىزەك دەپتۇ:

— ئەي بەگ، چاقچاق سۆزلىرىڭنى قوي، ئوتنى خەسنىڭ ئىچىدە ساقلىغىلى بولماس.

قاۋۇل بەگ سىر پەردىسىنىڭ پارە بولۇپ، ئۆزىنى كېنىزەكنىڭ تونۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشمەي قازاغا رازى بولۇپ تۇرۇپتۇ. كېنىزەك دەپتۇ:

-ئەي ئالىيجاناب بەگ، سەن مەملىكىتىمىزنىڭ دۈشمىنىدۇرسەن، سەندەك دۈشمەن قولغا چۈشكەندە قويۇپ بېرىش ئەقىلدىن يىراق ئىدى، لېكىن سەن تامام بەگلەرنىڭ يولباشچىسىسەن، بۇ ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن ساڭا جەۋر - زۇلۇم قىلىپ قېينىغىنى

تۆكۈشنى خالىمايمەن. ئەگەر سەن بارگاھىڭغا بارغان ھامان لەشكەرلىرىڭنى قەلئەنىڭ ئەتراپىدىن قايتۇرۇشقا، لالەرەخكە بولغان مۇھەببىتىڭنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ ۋەتىنىڭگە قايتىشقا ماقۇل بولساڭ، سېنى كىشىلەر بىلىپ بولغۇچە، ئازات قىلىپ قويىۋېتىمەن، قايتا بۇ تەرەپكە كەلمەيسەن.

قاۋۇل بەگ كېنىزەكتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھاياتلىق ئۈمىدى تۇغۇلۇپ كېنىزەكنىڭ سۆزىگە جان دىلى بىلەن رازى بولۇپ، كېنىزەكنىڭ قولىدىن خالاس بوپتۇ. ئۇ بارگاھىغا قايتىپ بېرىپ قۇتۇلۇپ قالغىنىغا شۈكر قىلىپ سەجدىگە باش قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ قاۋۇل بەگ بارگاھىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز ۋىلايىتىگە قايتىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن نەچچە ۋاقىتلار ئۆتۈپ، بىر كۈنى مىرزىبان كېنىزەكلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى تەرىپلەپ بەگنى قايتۇرغانلىقتىكى ئۆزىنىڭ باھادىرلىقىدىن كۆپ لاپ ئۇرۇپتۇ. بىر كېنىزەك بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەردار ئىكەن. ئۇ مىرزىباننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋېتىپتۇ. مىرزىبان كېنىزەكنىڭ كۈلگىنىدىن خەۋەر تېپىپ خىجالەت بولۇپ سوراپتۇ، لېكىن كېنىزەك ئېيتماپتۇ. ئەمما قىستاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، كېنىزەك ئىلاجسىز بولغان ۋەقەنى تولۇق بايان قىپتۇ. مىرزىبان دەرغەزەپ بولۇپ كېنىزەكنى زىندانغا تاشلاپتۇ. كېنىزەك نەچچە كۈن زىنداندا يېتىپ كۆپ قىيىنىلىپتۇ. ئاخىرى بىرنەچچە ھەمشىرىلەر ئارىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ زىنداندىن ئېلىپ چىقىپتۇ. كېنىزەك كۆرۈنۈشتە كىشىلەرگە «گۇناھ ئۆزۈمدىن ئۆتتى» دېسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى كېنىزەك مۇۋاپىق بىر كىشىنى تېپىپ قاۋۇل بەگنىڭ قېشىغا ماڭدۇرۇپ: «ئەگەر پادىشاھنىڭ لالەرەخكە كۆڭلى بولسا، يەنە بىر قېتىم لەشكەر تارتىپ كەلسۇن، مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ» دەپ گەپ ماڭدۇرۇپتۇ. بەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشال بوپتۇ ۋە دەرھال لەشكەر توپلاپ مىرزىباننىڭ شەھىرىگە كېلىپ شەھەرنى قورشاپتۇ. نەچچە كۈن مۇشۇنداق ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى كېنىزەك پۇرسەت تېپىپ قەلئەدىن چىقىپ، قاۋۇل بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مىرزىباننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىپ دەپتۇ:

— ئەي بەگ، ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە لالەرەخ بىر كېنىزەك بىلەن دەريا بويىغا كېلىپ سۇغا چۆمۈلۈپ كېتىدۇ، بۇ ۋەقەدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق. بىر نەچچە كىشىگە ئەمر قىلىڭ، ئۇلار ئاخشىمى كېمە بىلەن دەريانىڭ بويىغا بېرىپ بىر يەرگە يوشۇرۇنسۇن، لالەرەخ كېلىپ سۇغا چۈشكىلى تۇرغاندا كېلىپ تۇتسۇن، بۇنىڭ بىلەن ئاسانلا مەقسەت گۆھىرىنى قولغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. بەگ كېنىزەكنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇشال بولۇپ بىر توپ سۇ ئۈزۈشكە ماھىرلارنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار كېچىدە كېمىگە ئولتۇرۇپ مىرزىباننىڭ قورغىنىنىڭ ئاستىغا كېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. لالەرەخ ئادىتى بويىچە شەھەردىن چىقىپ دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ ھەمدە سۇغا چۆمۈلۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، يوشۇنۇرۇپ تۇرغان قاۋۇل بەگنىڭ ئادەملىرى كېلىپ، لالەرەخنى كۆتۈرۈپ كېمىگە ساپتۇ. شەھەر خەلقى بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بوپتۇ. بىر نەچچە باھادىر يىگىتلەر لالەرەخنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپتۇ، لالەرەخنى تۇتقانلار ئۇرۇشماستىن كېمىنى سۈرۈپ لالەرەخنى ساق - سالامەت قاۋۇل بەگكە تاپشۇرۇپتۇ. قاۋۇل بەگ مەقسەت گۆھىرىنى قولىغا كىرگۈزۈپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپتۇ ھەمدە قايتىپ كەلگەن ھامان لالەرەخنى ھەرەمگە كىرگۈزۈپ تامام خوتۇنلارغا باش قىپتۇ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈرۈپ سەرۋىنازنى ئىززەت تەختىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا خىزمەتكارلار قاتارىدىن ئورۇن بېرىپتۇ. لالەرەخ بۇ ۋەقەدىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ كېچە - كۈندۈز بىچارە جامىنىڭ غېمىنى يەپ ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماپتۇ. قاۋۇل بەگمۇ لالەرەخنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشقا

ئانچە بەك ئالدىرىماي، «ھازىر مۇساپىر ۋە غېرىب، كۆڭلى جايىدا ئەمەس، ئاستا - ئاستا كۆڭۈل قۇشىنى ئوۋلىغاندىن كېيىن، ئاندىن نىكاھىمغا ئالاي» دەپ سەۋر قىپتۇ.

جامغا كەلسەك، ئۇ مەشۇقىنىڭ قاۋۇل بەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەسرەت چېكىپتۇ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، بېشىغا توپا چېچىپ، دۆلەت ۋە ئىززەتتىن كېچىپ قەلەندەرچە لىباس كىيىپ، قاۋۇل بەگنىڭ ۋىلايىتىگە بېرىپ بىر جاڭگالنى ماكان تۇتۇپ توپىلارغا مىلىنىپ مەشۇقىنىڭ غېمىنى ئۆزىگە مۇڭداش ھەم يولداش قىلىپ، گاھى شەۋقىدىن نالە قىلىپ، گاھى ئىشق جۇدالىقىدىن مەجنۇندەك ئاشىقانە غەزەللەر ئوقۇپتۇ. جام ناھايىتى ئۇستا نەغمىكەش ئىكەن. ئۇنىڭ نەغمىلىرىگە باياۋانلاردىكى ۋەھشىي ھايۋانلار رام بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپتۇ. جاممۇ دىلنى ئەزگۈدەك خۇش نالىلىرى بىلەن ئۇلارنى مەست قىلىپ دۇمبىلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا چۆل - باياۋاندىكى ياۋايى ھايۋانلار جامغا ئۆگىنىپ قاپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ جام توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ھەر ياقلارغا تارقىلىپتۇ. قاۋۇل بەگكىمۇ «بىر يىگىت باياۋاننى ماكان تۇتۇپ نەغمە مۇڭلىرى بىلەن تامام ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ، ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بويۇنلىرىنى تۇتۇپ بېرىدىكەن» دېگەن خەۋەر يېتىپتۇ. قاۋۇل بەگ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەيران بولۇپ ھەرەمگە كىرىپ، بۇ ئىشنى لالەرەخكە ئېيتىپتۇ. لالەرەخ شۇ ھامان ئۇ كىشىنىڭ جام ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەپتۇ:

— بېگىم، بۇ كەمگىچە ھېچكىشى بۇنداق ۋەقەنى ئاڭلىمىغانىدى، بىزمۇ بىللە بېرىپ باياۋاندىكى بۇ ياۋايى ھايۋانلارنى تاماشا قىلساق قانداق؟

قاۋۇل بەگ كۆڭلىدە «لالەرەخمۇ مۇشۇ باھانە بىلەن ئېھتىمال پەرىشانلىقى يوقاپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالار» دەپ ئويلاپ لالەرەخنى ئېلىپ، بىر قانچە مۇلازىملارنى ئەگەشتۈرۈپ چۆل - باياۋانغا چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار جام بار جايغا كېلىپ قارىسا، تامام ۋەھشىي ھايۋانلار جامنىڭ ئەتراپىدا ھالقا بولۇپ قورشاپ ياتقانىكەن. جام ھايۋانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەجنۇندەك ئولتۇرۇپ نەغمە قىلىۋاتقانىكەن. لالەرەخ جامنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ دىلىدا غەم دەرياسى ئۆركەشلەپتۇ ھەمدە ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلاپتۇ. قاۋۇل بەگ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، جامنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى سوراپتۇ. جام تاقەتسىزلىنىپ ئاخىرى راست سۆزلەشتىن باشقا چارە تاپالماي، ئەھۋالىنى باشتىن ئاياق بايان قىپتۇ. قاۋۇل بەگ ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپتۇ ھەمدە ئۇنى شەھەرگە كەلتۈرۈپتۇ، ساخاۋەت قولىنى ئېچىپ جامغا كۆپ نەرسىلەر ئىنئام قىلىپ لالەرەخنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئىككى ئاشىق بىر بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپتۇ ھەمدە قاۋۇل بەگ بەرگەن سوۋغاتلارنى ئېلىپ يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

(بۇ چۆچەك موللا ئىبراھىم تەرىپىدىن 1920 - يىلى ئاۋاتتا كۆچۈرۈلگەن «ئىلمى تەربىيە» ناملىق قوليازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى)




تۇرسۇن ئوسمان يازغان



تومās كىنكەيد سىزغان

ھاياتلىق كۆۋرۈكى


بۇلاق (布拉克) 源泉

（维 吾 尔 文） 总154 期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 154- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：艾力·托合提 副主编：穆合塔尔·马木提

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:8.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108_58 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043